# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

ئىككىنچى كىتاب

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى) ئىككىنچى كىتاب (1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14233-0

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

ئىككىنچى كىتاب

(1)

تۈزگۈچىلەر: ليۇ زوچاڭ، گۇاڭ رېنخۇڭ
خەن چېڭۋېن، ئەي جۇچاڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئازات ئالماس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界通史（近代卷，下）：维吾尔文/ 刘祚昌等编著；阿扎提·阿里玛斯，吐尔逊·玉素甫译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4

ISBN 978-7-228-14233-0

Ⅰ.①世… Ⅱ.①刘… ②阿… ③吐… Ⅲ.①世界史：近代史—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①K10

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056217号

责任编辑　艾尔肯·希力甫
特约校对　阿不力孜·阿巴斯
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米　32开本
印　　张　30.5
版　　次　2011年10月第1版
印　　次　2011年10月第1次印刷
印　　数　1—3000
定　　价　75.00 元

# مۇندەرىجە


**ئون ئىككىنچى باب ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش** ........................ 1

1 - بۆلۈم ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى .............. 1

2 - بۆلۈم ئىچكى ئۇرۇش ۋە قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنىشى ... 23

**ئون ئۈچىنچى باب ياپونىيەنىڭ مېيجى يىللىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى** ........................ 48

1 - بۆلۈم توكۇگاۋا بارگاھى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياپونىيە ........................ 48

2 - بۆلۈم 1868 - يىلىدىكى ئىنقىلاب ........................ 67

3 - بۆلۈم مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەدبىرلىرى ........................ 93

4 - بۆلۈم مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتى ... 104

**ئون تۆتىنچى باب 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئاسىيا** ........................ 127

1 - بۆلۈم ھىندونېزىيەنىڭ گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيەگە قارشى كۈرەشلىرى ........................ 128

2 - بۆلۈم ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشلىرى ........................ 156

3 - بۆلۈم مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىران خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ......... 194

4 - بۆلۈم ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز

تۇتۇشى ۋە ئىسلاھاتى ........................................ 211

ئون بەشىنچى باب 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئافرىقا ........................ 233
1 ـ بۆلۈم قارا تەنلىكلەرنى سېتىش ........................ 234
2 ـ بۆلۈم مىسىر خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى ۋە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى ............ 256
3 ـ بۆلۈم ئالجىرىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرەشلىرى ........................................... 275
4 ـ بۆلۈم جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ گوللاندىيە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشى .... 287
5 ـ بۆلۈم ئېفىيوپىيە ۋە ماداغاسقاردىكى ئىسلاھات ... 303

ئون ئالتىنچى باب بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال ........................ 316
1 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشى ... 316
2 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (1864 ~ 1868) ........................... 326
3 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (1868 ~ 1876 ـ يىللىرى) .............. 343

ئون يەتتىنچى باب فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسى ۋە پارىژ كوممۇناسى ........................................................ 354
1 ـ بۆلۈم فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى ................................ 354
2 ـ بۆلۈم پارىژ كوممۇناسى ــ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پىرولېتارىيات ھاكىمىيىتى ........................ 377

ئون سەككىزىنچى باب 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ........................... 447
1 ـ بۆلۈم كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ شىددەت بىلەن

تەرەققىي قىلىشى ۋە مونوپولىنىڭ شەكىللىنىشى .... 447
2 ـ بۆلۈم گېرمانىيە .................................. 479
3 ـ بۆلۈم فىرانسىيە .................................. 509
4 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە .................................. 525
5 ـ بۆلۈم ئامېرىكا .................................. 539
6 ـ بۆلۈم رۇسىيە .................................. 584
7 ـ بۆلۈم ياپونىيە .................................. 613

**ئون توققۇزىنچى باب ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال**
**(1889 ~ 1900 ـ يىللار)** .................................. 641
1 ـ بۆلۈم ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇشى ...641
2 ـ بۆلۈم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىككىنچى
ئىنتېرناتسىونال .................................. 648

**يىگىرمىنچى باب 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئاسىيا** ........... 656
1 ـ بۆلۈم چاۋشيەن خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى
كۈرىشى .................................. 657
2 ـ بۆلۈم فىرانسىيەنىڭ ۋېيتنامدىكى مۇستەملىـ
كىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە ۋېيتنام خەلقىنىڭ
فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى .... 677
3 ـ بۆلۈم 1896 ~ 1902 ـ يىللاردىكى فىلىپپىن
مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، فىلىپپىندا ئامېرىكىنىڭ
مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ........... 693
4 ـ بۆلۈم ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى
ھەرىكەتلىرى .................................. 713
5 ـ بۆلۈم ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيە تاجاـ
ۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى .................. 737
6 ـ بۆلۈم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى
مەزگىللىرىدىكى تۈركىيە .................. 745

يىگىرمە بىرىنچى باب 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئافرىقا ......... 758
1 ـ بۆلۈم كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشى .................................... 758
2 ـ بۆلۈم مىسىر ۋە سۇدان ................................ 783
3 ـ بۆلۈم مەغرىبتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ............. 804
4 ـ بۆلۈم ئېفىيوپىيە ۋە ئافرىقا تۇمشۇقى .............. 817
5 ـ بۆلۈم غەربىي ئافرىقا ..................................... 829
6 ـ بۆلۈم جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ماداغاسقار ................. 848

يىگىرمە ئىككىنچى باب 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى ..................................... 868
1 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشى ............................ 868
2 ـ بۆلۈم بىرازىلىيەدە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ............ 887
3 ـ بۆلۈم كۇبانىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ............ 905
4 ـ بۆلۈم مېكسىكا ........................................ 920

چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ....................................... 935

ئون ئىككىنچى باب

# ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش

## 1 ـ بۆلۈم ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

### 1. ئوخشىمىغان يولنى بويلاپ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا ئىقتىسادى

ئامېرىكا خەلقى 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنى قۇردى. لېكىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. ناپولېيون ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ سودا كېمىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپاغا قاراتقان سودىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ تۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى ئەنگلىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشىدىكى قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيەگە قاراشلىق كانادانى بېسىۋالماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، 1812 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى قوزغالدى. بۇ ئۇرۇش 1814 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەي، ئاخىر سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تارىختا بۇ ئۇرۇش «2 ـ قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ئامېرىكا ھەرخىل

ئۇسۇللار ئارقىلىق زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلدى. 1803 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ قولىدىن لۇئىسىئانانى سېتىۋالدى. 1811 ـ يىلى ئىسپانىيەگە قاراشلىق فىلورىدانىڭ غەربىي قىسمىنى قوراللىق بېسىۋالدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، يەنى 1818 ـ يىلى فىلورىدانىڭ شەرقىي قىسمىنى زورلۇق بىلەن سېتىۋالدى. 1845 ـ يىلى ئامېرىكا تېكساسنى يۇتۇۋالدى (ئەسلىي مېكسىكىنىڭ زېمىنى ئىدى)، كېيىن مېكسىكىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى (1846 ~ 1848) ئارقىلىق مېكسىكىنىڭ بىپايان زېمىنى (بۈگۈنكى ئارىزونا، كالىفورنىيە، نېۋادا، يېڭى مېكسىكا قاتارلىق تۆت ئىشتات ھەمدە كولورادو ۋە ۋىيومىڭ ئىشتاتىنىڭ بىر قىسمى)نى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا يەنە 1846 ـ يىلى ئۇرۇش ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن ئورېگون رايونىنىڭ بىر قىسمىنى تارتىۋالدى. ئاخىر ئامېرىكا 1867 ـ يىلى رۇسىيەدىن ئالياسكىنى سېتىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكيانىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە كېڭەيدى.

زېمىننىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كەڭ كۆلەملىك غەربكە ئاھالە يۆتكەش ھەرىكىتى يۈز بەردى. بۇ ئاھالە يۆتكەش ھەرىكىتى ماھىيەتتە يەرلىك ئاھالە ئىندىيانلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاھالە يۆتكەش ئىدارىسى ئىندىيانلارغا شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈش، قورشاپ يوقىتىش ۋە يەرلىرىنى قوراللىق بېسىۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قالغان ئىندىيانلار غەربنىڭ گىياھ ئۈنمەيدىغان يەرلىرىگە قوغلاندى.

ئامېرىكا كاپىتالىزمى سىرتقا قارىتا ئاچ كۆزلەرچە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلىش ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىندىيانلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن تالان ـ

تاراج، قىرغىن قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا تەرەققىي قىلدى.

ئامېرىكا سانائەت كاپىتالىزمى 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان سانائەت ئورۇنلىرى پاختا توقۇمىچىلىق بولۇپ، 1814 ـ يىلىلا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ماشىنا ـ ئۈسكۈنە بارا ـ بارا باشقا سانائەت ئورۇنلىرىغا كېڭەيدى. 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى كۆن ـ خۇرۇمچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، تۆمۈر تاۋلاش، ئەينەك ۋە ساپال بۇيۇملارنى ياساش ئورۇنلىرىدا ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغان زاۋۇت تۈزۈمى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىنىشى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1840 ـ يىلىدىكى 200 مىڭ توننىدىن 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە 14 مىليون توننىدىن كۆپرەككە يەتتى. چويۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1840 ـ يىلىدىكى 320 مىڭ توننىدىن 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە 920 مىڭ توننىغا يەتتى. تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە 45 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئىش كۈنى 10 ~ 14 سائەتكە يەتتى، ھەتتا بالا ئىشچىلار ھەر كۈنى 10 ~ 13 سائەتكىچە ئىشلىدى. كۆپ ساندىكى كارخانىلار توختام تۈزۈپ

ئىشچىلارنى زاۋۇتنىڭ ياتىقىدا تۇرۇشقا، بارلىق لازىمەتلىكلەرنى زاۋۇتنىڭ ماگىزىنىدىن سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى، نۇرغۇن ئىشچىلار قەرزگە بوغۇلدى. 1833 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، قەرزنى قايتۇرالمىغانلىق سەۋەبى بىلەن ھەر يىلى تۈرمىدە ياتقانلار 75 مىڭغا يەتتى.

شۇڭا، ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى ناھايىتى بۇرۇنلا كاپىتالىستلارغا قارشى كۈرەشنى باشلىدى. 1828 ـ يىلى يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش بۇرژۇئازلارنى ناھايىتى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئىشچىلار تەشكىلاتى كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلدى. 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە «مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىدا ماركسىزمىمۇ ئامېرىكىدا تارقىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ئىشچىلىرى ئارىسىدا ماركسىزمنى ئەڭ بالدۇر گېرمانىيەلىك مۇھاجىر يوسىف ۋېيدېمېيېر تارقاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشچىلار سىنىپىغا ئىشچىلارنىڭ مۇستەقىل سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈرەشلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى خىلمۇخىل ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، خام خىياللارچە ئىدىيەۋى ئېقىم بىلەن كۈرەش قىلدى، ئاخىر نۇرغۇن ئىلغار ئىشچىلار ماركسىزمنى قوبۇل قىلدى.

سانائەت كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، كاپىتالىزمىمۇ يېزا ئىگىلىكىدە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. مۇستەملىكە دەۋرىدىن بۇيان شىمالدا يەككە دېھقان يەر ئىگىلىرى سىنىپى شەكىللىنىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا زېمىنىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي شىمال رايونلاردىمۇ يەككە دېھقانلار سىنىپى بارغانسېرى كۆپلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يەككە دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: يەككە دېھقاننىڭ ئۆز يېرى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىدۇ.

لېكىن، يەككە دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولماستىن، بەلكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەر داۋامىدا، ئاساسلىقى «يەر ئىگىلەش» جەريانىدا شەكىللەندى، «يەر ئىگىلەش» مۇستەملىكە دەۋرىدىن باشلىنىپ، تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشتى. ياۋروپادىن دەريا ـ دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ ئامېرىكىغا كەلگەن ئەمگەكچى خەلق بۇ «يېڭى دۇنيا»دا جان بېقىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ كونترول قىلىش كۈچى يېتىپ بارالمايدىغان چەت ـ ياقا جايلاردا ئۆز ئىختىيارىيچە «يەر ئىگىلەپ» بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى. يەككە دېھقانلار دائىم دېگۈدەك ئۆزلىرىنى قوغلاپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلاتتى. «يەر ئىگىلەش» ئامېرىكا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆلارنى قۇل قىلىشقا ئۇرۇنغان شىمالىي ئامېرىكىدىكى پومېشچىكلار سىنىپىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر شەكلى بولغاچقا، ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ ئاتالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، شىمال ھەمدە غەربىي شىمالدىكى يەككە دېھقانلار ئىگىلىكى ئۆزىنى ئۆزى تولۇق قامدايدىغان ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا ئىدى. لېكىن، بۇنداق ناتۇرال ئىگىلىك 20 ـ يىللارغا كەلگەندە يىمىرىلىشكە باشلاپ، پەيدىنپەي تاۋار، پۇل ئىگىلىكى خاراكتېرىنى ئالدى. ئامېرىكا دېھقانلار ئىگىلىكى ناتۇرال ئىگىلىكتىن تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتتى، بۇ باسقۇچقا ئۆتۈشتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىل مۇھىم رول ئوينىدى: بىرىنچى، شەرقىي شىمالدىكى رايونلار سانائەت ئىنقىلابىغا كىرگەندىن كېيىن، سانائەت رايونى بىلەن شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى تېز كۆپەيدى. ئىككىنچى، قاتناش ـ ترانسپورت ياخشىلاندى، بولۇپمۇ «ئېرى قانىلى»نىڭ ياسىلىشى (1825 ـ يىلى) شەرقىي شىمالدىكى سانائەت رايونى بىلەن غەربىي شىمالدىكى يېزا ئىگىلىك رايونى ئوتتۇرىسىدىكى

ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتتى. ئۈچىنچى، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە، دېھقانلار ئەرزان باھالىق سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدىغان بولدى، ئەمما سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا توغرا كەلدى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى دېھقانلار سىنىپىنىڭ پارچىلىنىشىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەسلىي يەككە دېھقانلار ئارىسىدا مال ـ مۈلۈكلەر جەھەتتە پەرق بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى دېھقانلار يەر ھايانكەشلىك سودىسى قىلىپ بىر قىسىم بايلىق توپلىۋالغانىدى. بۇ باي دېھقانلار كەڭ نامرات دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق يەنىمۇ بېيىپ كەتتى، يەنە كېلىپ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاز ساندىكى باي دېھقانلار توپلىغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ ئىشچىلارنى ياللاپ، ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ، بىرلا سەكرەپ يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستىغا ئايلاندى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن نامرات دېھقانلار باي دېھقانلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ھەمدە چەتكە قېقىشى ئارقىسىدا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئاخىر يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى باسقان يولنى لېنىن «پىرۇسسىيە يولى»دىن پەرقلەندۇرۇپ «ئامېرىكىچە يول» دەپ ئاتىدى.

يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرى باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى

كۆلەملەشكەنىدى. مەسىلەن، «دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى مايكېل ساللىۋان» ئىلىنويىس ئىشتاتىدا 80 مىڭ ئاكىر كېلىدىغان يەرگە ئىگە بولدى، 120 ياللانما ئىشچى ئىشلەتتى، 5000 تۇياق كالا ـ قوي باقتى. كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئادەتتە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ۋە ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىناتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا يېزا ئىگىلىكىدە ئوتلاقتا سۆرەم سېلىش ماشىنىسى، سوقا، سېپىلكا، كومبايىن، ئوت ئورۇش ماشىنىسى ۋە دان ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئىشلىتىلدى. 1885 ـ يىلىغا كەلگەندە پار ساپان سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

كاپىتالىستىك چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، كونا غەربىي قىسىمدىكى چوڭ شەھەر چىكاگو دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندى.

بىراق، سانائەت، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپتىلا چەكلىنىپ قالدى، ئامېرىكا جەنۇبىنىڭ ئىقتىسادى باشقا بىر يولنى بويلاپ تەرەققىي قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇبتروپىك بەلباغ زىرائەت رايونىدا، بولۇپمۇ كېۋەز تېرىلىدىغان رايوندا قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئاساس قىلىنىدىغان ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئېكىنزارلىق قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى ۋە كېڭەيدى، بۇ ئاساسلىقى ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، ئامېرىكىنىڭ

شىمالىدىمۇ شۇنداق بولدى. شۇڭا، بازارنىڭ پاختىغا بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئاشتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىش پايدىلىق ئىش بولۇپ قالدى، شۇڭا پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنى باشقۇرىدىغان جەنۇبتىكى ئېكىنزار قۇلدارلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، شۇنداقلا يېڭى قۇللارنى يەنە سېتىۋېلىپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى.

قۇلدارلار ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى قارا تەنلىك قۇللارنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇردى. ئامېرىكا قۇللۇق تۈزۈمى ئىنتايىن ياۋايى ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى سانائەت كاپىتالىستىك ئىگىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ خام ئەشياسى — پاختىنى جەنۇبتىكى قۇلدارلار تەمىنلەپ بېرەتتى. قۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئافرىقىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قارا تەنلىك قۇللارنى جەنۇبقا سېتىپ بېرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالدىكى چوڭ سودىگەرلەر ئىدى. شۇڭا، قارا تەنلىك قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىدىن ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى بۇرژۇئازىيەمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئېكىنزارلىق قۇللۇق تۈزۈمى ئاستىدا، قۇلدارلار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (ئاساسلىقى يەرلەر)غىلا ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچى قارا تەنلىك قۇللارغىمۇ تولۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. قۇلدارلار قۇللارغا بولغان جىسمانىي جازانى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى ئېلىپ ساتاتتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قەدىمكى يۇنان — رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

لېكىن، قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى كاپىتالىستلار بىر قوللۇق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيا كاپىتالىزم قۇرۇلمىسىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، كاپىتالىستىك سانائەتنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىدى، كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، شۇنداقلا كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇللۇق تۈزۈم قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈمگە قارىغاندا تېخىمۇ شەپقەتسىز ئىدى. ئېكىنزار قۇلدارلىرى پۇل تېپىش ئۈچۈن قۇللار بەدىنىدىكى ھەربىر تامچە قاننى شورىۋالاتتى. قارا تەنلىك قۇللار نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ تاياق - دۇمبالىرى ئاستىدا ئەمگەك قىلاتتى، ھەممە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغانىدى، ھەتتا تويى قىلىپ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى. قۇلدارلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئېغىر ئىشقا سېلىشى بىلەن، قۇللار يەتتە - سەككىز يىل ئىشلەپ، ئاخىر قاتتىق ھارغىنلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كېتەتتى. قۇلدارلار بۇنداق ئەھۋاللارنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى، چۈنكى ئۇلار يېڭى قۇللارنى سېتىۋېلىپ ئەمگەك كۈچىنى تولۇقلايتتى.

قۇلدارلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى ئاستىدا قالغان قارا تەنلىك قۇللار كۆپ قېتىم قوزغىلىپ ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. قۇللار قوزغىلىڭى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن باشتىن - ئاخىر بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئەڭ مەشھۇر قۇللار قوزغىلىڭى 1831 - يىلى ۋىرگىنىيەدە كۆتۈرۈلگەن نات تۇرنېر قوزغىلىڭى ئىدى. لېكىن، قۇلدارلار بۇ قوزغىلاڭنى شەپقەتسىزلەرچە ۋاستە قوللىنىپ باستۇردى، قوزغىلاڭچىلار لەختە - لەختە قان ئىچىدە جان ئۈزدى.

جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمىمۇ شىمالدىكى خەلق ئارىسىدا شىددەتلىك قارشىلىقنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ ۋەھشىيانە

ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. بۇ كۆز قاراش ھەممە تەشەببۇستا چىڭ تۇرغان ۋە بۇ تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغان كىشىلەر قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى دەپ ئاتالدى. ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ ھەرىكەتنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرىدىن لويد گاررىزون، ۋېندېر فىلىپىس ۋە فىرېدېرىك دوگلاس قاتارلىقلار بار ئىدى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىگە شىمالدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، قارا تەنلىكلەر ھەممىدە ئىلغار زىيالىيلار قاتناشتى. ئۇلار ھەممىلا يەردە تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىشنى، قارا تەنلىكلەرنى قۇللۇق تۈزۈم ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى يەنە ئاتالمىش «يەر ئاستى تۆمۈريولى»نى تەشكىللەپ، جەنۇبتىكى قۇللارنىڭ شىمالدىكى «ئەركىن رايون» ۋە كاناداغا قېچىپ كېلىشىگە ياردەم قىلدى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى ئارىسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش داۋامىدا ئېسىل ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى نامايان قىلدى ھەممىدە بۇ ئالىيجاناب ئىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمىدى. قۇلدارلارنىڭ شىمالدىكى گۇماشتىلىرى مىغبىر ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇلارنى قاتتىق ئۇردى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ھەممىدە رەزىللىك بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. ئەمما، بۇنداق تۇشمۇ تۇشتىن زەربە بېرىشلەر قەھرىمانلىق خىسلەتكە ئىگە قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلغۇچىلارنى قورقۇتالمىدى، ئۇلار قىلچە تىز پۈكمەستىن بۇ ھەرىكەتنى

ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى.

قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى شىمالدىكى خەلقنىڭ جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەنۇب ـ شىمال كۈرىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، لېكىن جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پەقەت 40 ـ يىللاردىن كېيىن غەربىي قىسىمدىكى يەرلەرنى تالىشىش مەسىلىسىدە مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆتكۈرلەشتى.

## 2. غەربىي قىسىمدىكى يەر مەسىلىسى ۋە جەنۇب ـ شىمال كۈرىشىنىڭ كەسكىنلىششى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ئامېرىكا زېمىنىنىڭ غەربكە كېڭىيىشى جەريانىدا غەربىي قىسىمدا كەينى ـ كەينىدىن يېڭى ئىشتاتلار قۇرۇلدى. لېكىن، ھەر قېتىم يېڭى ئىشتات قۇرۇلغاندا، مەركىزى ئىشتاتتا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش ياكى ئۇنى چەكلەش كۈرەشلىرى يۈز بېرىپ تۇردى. شىمالىي قىسىمدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە دېھقانلار يېڭى ئىشتاتتا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇڭا يېڭى ئىشتاتنى ئەركىن ئىشتات قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلدى. جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇلدارلار قۇللۇق تۈزۈمنى غەربىي قىسىمغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى، شۇڭا يېڭى ئىشتاتنى قۇللار ئىشتاتى قىلىپ بېكىتىشنى، يەنى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلغان ئىشتات دەپ بېكىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. قۇلدارلارنىڭ بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالدى بىلەن بۇ تەشەببۇسنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەمەسىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايتتى. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ۋەكىلى ھەرقايسى ئىشتاتلار نوپۇسىنىڭ نىسبىتى بويىچە تاللىناتتى، غەرب ۋە غەربىي شىمالدىكى نوپۇس كۆنسايىن

كۆپەيگەچكە، جەنۇبتىكى قۇلدارلار ئاۋام پالاتاسىنى كونترول قىلىشنى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېس قىلدى. ئۇلار قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشما ئىشتاتلار كېڭەش پالاتاسىغا ئۈمىد باغلىدى، چۈنكى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋەكىللىرى نوپۇسنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەرقايسى ئىشتاتلار بىردەك ئىككى ئادەمنى تاللاپ چىقاتتى، قۇللار ئىشتاتى كۆپەيسىلا قۇلدارلارنىڭ كېڭەش پالاتاسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن قۇلدارلارنىڭ قۇللار ئىشتاتىنى كۆپەيتىش تەلىپىمۇ ئېكىنزارلىق قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. بۇ خىل ئىگىلىكنى تۇپراقنىڭ تېز خوراپ كېتىشى بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايتتى. قۇلدارلار پاختا سودىسى قىلغاندا، كاپىتال ئاساسلىقى قۇللار ۋە يەر سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنغانلىقتىن، ئوغۇت ئىشلىتىشكە مادارى يەتمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن يوغان بىر پارچە ئېكىنزارلىق بىرنەچچە يىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن يەرنىڭ مۇنبەتلىكى تۆگەپ، قايتا ئىشلىتىشكە بولمايتتى. قۇلدارلار پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقىدىن يېڭى يەرلەرنى تېپىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا قۇللۇق تۈزۈم رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشى جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى قائىدە بولۇپ قالدى. ئەگەر قۇللۇق تۈزۈم رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشى چەكلەنگەن بولسا، قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى بارا - بارا يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى.

يەنە بىر جەھەتتىن شىمال تەرەپتىكى دېھقانلارنىڭ ئەركىن ئىشتاتلارنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىشىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى غەربىي قىسىمدىكى يەرلەرنىڭ دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى كېمەيتىۋېتىش سىياسىتىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن شىمال تەرەپتىكى دېھقانلار نارازى بولدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي قىسىمغا كەتكەن ھەربىر ئاھالىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قىسقىسى، ئۇلار «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئەمما، شىمال تەرەپتىكى دېھقانلار «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»غا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت كۈرەش داۋامىدا پەقەت «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»غا ئىگە بولۇشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ غەربىي قىسىمغا كېڭىيىپ كېتىشىگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلغان جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىچىك پارچە يەرلىرى كاپالەتكە ئىگە بولمايتتى، كۆچلۈك ئېكىنزارلىق قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى يەككە دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكىنى ھامىنى بىر كۈنى يۇتۇۋالاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېھقانلارنىڭ غەربىي قىسىمدا يېڭى ئەركىن ئىشتاتلارنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»غا ئىگە بولۇش كۈرىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيە غەربىي قىسىمنى سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئارقا سېپى ــ شىمال تەرەپنى خام ئەشيا، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ھەمدە شىمال تەرەپنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىش بازىسى قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دېھقانلار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلسىلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. مانا بۇ شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ غەربىي قىسىمغا كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ھەمدە ئەركىن ئىشتات قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

لېكىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە غەربىي

قىسمىدىكى يەرلەرنى تالىشىش كۈرىشىدە شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيە دەسلەپ ھەممىشە دېگۈدەك جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلارغا يول قويۇپ مۇرەسسە قىلىپ كەلدى، بۇ ئەھۋال 1820 ـ يىلىدىكى مىسسۇرى مۇرەسسەچىلىك لايىھەسىدە خېلى روشەن ئىپادىلەندى. 1819 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئەركىن ئىشتات بىلەن قۇللار ئىشتاتى سان جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى، شۇڭا جەنۇبتىكى ئىككى تەرەپنىڭ كېڭەش پالاتاسىدىكى كۈچى تەڭپۇڭ ئىدى. 1819 ـ يىلى مىسسۇرى يېڭى ئىشتات بولۇش ئالدىدا، مەزكۇر ئىشتاتتا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى ئاۋام پالاتاسىدىكى ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلار مىسسۇرىنى قۇللار ئىشتاتى قىلىپ بېكىتىشنى ئەسەبىيلەرچە تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئايىغى چىقماس تالاش ـ تارتىشلىرى ئۇدا بىرنەچچە ئاي داۋاملاشتى. 1820 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىرنەچچە كۈنلۈك كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەردىن كېيىن پارلامېنت شىمال تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىگە ئاخىر يول قويۇپ، بىر مۇرەسسەچىلىك لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ئۇنىڭدا مىسسۇرىنى قۇللار ئىشتاتى قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماسساچۇستېس ئىشتاتىدىن يېڭى بىر ئىشتاتنى، يەنى مائىن ئىشتاتىنى بۆلۈپ چىقىپ ئەركىن ئىشتات قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مۇرەسسەچىلىك لايىھەسى تېخى ئىشتات قۇرۇلمىغان غەربىي قىسىمنىڭ كەڭ زېمىنىدا قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئەركىن تۈزۈمنىڭ چېگرا سىزىقىنى — شىمالي كەڭلىك 36 گىرادۇس 30 مىنۇتنىڭ جەنۇبىنى قۇللۇق تۈزۈمدىكى رايون، شىمالىنى ئەركىن تۈزۈمدىكى رايون قىلىپ ئايرىدى.

لېكىن، جەنۇب تەرەپتىكى «ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان» قۇلدارلار شىمال تەرەپنىڭ يول قويغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمنى غەربىي قىسىمنىڭ پۈتكۈل

جايلىرىغىچە كېڭەيتىشكە تەلۈپلەرچە ئۆزۈندى. 1854 ـ يىلى كانساس بىلەن نېبراسكادا ئىشتات قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، پارلامېنت قۇلدارلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا «كانساس ـ نېبراسكا قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، يېڭى ئىشتاتتىكى قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىنى شۇ ئىشتاتنىڭ ئاھالىلىرى ئۆزى بەلگىلەشنى بېكىتتى، بۇ «مىسسۇرى مۇرەسسەچىلىك لايىھەسى»دە بەلگىلەنگەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھەمدە پۈتكۈل غەربىي قىسىمنى قۇللۇق تۈزۈمگە تاشلاپ بەرگەنلىكى بىلەن باراۋەر ئىش ئىدى. شۇڭا، قانۇن لايىھەسى ماقۇللىنىشى بىلەنلا قۇلدارلار كانساسقا قوراللىق بېسىپ كىردى. شۇ چاغدا شىمال تەرەپتىن مىگرىلىغان ـ ئون مىڭلىغان دېھقانلار يېتىپ كەلدى ۋە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ قۇلدارلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا جاۋاب قايتۇردى. نەتىجىدە كانساستا قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، تارىختا «كانساستىكى ئىچكى ئۇرۇش» دەپ ئاتالدى. بۇنى ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

كانساستىكى ئىچكى ئۇرۇشتا شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ نامايان قىلغان قەيسەرلىك، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش روھىدىن جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلار «كانساس ـ نېبراسكا قانۇن لايىھەسى» ئىشەنچلىك ئەمەس ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى، ئاخىر ئۇلار 1857 ـ يىلى قوشما ئىشتاتلار ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن قۇللۇق تۈزۈمنى كېڭەيتىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. شۇ يىلى ئالىي سوت مەھكىمىسى «تىرېدسكوت ھۆكۈم چىقىرىش لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، بۇنىڭدىن كېيىن قۇللارنىڭ مەيلى قەيەرگە ئېلىپ بېرىلسا، ھەممىسى «خوجايىن»نىڭ مال ـ مۈلكى بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ، قۇللۇق تۈزۈم مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە قانۇنلۇق دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ ھۆكۈم چىقىرىش لايىھەسى شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ قارشىلىقى ۋە

غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ، شىمال تەرەپتە قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈلدى، بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش داۋامىدا دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان جون بىرروۋن ئىسىملىك بىر قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

1859 ـ يىلى يازدا جون بىرروۋن كىچىك بىر قوراللىق ئەترەتنى باشلاپ ۋىرگىنىيە ئىشتاتىغا كەلدى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پائال تەييارلىق قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچتە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. جون بىرروۋننىڭ قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، خارپو كېچىكىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئارقىدىنلا شۇ جاينىڭ قوشما ئىشتاتلار ھەربىي قورال ـ ياراغ ئامبىرىنى ئىگىلىدى.

قوزغىلاڭ خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا تارقالدى، يەرلىك ھۆكۈمەت دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قورۇقچىلىرىمۇ قىلغۇچى ئەترىتىمۇ يېتىپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن بازىنى قولىدىن بەرمەي، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى كەينى ـ كەينىدىن چېكىندۈردى. ئەمما، دۈشمەن سان جەھەتتىن كۆپ بولغاچقا، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ جون بىرروۋن قاتارلىقلار دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 1859 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جون بىرروۋن قاتارلىقلار دار ئالدىغا بېشىنى تىك تۇتقانچە كېلىپ مەردلەرچە قۇربان بولدى. جون بىرروۋن قۇربان بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەتنامىسىگە: «مەن، جون بىرروۋن، بۇ جىنايەتكار دۆلەت زېمىنىدىكى جىنايەتلەرنى قان تۆكۈش ئارقىلىقلا يۇيۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنىدىم، كۆپ قان تۆكمەيمۇ بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئەپسۇس،

هازىر قىلغان ئەجىرىمنىڭ بىكار كەتكەنلىكىنى بىلدىم» دەپ يازغانىدى.

ئەمما، جون بىرووۋن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە زەربە بېرىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى كۈچلۈك پارتىيە ــ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئەتراپىغا ئۇيۇشتى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى كانساستىكى ئىچكى ئۇرۇشتا قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى يۇقىرى دولقۇن داۋامىدا شەكىللەنگەنىدى. جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلارنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا شىمال تەرەپتىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئىلگىرىكى مۇرەسسە قىلىپ يول قويۇش پوزىتسىيەسىدىن ۋاز كېچىپ، قۇلدارلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇرژۇئازىيە قۇلدارلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. مانا بۇ 1854 ـ يىلدىن 1856 ـ يىلغىچە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى شىمال تەرەپتىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىگە رەھبەرلىك قىلدى، دېھقانلار، ئىشچىلار ۋە ئەركىن قارا تەنلىكلەر قۇلدارلارغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىللاتىغا ئاكتىپ قاتناشتى. ئامېرىكا ماركسىزمچىلىرىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى قوللىدى ھەمدە ئىشچىلارنى جۇمھۇرىيەتچىلەر بايرىقى ئاستىغا توپلىنىپ، قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش يولىدا كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا چاقىردى.

لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى دەسلەپتىلا ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى: مۆتىدىللەر چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ تۇراقسىزلىقىنى ئىپادىلەپ، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، قۇللۇق تۈزۈمنى ئەسلىدىكى قۇللار ئىشتاتى

دائىرىسىدىلا چەكلەشنى، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. رادىكاللار شىمال تەرەپتىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئىچىدىكى ئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى بىر قەدەر قەتئىي بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى شەرتسىز بىكار قىلىپ، خەلققە پايدىلىق «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ دېھقانلارنىڭ يەر تەلىپىنى قاندۇرغاندىلا، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە قارىمۇقارشى تۇرىدىغىنى دېموكراتلار پارتىيەسى ئىدى. دېموكراتلار پارتىيەسى جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلار بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالاقىسى بولغان شىمال تەرەپتىكى بىر قىسىم زىيالىيلار (مەسىلەن، قۇلدارلارغا قەرز بېرىپ تۇرغان نيۇيوركنىڭ چوڭ بانكىرى، جەنۇبنىڭ پاختىسىنى شىمالغا توشۇش ۋە سېتىش يوللىرىنى ئاچقان چوڭ سودىگەر، كېمە خوجايىنى قاتارلىقلار)مۇ دېموكراتلار پارتىيەسىگە قاتناشتى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1856 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشتى. سايلام نەتىجىسىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى مەغلۇپ بولسىمۇ، لېكىن 1860 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ سايلامغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قاتناشماقچى بولدى.

1860 ـ يىلى چوڭ سايلام ھارپىسىدا مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1857 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس كۆپ ساندىكى ئىشچىلارنى ئىشسىزلىق گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ئاچارچىلىق دەستىدە قالغان نۇرغۇن كىشىلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە يەرلىرىدە سەرسان بولۇپ،

غەربىي قىسىمدا كىچىك بىر پارچە يەرگە ئىگە بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى. شىمال تەرەپتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ يىلتىزى دەپ قارايتتى، شۇڭا، ھەممىلا يەرنى ئىنقىلابىي ۋاستە ئارقىلىق قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىش ساداسى قاپلاپ كەتتى. جەنۇب تەرەپتە قۇللارنىڭ كۈرىشى ھەرقايسى ئىشتاتلارنى قاپلاپ كەتتى، نۇرغۇن جايلاردا قۇللارنىڭ ئېكىنزار مەيدانلىرىنى، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى، قۇللار قوزغىلىڭمۇ كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 1860 ـ يىلى 11 ـ ئايدا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئىنقىلابىي كىرىزىس ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سايلام رىقابىتىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن ئابراھام لىنكولن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا سايلاندى ۋە قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى پىروگراممىدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش، تاموژنا بېجىنى قوغداش ھەمدە «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى ئۆز پىروگراممىسىدىكى تەلىپىگە كىرگۈزۈش غەربىي شىمالدىكى دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ، قوللۇق تۈزۈم مەسىلىسىدىكى مۆتىدىل پوزىتسىيە بولغاچقا، ئوڭ قانات جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ مەيدانىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

سايلام نەتىجىسىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، لىنكولن زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. لىنكولننىڭ سايلىنىشى ئەلۋەتتە بۇرژۇئازىيەنىڭ قوللىغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھىمايە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. خەلقنىڭ لىنكولننى ھىمايە قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار لىنكولننىڭ سايلانغاندىن كېيىن «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى يولغا

قويۇش ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە لىنكولىننىڭ كېلىپ چىقىشى ئەمگەكچى خەلق ئىدى. لىنكولىن 1809 ـ يىلى غەربىي قىسىمدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرى چېگرا رايوننىڭ ئورمانلىرىدىكى جاپالىق، نامراتچىلىق مۇھىت ئىچىدە ئۆتكەنىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشقان، كېيىنكى چاغلاردا ياللانما دېھقان، كېمىچى، دۇكانلاردا كاسسىر بولۇپ ئىشلىگەن، يېزا پوچتالىيونى ۋە يەر ئۆلچىگۈچىنىڭ ياردەمچىسى قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلغانىدى. ئەمما، لىنكولن سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىيونىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلدى.

قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرغان لىنكولن قۇللۇق تۈزۈم بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك ئەركىنلىكى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى ئەمەس، قۇللۇق تۈزۈمنى دەرھال بىكار قىلىشقا، جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قۇللۇق تۈزۈمگە ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ غەربىي قىسىمغا كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەگەر قۇللۇق تۈزۈمنى ئەسلىدىكى رايون تەۋەسىدىلا مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىگە يول قويۇلمىسىلا، مەلۇم بىر مەزگىلگە بارغاندا ئۆزلۈكىدىن بارا ـ بارا يوقىلىپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ زورلۇق ئىنقىلابقا زورلۇق ۋاستە قوللىنىپ، جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە قارشى ئىدى. 1856 ـ يىلى ئۇ «خاتالىشىپ قالماڭلار، سايلام بېلىتى ئوقتىنمۇ كۈچلۈك» دېگەنىدى. لىنكولننىڭ قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىدىكى بۇنداق مۆتىدىل پوزىتسىيەسى ئامېرىكا

بۇرژۇئازىيەسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە تۇتقان مۇرەسسە-ماداراچىلىق مەيدانىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيە ھامىنى بىر كۈنى ئىنقىلابىي ۋاستە ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنىپ كېتىشىدىن، ئەسلىي ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مال-مۈلۈكلىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. لىنكولن دەل قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىدە مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتقانلىقتىن، شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيە ئۇنى ھىمايە قىلىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى.

ئەمما، لىنكولننىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىشى جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈمگە بىۋاسىتە تەھدىت بولدى. لىنكولن ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇپ جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈمگە ھەرگىز ئارىلاشمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا بىلدۈردى، لېكىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ سايلام رىقابىتى پىروگراممىسىدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش ئېنىق بەلگىلەندى، يەنە كېلىپ بۇمۇ لىنكولننىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنى بويىچە، زۇڭتۇڭ ناھايىتى چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولاتتى. شۇڭا، لىنكولننىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش پىروگراممىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بەردى. قىسقىسى، لىنكولننىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىشى قۇلدارلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمنى غەربىي قىسىمغا كېڭەيتىش ئارزۇسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇب تەرەپتىكى قۇللۇق تۈزۈم ھەمدە قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، قۇلدارلارمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. لۇئىسىئانانىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى جۇدا بېنجامىن ناھايىتى ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «سىلەر (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى دېمەكچى) بىزنى-ئىشتاتىڭلارغا

كىرىش نىيىتى يوق دېسەڭلار، بىز سىلەردىن ئاغرىنىپ نېمە قىلاتتۇق؟ سىلەر بىزنىڭ ئىشتاتقا كىرىپ قورال كۆچى ئارقىلىق قىرغىن قىلىشنى ياكى بىزنىڭ تۈزۈمىمىزنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلمىدىڭلار، لېكىن ئۇنداق ئەمەس. سىلەر لامىستاس (يۇنان ئەپسانىسىدىكى زېۋسىنىڭ ئوغلى)نىڭ ئەقىدىسىنى دوراپ، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا بىزنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىڭلار. سىلەرنىڭ دەرەخنى كېسىۋېتىش ئويۇڭلار يوق، سىلەر بۇنداق قىلماسلىقىقا ۋەدە بەردىڭلار. سىلەر قوۋزاقنى پۇتۇنلەي سويۇۋېلىپ، دەرەخنى ئۆلتۈرۈپ قويماقچى بولدۇڭلار.»

ناھايىتى ئېنىقكى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نامزاتى لىنكولننىڭ چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشى قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ھالاك بولۇشنى خالىمىغان قۇلدارلار ئەڭ ئاخىرىغىچە جان تالىشىپ، قوشما ئىشتاتلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. 1861 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جەنۇبتىكى يەتتە ئىشتاتنىڭ ۋەكىللىرى ئالابامانىڭ مونتگومېرى دېگەن يېرىدە يىغىلىپ باشقا بىر دۆلەت ــ «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1861 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىنكولن زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش گورۇھى ۋەھشىيلەرچە قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى پىشىپ يېتىلگەن ئىچكى ئۇرۇش ئاخىر قوزغالدى. ئىچكى ئۇرۇش قوزغالغاندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپتىكى تۆت ئىشتاتمۇ توپىلاڭغا قاتناشتى.

ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قوزغالغانلىق سەۋەبى توغرىسىدا ماركس تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي يەكۈن چىقاردى: «نۆۋەتتىكى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، يەنى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئەركىن

ئەمگەك تۈزۈمى ئۈتتۈرىسىدىكى كۈرەش. بۇ كۈرەش شۇنىڭ ئۈچۈن بولدىكى، بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا تىنچ بىللە تۇرۇشى ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»①

## 2 ـ بۆلۈم ئىچكى ئۇرۇش ۋە قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنىشى

### 1. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى

جەنۇبتىكى قۇلدارلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغاشقا پېتىنغانلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ۋەزىيەتنى سۇبيېكتىپ هالدا بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مۆلچەرلەپ قويغانلىقىدىن بولدى. ئۇلار ئالدى بىلەن شىمال تەرەپنىڭ هەربىي خادىملىرى كەمچىل، ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ داڭلىق گېنېراللىرىنىڭ هەممىسى قۇلدارلاردىن كېلىپ چىققان، شۇڭا ئۇلار لىنكولن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن جەنۇبقا كېلىپ تۇپلاڭغا قاتنىشىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يەنە شىمال تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا قىلچە تەييارلىقى يوق، جەنۇب تەرەپ بۇرۇنلا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، دەپمۇ ئويلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەهۋال هەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. چۈنكى، لىنكولن 1860 ـ يىلى قىشتىكى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن جەنۇب تەرەپ شىمال تەرەپتىكى گۇماشتىسى زۇڭتۇڭ بۇكانان ئارقىلىق نۇرغۇن قورال ـ ياراغلارنى جەنۇب تەرەپكە يۆتكەپ كەلگەن، شۇنىڭدەك پائال تۈردە ئادەم تەشكىللىگەن ۋە قوشۇنلىرىنى هەربىي مەشىق قىلدۇرغان، يەنە ياۋروپادىن نۇرغۇن قورال ـ

① ماركس: «ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 15 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 365 ـ بەت.

ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى سېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇلار سىرتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىدا «قولىمىزدا چوڭ كوزىر، يەنى پاختا بار» دەپ قارايتتى. ئۇلار جەنۇبتىكى ئىشتاتلارنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىگە كېرەكلىك خام ماتېرىياللارنى ئاساسلىق تەمىنلەپ بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولسا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ، ئالدى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا توختاپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ ھال ئاخىر ئىككى دۆلەتنى قوراللىق ئارىلىشىش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى بىلدى. جەنۇب تەرەپنىڭ توپىلاڭچىلار كاتتىبېشى بېنجامىن كۆرەڭلىكىنىدىن خۇدىنى بىلمەي پاختىنىڭ رولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ: «بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز كىچىك، ئىنچىكە پاختا يىپ، ئۇنى كىچىك بىر بالا ئۈزۈۋېتەلەيدۇ، ئەمما بۇ يىپ دۇنيانى دارغا ئاسالايدۇ» دېدى.

لېكىن، جەنۇب تەرەپ باشقا جەھەتتىكى پايدىسىز ئامىللارنى ئويلىمىدى (ئۇ مۇھىم ئامىللار ئىدى): بىرىنچى، ئىككى تەرەپنىڭ ماددىي كۈچ جەھەتتە پەرقى چوڭ. شىمال تەرەپتە كۈچلۈك سانائەت ئورۇنلىرى بار، يەنى 1860 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 107 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بار بولۇپ، جەنۇب تەرەپتە ئالتىسىلا بار ئىدى. شىمال تەرەپتىكى ئىشتاتلارنىڭ زاۋۇت ـ كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغى 800 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتەتتى، جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلارنىڭ بولسا 100 مىليون 700 مىڭ دوللارغىمۇ يەتمەيتتى. شىمال تەرەپنىڭ نوپۇسى كۆپ ئىدى، يەنى 1860 ـ يىلى نوپۇسى 22 مىليون 340 مىڭ ئادەمگە يەتتى، جەنۇب تەرەپنىڭ نوپۇسى ئاران 9 مىليون 100 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ 4 مىليونى قارا تەنلىكلەر ئىدى. شىمال تەرەپ مەيلى ئادەم كۈچى ياكى ماددىي كۈچ جەھەتتىن بولسۇن جەنۇب تەرەپنى بېسىپ چۈشەتتى. ئىككىنچى، شىمال تەرەپ

سىياسىي جەھەتتىمۇ جەنۇب تەرەپكە قارىغاندا ئىخچىمۇ پايدىلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئادالەت شىمال تەرەپتە، ئۇ يەردىكى خەلق بىر دەك غەزەپكە كەلگەن، توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئىرادىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. لىنكولن ھۆكۈمىتىنىڭ شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىشكە ئىشەنچى بار ئىدى. ئەكسىچە، جەنۇب تەرەپتە قۇلدارلار يولسىزلىق قىلىپ لەنەتكە قالدى، ئاران 4 مىليون كىلىدىغان قارا تەنلىك قۇللار، شۇنىڭدەك ئاق تەنلىكلەر ئىچىدىكى تۆۋەن قاتلام خەلقمۇ قۇلدارلارغا قارشى ئىدى. چۈنكى، ئېكىنزار قۇلدارلىرى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى يەككە دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەتكىلى بولمايدىغان زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، يەككە دېھقانلار سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز بولۇپ، چوڭ قۇلدارلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايتتى.

شىمال تەرەپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ھەمدە سىياسىي جەھەتتە جەنۇب تەرەپتىكىدىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا شىمال تەرەپ ھەربىي جەھەتتە كەينى ــ كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1861 ــ يىلى 7 ــ ئايدا ماناساس جېڭىدە «قورال ــ ياراغلارنى تاشلاپ قېچىپ» ۋەتتۆۋرىكى چىقىپ كەتتى. 1862 ــ يىلى شىمال تەرەپ ئارمىيەسى غەربىي سەپتە بىر قاتار شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەنۇب تەرەپ ئارمىيەسىدىن ئىستراتېگىيەلىك تايانچ نۇقتىلارنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي سەپتە ئۇدا مەغلۇپ بولدى. 1862 ــ يىلى يازدىكى «يېرىم ئارال ئوپېراتسىيەسى»دە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. جەنۇب تەرەپنىڭ ئارمىيەسى بىر مەزگىل غەلىبىسىرى شىمالغا يۈرۈش قىلدى، ھەتتا پايتەخت ۋاشىنگتونغا بىۋاسىتە تەھدىت سالدى.

شىمال تەرەپنىڭ ھەربىي جەھەتتە كەينى ــ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچى، لىنكولن ھۆكۈمىتى قۇللارنى ئازاد قىلىش سىياسىتىنى ئۇزۇنغىچە يولغا قويمىدى،

ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جەنۇب بىلەن شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەنۇب تەرەپنى قايتىدىن قوشما ئىشتاتلارغا قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىدە ئۇرۇش قىلدى. لىنكولن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە چېقىلالماسلىقىدا ئاساسلىقى ئىككى سەۋەب بار ئىدى: بىرى، ئالدى بىلەن شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ قارىشىچە، قۇللار جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلارنىڭ ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلىرى ئىدى، مۇبادا قۇللۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قۇللار ئازاد قىلىنسا، قۇلدارلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىغانلىق بولاتتى، ئۇنداقتا شىمال تەرەپتىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلىرىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايتتى. يەنە بىرى، چېگرا جايلاردىكى ئىشتاتمۇ قۇللار ئىشتاتى ئىدى، ئەمما ئۇرۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن تۆت چېگرا ئىشتات يەنىلا قوشما ئىشتاتلاردىن ئايرىلىپ كەتمىدى. لىنكولن ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئازىيە چېگرادىكى قۇللار ئىشتاتلىرى تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ئىرادىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇللارنى ئازاد قىلىشنى جاكارلاش چېگرادىكى قۇللار ئىشتاتلىرىنىڭ قوشما ئىشتاتلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ جەنۇب تەرەپتىكى توپىلاڭچىلارنىڭ قوينىغا ئېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىن، شۇنىڭ بىلەن چېگرادىكى ئىشتاتلاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك رايوننى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. لىنكولن ھۆكۈمىتى چېگرا ئىشتاتلىرىدىكى قۇلدارلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىدە يۇرەكلىك تەدبىر قوللىنىشقا پېتىنالمىدى. شىمال تەرەپ ھۆكۈمىتى قۇللارنى ئازاد قىلىشنى ئېلان قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، «قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى پولاتتەك مۇستەھكەم دۇبۇلغا - ساۋۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. قۇللار بارلىق ئەمگەكلەرنى زىممىسىگە ئالغانلىقتىن، جەنۇب تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا يارايدىغانلىكى

ئادەملەرنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتتى!» مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن دۈشمەن كۈچىنى كۈچەيتتى.
ئىككىنچى، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، شىمال تەرەپتىكى ئەركىن قارا تەنلىكلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئارمىيەگە قاتنىشىپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشنى، ئۆزىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى قېرىنداشلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بۇ تەلەپلەر لىنكولن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش ئاممىۋىلىقتىن ئايرىلىپ قالدى. لىنكولن ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تەنلىكلەرگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلمىغانلىقى شىمال تەرەپنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىدى.
ئۈچىنچى، ئىچكى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ جاسۇسلىرى شىمال تەرەپتە جىنىنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلدى، ھەتتا شىمال تەرەپ ھۆكۈمىتى ھەمدە ئارمىيەسى ئىچىگىمۇ يوشۇرۇن كىرىۋالدى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىمال تەرەپ ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى مايك لېيلون يوشۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئىدى، ئۇ پاسسىپلىق بىلەن ئىشنى ئاقسىتىپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە قوشۇننى ئىشقا سالماي جىم تۇرۇۋالدى، ھەتتا جەنۇب تەرەپتىكى ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەن قۇللىرىنى تۇتۇۋېلىشقا، قۇللار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم قىلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ ناھايىتى ئېغىر بولدى، ئۇلار ھەممە يەرلەردە ئاممىنى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ ئۇلارنىڭ رايىنى ياندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمال تەرەپتىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە ئۇرۇش داۋامىدا غالجىرلىق بىلەن سودا تەۋەككۈلچىلىكى قىلدى ۋە ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ھارام ماللىرىنى بولۇشقا كۆپەيتمۇالدى. بەزىلىرى ناچار قورال ـ ياراغلارنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ

ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئەسەبىيلەشكەن بىرمۇنچە سودىگەرلەر دۈشمەنتى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ ئوتتۇرىدىن كۆپ پايدا ئالدى. لېكىن، شىمال تەرەپ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كارى بولمىدى، بۇنداق ناتوغرا قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلمىدى. مانا بۇ ئىشلار شىمال تەرەپنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

قىسقىسى، لىنكولن رەھبەرلىكىدىكى شىمال تەرەپ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇرۇش قىلمىغانلىقتىن، ھەربىي ئىشلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

شىمال تەرەپ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، خەلقنىڭ نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى. 1862 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، شىمال تەرەپتە خەلق ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. خەلق ھەممە يەرلەردە چوڭ يىغىن ئېچىپ، نامايىش قىلىپ ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەتنامە سۇندى، ھۆكۈمەتتىن قۇللارنى ئازاد قىلىشنى بالدۇرراق جاكارلاشنى، قارا تەنلىكلەرنى قوراللاندۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ھەمدە يات ئۇنسۇرلارنى تازىلاشنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەتتىن مەككار سودىگەرلەرنىڭ قانۇنسىز پايدا ئېلىش قىلمىشىنى چەكلەشنى، كاپىتالىستلاردىن ئېغىر باج ـ سېلىق ئېلىش ئارقىلىق ھەربىي خىراجەتنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلدى، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن تېخىمۇ كەسكىن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى، كارغا كەلمەيدىغان گېنېراللارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاپ مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى تەلەپ قىلدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، خەلق ئىنقىلابىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1862 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە پىتتسبۇرگ،

ئوسبورن ۋىگو، مېدلېتون، پىلاتبۇرگ، فىلادېلفىيە، مىلۋوكى، بېرگېن، سىنسىناتى، بوستون، چىكاگو، نيۇيورك، شىراگۇس، شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەردىمۇ چوڭ ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى، بۇنداق يىغىلىشلارغا قاتناشقانلارنىڭ ئادەم سانى ھەر-دائىم 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئاممىۋى يىغىلىشلاردا سۆزلەنگەن نۇتۇق ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارارلاردا قۇللارنى دەرھال ئازاد قىلىش، قارا تەنلىكلەرنى ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا چاقىرىش، كەسكىن ھەربىي ۋاسىتە قوللىنىپ توپىلاڭچىلارنى تارمار قىلىش تەلەپ قىلىندى.

«نيۇيورك كۇندىلىك مۇنبەر گېزىتى»دە خەلقتىن كەلگەن كۆپلىگەن خەتلەر ئېلان قىلىندى، بۇ خەتلەردە قۇللۇق تۈزۈمىنى ئىمكانقەدەر تېز، ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش تەلەپ قىلىنغانىدى. سەككىز ئادەم ئىمزا قويغان بىر ئوقۇرمەندىن كەلگەن خەتتە: «شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەردىكى 26 مىليون ياكى 27 مىليون ئەركىن ئەمگەكچى قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىنى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىشنى جىددىي تەشەببۇس قىلىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. كەلگەن يەنە بىر پارچە خەتتە: «خەلق زۇڭتۇڭنىڭ سالماق، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان ‹ئازادلىق› دېگەن سۆزنى يېزىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ»، «پۈتكۈل ئېغىر مەسئۇلىيەت سىزنىڭ (لىنكولننى دېمەكچى) زىممىڭىزدە» دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

ئاممىنىڭ مۇراجىئەتنامىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. 8000 خوتۇن - قىزلار لىنكولنغا بىرلىشىپ ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، ئەسكەر بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن، لىنكولننىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ توپىلاڭچىلارنى ئىمكانقەدەر تېزرەك يوقىتىشىنى تەلەپ قىلدى.

خەلقنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرگەن رادىكاللار ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرىمۇ پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلدى، بەزىلىرى زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ خەلقنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قۇللارنى ئازاد قىلىش ھەمدە قارا تەنلىكلەرنى قوراللاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 1862 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رادىكاللار رەھبىرى سۇمنېر لىنكولن بىلەن كۆرۈشكەندە: «سىز شىمال تەرەپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى (جەنۇب تەرەپتىكى توپىلاڭچىلارنىڭ ئارقا سېپىدىكى كىشىلەر)نىڭ، يەنى قۇللارنىڭ ياردىمىگىمۇ موھتاج» دېدى. سۇمنېرنىڭ قارىشىچە، مۇبادا لىنكولن قۇللارنى ئازاد قىلىشنى جاكارلاش قارارىغا كەلسە، جەنۇب تەرەپتىكى قۇللارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيتتى. رادىكاللارنىڭ يەنە بىر رەھبىرى ستېۋېنس سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا: «جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىكلەرنى كۈرەشكە قاتناشتۇرۇشقا ئوخشاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تاللىق مىلتىق تۇتقۇزۇش كېرەك» دېگەن تەكلىپنى بەردى. ئۇ لىنكولنغا: «سىز بەكلا بوشاڭ ئىكەنسىز، مۇبادا ئاندرېۋ جېكسون (19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى) ھايات بولغان بولسا، ئۇ قۇللارنى ئازاد قىلغان ۋە قارا تەنلىكلەرنى قوراللاندۇرغان بولاتتى. ئاندرېۋ كېۋەز تېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قوراللىنى ھەربىر ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇللۇق تۈزۈمنىڭ يۈرىكىگە ھەربىي يۈرۈش قىلاتتى... مېنىڭچە، بۇ ئۇسۇل قورال ـ ياراغ ئامېرىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قورال» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، 1862 ـ يىلى ياز بىلەن كۈز پەسلىدە شىمال تەرەپتە «ئەگەر لىنكولن يول قويمىسا (ئەمما ئۇ يول قوياتتى)،

ئىنقىلاب قوزغىلىدۇ»[1] دېگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

لىنكولنمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتى. شۇ چاغدا ئۇ: «ئەگەر مەن ‹ئازادلىق خىتابنامىسى›نى رەت قىلسام، شىمال تەرەپتە توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ» دېدى. شۇڭا، ئۇ «ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى ۋەزىيەتمۇ لىنكولننى بۇ مۇھىم قەدەمنى بېسىشقا قىستاپ قويدى. 1862 ـ يىلى يازدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا قوراللىق ئارىلىششقا تەييارلىق قىلدى. لىنكولن ئەنگلىيەنىڭ ئارىلىشىش پىلانىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن قۇللارنى ئازاد قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى، خۇددى ئامېرىكىنىڭ مادرىدتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شۇلتىس ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسىدا ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلسا، «ياۋروپا جامائەتچىلىكى دەرھال بىزگە بىراقلا كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلاتتى، ھەتتا... ياۋروپادىكى بىرەر ھۆكۈمەتمۇ خىتابنامە ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى دۇنيا بويىچە ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان تۈزۈم تەرىپىگە قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.» لىنكولن جەنۇب تەرەپنىڭ قۇللار ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىنى، قۇللار ئارقا سەپتە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلىقىنى، جەنۇب تەرەپنىڭ توپىلاڭچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا جەڭ قىلىشقا يۆتكىيەلەيدىغانلىقىنى، ئەگەر شىمال تەرەپ جەنۇب تەرەپتىكى قۇللارنى ئازاد قىلىشنى ئېلان قىلىدىغان بولسا، جەنۇب تەرەپتىكى قۇللارنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ شىمال

---

[1] ماركس: «ئېنگېلسقا (1862 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)»، «ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدا»، خەلق نەشرىياتى، 1955 ـ يىلى خەنزۇ نەشرى، 233 ـ بەت.

تەرەپكە قېچىپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا جەنۇب تەرەپنىڭ ئىقتىسادىنى يىمىرىپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى قاچقان قارا تەنلىكلەردىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچتىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، لىنكولن ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن قۇللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ھېس قىلدى.

## 2. ئىنقىلابىي ئۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتۈش

1862 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاڭ سەھەردە، لىنكولن پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، 1863 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ توپىلاڭچى ئىشتاتلاردىكى قۇللارنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ «ئىنقىلابىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇش قىلىش» باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇللارنى ئازاد قىلىش شىمال تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىشىدىكى مۇھىم نىشان بولۇپ قالدى. ماركس بۇ «خىتابنامە»گە يۇكسەك دەرىجىدە باھا بېرىپ ئۇنى «قوشما ئىشتاتلار قۇرۇلغاندىن بۇيان ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەت» دېدى ھەمدە بۇ «خىتابنامە» ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «لىنكولن چوقۇم ئامېرىكا تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋاشىنگتون بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىشى كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتتى.

لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ «خىتابنامە»نىڭ ناھايىتى

[1] ماركس: «شىمالىي ئامېرىكا ۋەقەسى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 15 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 586 - بەت.

چوڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرى بار ئىدى: بىرىنچى، خىتابىنامىدە قۇللارنى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە چېگرادىكى قۇللار ئىشتاتىغا تەتبىق قىلىنمىغان ۋە چېگرادىكى قۇللار ئىشتاتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە چېقىلمىغان، بۇ يەردىكى قۇللار بۇرۇنقىدەكلا قۇلدارلارنىڭ زورلۇق بېسىمى ئاستىدا ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە قۇللارنىڭ قېچىشى بىلەن، بۇ ئىشتاتلاردىكى قۇللۇق تۈزۈمۇ يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئىككىنچى، «خىتابنامە»دە سايلاش هوقۇقى ئازاد قىلىنغۇچىلارغا بېرىلمىدى، شۇنداقلا يەرمۇ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىك قۇللارنى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلغان تەقدىردىمۇ، سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ئېزىلىشقا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر تىيىنغىمۇ ئىگە بولالمايتتى. قارا تەنلىكلەر رەھبىرى دوۋگلاسنىڭ «تارىختا ئازاد قىلىشنىڭ شەرتى ئازاد قىلىنغۇچى سىنىپقا پايدىسىز بولىدىغان بۇنداق مىسال تېخىچە كۆرۈلمىگەنىدى» دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

لېكىن، بۇ خىتابنامىنىڭ مۇشۇنداق يېتەرسىز تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ، ئىلغار تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتابنامە ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا غايەت زور ئۈنۈم هاسىل بولدى. خەۋەر جەنۇب تەرەپكە تارقالغاندىن كېيىن يىل بويى زۇلمەت ئاسارىتىدە ئېزىلىۋاتقان جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىك قۇللار تۈگىمەس ئازراق يورۇقلۇقنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن قۇللار جەنۇب تەرەپتىكى ئېكىنزارلىقلاردىن قاچتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇب تەرەپتىكى قۇللار قوزغىلىڭىمۇ خۇددى دالا گۈلخانلىرىدەك لاۋۇلداپ ئۇلغىيىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇلدارلارنىڭ كۆچىگە ئېغىر زەربە بەردى.

بۇ خىتابنامە ئەنگلىيەنىڭ ئارىلىشىش پىلانىنى بىتچىت

قىلىش جەھەتتىمۇ خېلى چوڭ رول ئوينىدى، خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئەسلىي ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپى ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا قول سالماقچى بولغانىدى، ئەمما لىنكولن «ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلغانلىقتىن، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئادالەتنىڭ شىمال تەرەپتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ نومۇسسىزلارچە پىلانىغا قەتئىي قارشى تۇردى. شۇ چاغدا ئەنگلىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان ماركس ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر ئەسلىدىكى پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

«ئازادلىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن سىرت، لىنكولن ھۆكۈمىتى يەنە بىر قاتار ئىنقىلابىي تەدبىر ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويدى.

(1) قارا تەنلىكلەرنى قوراللاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1862 ـ يىلىدىن 1863 ـ يىلىغىچە لىنكولن ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ بېسىمى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن قارا تەنلىكلەرنى قوراللاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇ سىياسەت ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا زور تۈركۈمدىكى قارا تەنلىكلەر ئەسكەر قوبۇل قىلىش پونكىتلىرىغا بېرىپ بەس ـ بەستە ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. جەنۇب تەرەپتىكى جەڭ مەيدانلىرىدىن ئۆزۈكسىز قېچىپ كەلگەن قۇللار شىمال تەرەپنىڭ ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. قارا تەنلىكلەرنىڭ ئارمىيەگە قاتنىشىشى شىمال تەرەپ ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى.

(2) 1862 ـ يىلى 5 ـ ئايدا لىنكولن ھۆكۈمىتى شىمال تەرەپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى تارقاتتى. «تۇرالغۇ جاي

قانۇنى»دا قوشما ئىشتاتلارغا سادىق قۇرامىغا يەتكەنلەر تىز ىمغا ئالدۇرۇش ھەققى ئۇچۇن 10 ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرسىلا، غەربىي قىسىمدا 160 ئاكىر چوڭلۇقتىكى يەرگە ئىگە بولىدۇ، بەش يىل تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن بۇ يەر شۇ كىشىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ تەدبىر سەل قاراشقا بولمايدىغان زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچى، بۇ تەدبىر سانى كۆپ بولغان يەككە دېھقانلارنى يەر ئىگىسىگە ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ «ئامېرىكىچە يول»نى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىي قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئامېرىكىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش دۆلەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. ئىككىنچى، بۇ تەدبىر شىمال تەرەپتىكى دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرەشكە پائال قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئەلۋەتتە، بۇ «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»مۇ مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. بىرىنچى، كۆپلىگەن چوڭ بۇرژۇئازلار يەر باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، باشقا كىشىنىڭ نامىنى سېتىپ نۇرغۇن يەرلەرگە ئىگە بولۇۋالدى. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت يەرلەرنى ئاھالىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ بىر پارچە يەرنى چوڭ تۆمۈريول شىركىتىگە تەقدىم قىلىپ بەردى.

(3) ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قاتتىق باستۇردى. 1862 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لىنكولن ھۆكۈمىتى قۇللارنى ئازاد قىلىش بىلەن بىرگە، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشنىمۇ كۈچەيتتى، يەنى بەزى خائىن ۋە جاسۇسلارنى قولغا ئېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار-نىڭ گېزىتخانىسىنى تاقىدى. 1863 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھۆكۈمەت جىنايىتى ئۈچىغا چىققان ئەكسىلئىنقىلابچىلار-نىڭ كاتتىبېشى ۋاللاندىخاننى قولغا ئالدى. 1862 ـ يىلى 11 ـ

ئايدا لىنكولن قوْلدارلارنىڭ گوْماشتىسى مايك لىيلوْننىڭ ھەر-بىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. بوْنىڭدىن باشقا، يەنە ھۆكوْمەت ۋە ھەربىي ئىچىدىكى يات ئوْنسوْرلارنى تازىلاپ، ئىقتىدارلىق ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئاددىي ئەسكەرلەرنى ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈردى. مەسىلەن، هارۋېكەش ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شېرىدان گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلدى.

(4) ھەربىي جەھەتتە كەسكىن تەدبىر قوللاندى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى شىمال تەرەپتە پىدائىي ئەسكەرلەر توْزوْمى يولغا قويۇلدى. 1863 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن «ئەسكەرلىككە ئېلىش قانۇنى» ئىجرا قىلىندى، ئۇنىڭدا ئامېرىكا پۇقرالىرى ئىچىدىكى 20 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋەزىپىسى بار، دەپ بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئارمىيەگە قاتنىشىش مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالدى. بۇ شىمال تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئەگەر 1862 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىمال تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى 556 مىڭ ئادەم دېيىلسە، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆپىيىپ 918 مىڭ 121 ئادەمگە يەتتى. 1864 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە لىنكولن ھۆكۈمىتى ھەربىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سالدى. شىمال تەرەپ ئۆتكەن ئۈچ يىلدىن بېرى قوماندانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراپ، ئەسكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ھەرقايسى ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىرى ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆردى. 1864 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لىنكولن ئاجايىپ ھەربىي ئىقتىدارىغا ئىگە گىرانتنى «پۈتۈن ئارمىيەنىڭ باش گېنېراللىقىغا (پۈتۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىدىغان باش قوماندان بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىلگىرى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋاشىنگتونلا باش گېنېرال ئىدى) تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىش، قوشۇنلارنى

ئورۇنلاشتۇرۇش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

(5) ئاشۇرما تاپاۋەت بېجىنى يولغا قويدى. 1862 ـ يىلى پارلامېنت ئاشۇرما تاپاۋەت بېجىنى يىغىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. لايىھەدە: «يىلىغا 600 دىن 10 مىڭ دوللارغىچە كىرىم قىلىدىغانلار 3% تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدۇ، يىلىغا 10 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى كىرىم قىلىدىغانلار 5% تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدۇ، كېيىن 10% كە ئۆستۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. نيۇيوركنىڭ كاتتا زەردارى سېتېۋارت يىلىغا 4 مىليون دوللار كىرىم قىلاتتى، شۇنىڭغا ئۇ 400 مىڭ دوللار تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن كىرگەن پۇلى 55 مىليون دوللارغا يەتتى. ئاشۇرما تاپاۋەت بېجى بايلارنىڭ ئۇرۇش خىراجىتىنى ئۆستىگە ئالىدىغان تەدبىر ئىدى. باج نىسبىتى تۆۋەن، بايلاردىن ئالىدىغان باج ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر ئىلغار تەدبىر، ئۇرۇش قىلىشقا پايدىسى بار تەدبىر ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىنقىلابىي تەدبىر ۋە سىياسەتلەر شىمال تەرەپنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، شۇنداقلا شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. شىمال تەرەپتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار ھەممە قارا تەنلىكلەر ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى ئەڭ ئىلغار سىنىپ بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇلار تەشكىللىگەن بىرلەشمە قوشۇن شىمال تەرەپ ئارمىيەسىدىكى ئەڭ ئاڭلىق، ئەڭ ئىنتىزامچان قوشۇن ئىدى. ئارمىيەنىڭ تەركىبىدە نىسبەتنى ئەڭ كۆپ ئىگىلىگەنلەر ئىشچىلار بولۇپ، ھەر 1000 ئەسكەرنىڭ ئىچىدە 423 ئىشچى بار ئىدى.

ئامېرىكا ماركسىزمچىلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقانداق

بىر گۇرۇھقا قارىغاندا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇلار ئەگەر قوشما ئىشتاتلار ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مەغلۇپ بولسا، جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلار سىنىپى مەملىكەت بويىچە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا قۇللۇق تۈزۈم داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملىشىپ ئاق تەنلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ قۇللارغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىقى ئوشۇقچە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى باسىدىغانلىقىنى تونۇدى. شۇڭا، ئامېرىكا ماركسىزمچىلىرى شىمال تەرەپتىكى ئىشچىلار سىنىپىنى كۆرەشكە بەس ـ بەستە قاتنىششقا چاقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئۇلگە بولۇپ جەڭگىۋار قوشۇنغا پائال قاتناشتى. ئامېرىكا ماركسىزمچىلىرىدىن ۋېدېمېيېر قاتارلىقلار ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ ئۇلار چېگرادىكى ئىشتات مىسسىيونېرىنى قوغداش كۆرىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئىشچىلار سىنىپى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغان قارا تەنلىكلەر (جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەردىكى قارا تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قارا تەنلىك قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار پىداكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ دۈشمەنلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قىردى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىمال تەرەپتىكى ئارمىيەنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ غەلىبىسىنى قارا تەنلىكلەر قىسمىنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قارا تەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق روھىنى ھەتتا دۈشمەنلەرمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. 1863 ـ يىلى

ۋىكسبۇرگ جېڭىدە 10 مىڭ قارا تەنلىكتىن تەركىب تاپقان قىسىم مىللىكىن دەرياسى قولتۇقىنى قوغداش جېڭىگە قاتناشتى، ئەمما 20 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ دەڭدە ئاساسلىقى گىرەلەشمە جەڭ بولدى، قارا تەنلىكلەر دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى باتۇرلۇق بىلەن چېكىندۈردى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن كۆپلىگەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىشتىك زەربىسىدىن ئۆلگەنلىكى، يەنە بەزىلىرىنىڭ مىلتىق پايپىكى بىلەن بېشى يانجىلغانلىقى بايقالدى. شۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەق ئەھۋالىنى كۆرگەن گېنېرال دېنىسون: «قارا تەنلىكلەر قىسمىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرالمايدۇ» دېدى.

قارا تەنلىكلەر ئۇرۇش مەيدانىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا جەھەتلەردىمۇ شىمال تەرەپتىكى ئارمىيەگە ياردەم قىلدى، بەزىلىرى ھەربىي رازۋېدكىچى بولۇپ شىمال تەرەپنى قىممەتلىك ھەربىي ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى، بەزىلىرى يول باشلىغۇچى بولۇپ شىمال تەرەپ ئارمىيەسىگە يول باشلىدى، يەنە بەزىلىرى جەنۇب تەرەپنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى.

قارا تەنلىك ئالىم دۇبويسنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا ئىچكى ئۇرۇشتا جەڭگە بىۋاسىتە قاتناشقان قارا تەنلىكلەر تەخمىنەن 300 مىڭغا يېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 300 مىڭ قارا تەنلىك قوشما ئىشتاتلار ئارمىيەسىدە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى. قارا تەنلىكلەردىن 38 مىڭ ئادەم ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولىنى ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدۇ. لىنكولنىنىڭ «ئەگەر قارا تەنلىكلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا، شىمال تەرەپ غەلىبىنى قولغا

كەلتۈرەلمەيتتى» دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپات ـ دەلىلىدۇر. بۇ پاكىت ئامېرىكا بۇرژۇئازىيە تارىخشۇناسلىرىنىڭ تەپ تارتماستىن «ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئاق تەنلىكلەرنىڭ (ئىلتىپاتىغا) باغلىق ئىش، ئەسلىدىغۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىنى بىتچىت قىلدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قارا تەنلىكلەر ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلدى، مۇبادا شىمال تەرەپ ئىچكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان بولسىدى، لىنكولن ئېلان قىلغان «ئازادلىق خىتابنامىسى» قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

1863 ـ يىلىغا كەلگەندە شىمال تەرەپنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى قولغا كەلتۈرگەن گېتىسبۇرگدىكى چوڭ غەلىبە بۇتكۇل ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بۇرىلىش نۇقتىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش مەيدانىدىكى تەشەببۇسكارلىق پۈتۈنلەي شىمال تەرەپ ئارمىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1864 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە شىمال تەرەپنىڭ ئالىي باش قوماندانى يېڭى ھەربىي پىلان تۈزۈپ، شەرق ۋە غەرب ئىككى سەپ بويىچە بىرلا ۋاقىتتا كۈچلۈك ھۇجۇم ھالىتى شەكىللەندۈرۈشنى قارار قىلدى.

شەرقىي سەپتە گېنېرال گىراند دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى خورىتىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، دۈشمەنگە توختاۋسىز زەربە بەردى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى توپلاڭچىلارنىڭ «پايتەختى» رىچموند ئەتراپىغا شىپقاپ كەلدى.

غەربىي سەپتە گېنېرال شېرماننىڭ چوڭ قوشۇنى 1864 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جەنۇب تەرەپنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي سانائەت شەھىرى ئاتلانتانى ئىشغال قىلدى. ئىككى ئايدىن كېيىن مەشھۇر «دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش» باشلاندى،

نىشانى ساۋانا ئىدى. «دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش» ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق غەلىبىلىك يۈرۈش ئىدى، قوشۇن بارغانلىكى يېرىدە ھېچقانداق توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. دۈشمەنلەر ئۆلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا بەدەر قاچتى. گېنېرال شېرمان «دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش» جەريانىدا چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، گېئورگىيە ئىشتاتىدا كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق خىزمىتىنى تاماملىدى، يەنى دۈشمەننىڭ تۆمۈريوللىرىنى قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ، رېلىسلارنى خۇددى بۇرما مىختەك ئېگىپ تاشلىدى، شىپالارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەسكەرلەر يول بويى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىسكىلاتلارنى، پاختا ئايرىش ماشىنىلىرىنى ھەمدە قۇلدارلارنىڭ باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. بۇ ھەرىكەتلەر پۈتۈنلەي ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى زۆرۈرىيەت بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

1864 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چوڭ قوشۇن ساۋانانى ئىشغال قىلىپ، بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى.

1865 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شېرماننىڭ چوڭ قوشۇنى شەرقىي سەپتە گېنېرال گىرانتنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ساۋانادىن شىمالغا يۈرۈش قىلدى.

بۇ چاغدا جەنۇب تەرەپنىڭ توپىلاڭچى گۇرۇھى ئىككى پۈتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. قۇللارنىڭ قېچىشى ۋە قوزغىلىڭى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويدى: شىمال تەرەپ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ دېڭىزنى قامال قىلىشى جەنۇب تەرەپنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان سودىسىنى ئۈزۈپ قويايلا دەپ قالدى، شۇڭا جەنۇب تەرەپنىڭ ماددىي ئەشياسى ياكى ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ، ئارمىيەسى ئاچ قورساق ئۇرۇش قىلدى. جەنۇب

تەرەپ ئاھالىلىرىنىڭ ئەسكەر بولۇشقا ئۇنىماسلىقى ۋە ئەسكەرلىكتىن قېچىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇب تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. جەنۇب تەرەپنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ھېسابلانغان روبېرتنىڭ قىسمى جەنۇب تەرەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىرىزىس كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇشقا زورمۇزور قاتناشتى. 1865 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى روبېرتنىڭ قوشۇنى رىچموندتىن چېكىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپپوماتتوكس دېگەن يېزىنىڭ ئەتراپىدا شىمال تەرەپ ئارمىيەسىنىڭ قاتمۇقات قورشاۋى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى روبېرت باشچىلىقىدىكى قوشۇن گېنېرال گىرانتقا تەسلىم بولدى. شۇنداق قىلىپ، تۆت يىلدىن ئۇزاقراق داۋاملاشقان ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش شىمال تەرەپنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. قۇلدارلار ئەپلەپ ـ سەپلەپ قۇراشتۇرغان «دۆلەت» ئەمەلدىن قېلىپ، ئامېرىكا يەنە بىرلىككە كەلدى.

## 3. ئۇرۇشتىن كېيىن جەنۇب تەرەپنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى

جەنۇب تەرەپتىكى قۇلدارلار ئىچكى ئۇرۇشتا ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى، لېكىن ئۇلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي قايتا تىرىلىش خام خىيالىدا بولدى.

ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1865 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لىنكولن قەستكە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسون زۇڭتۇڭ بولدى. بۇ قۇلدارپەرەس زۇڭتۇڭ ئۇزاق ئۆتمەي (1865 ـ يىلى 5 ـ ئاي) ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى تارقىتىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىنىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، جونسوننىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن، قۇلدارلار جەنۇب تەرەپنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدا قايتىدىن باش كۆتۈردى — جەنۇب

تەرەپنىڭ قانۇن تۈزۈش مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى يەنە ئۇلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قارا تەنلىكلەردىن ئۆچ ئالدى، خىلمۇخىل تېررورلۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قارا تەنلىكلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇلار تېررورلۇق تەشكىلات — «كۇ - كىلۇكس - كىلان» (ئۈچ K پارتىيەسى) قۇرۇپ، قارا تەنلىكلەرنى شەپقەتسىزلەرچە دەپسەندە قىلدى. كىشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغىنى شۇكى، ئۇلار جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردا «قارا تەنلىكلەر قانۇنى»نى تۈزۈپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ بارلىق ئەركىنلىكىنى مەجبۇرىي تارتىۋالدى. مەسىلەن، قارا تەنلىكلەرنىڭ يەرگە ئىگە بولۇشىغا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىغا يول قويماي، ئۇلارنى مالاي ئورنىدا كۆرۈپ خالىغانچە تەن جازاسى بەردى. بۇنىڭدىكى مەقسەت شەكلى ئۆزگەرگەن قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

جونسوننىڭ قۇلدارلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەنۇب تەرەپتە قايتا باش كۆتۈرۈشى قارا تەنلىك ئاممىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى شىمال تەرەپتىكى خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. بۇ ۋەقەمۇ بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرىنى غەمگە سېلىپ قويدى، ئۇلار قۇلدارلارنىڭ جەنۇب تەرەپتە قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن، يەنى قۇلدارلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە قايتا باش كۆتۈرۈشى شىمال تەرەپتىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىچكى ئورۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە مېۋىلىرىنى يوققا چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. رادىكاللارنىڭ قارشىچە، بۇنىڭغا خاتىمە بېرىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى سايلام ھوقۇقىنى جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىكلەر (ئاساسلىقى قۇللۇق تۈزۈم ئاسارىتىدىن يېڭىلا ئازاد بولغان قارا تەنلىكلەر)گە بېرىش ئىدى. 1866 - يىلىدىكى

پارلامېنت سايلىمىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن رادىكاللار پارلامېنتنى گىراژدانلىق ھوقۇقى قانۇنىنى ماقۇللاپ، قارا تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن بىردەك بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇرلىدى. 1867 ـ يىلى پارلامېنت زۇڭتۇڭ جونسوننىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي، جەنۇبنى «قايتا قۇرۇش قانۇنى»نى مەجبۇرىي ماقۇللىدى. «قايتا قۇرۇش قانۇنى»غا ئاساسەن، ئىلگىرى تۇپىلاڭغا قاتناشقان جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئارمىيەنىڭ نازارىتى ئاستىدا سايلام ئۆتكۈزۈپ يېڭى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتنى قۇردى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ قانۇن قۇلدار تۇپىلاڭچىلارنى سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سايلام ھوقۇقىنى جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىكلەرگە بەردى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، «قايتا قۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلۇپ، جەنۇب تەرەپتە «قايتا قۇرۇش» خىزمىتى باشلاندى. قوشما ئىشتاتلار ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلار سايلام ئۆتكۈزدى. قارا تەنلىكلەر تارىختىن بىرى تۇنجى قېتىم سايلامغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى «كۇ ـ كىلۇكس ـ كىلان»نىڭ قورقۇتۇشلىرىغا قارىماي، بېلەت تاشلاش مەيدانىغا باتۇرلۇق بىلەن باردى. 1868 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلارنىڭ كۆپىنچىسى قانۇن كېڭىشى ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى ھەمدە يېڭى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى. بەزى ئىشتاتلاردا قارا تەنلىكلەر قانۇن كېڭىشىنىڭ تۆۋەن پالاتاسىدا يېرىم ئورۇننى ئىگىلىدى. يەنە بەزى ئىشتاتلاردا قارا تەنلىكلەر مۇئاۋىن ئىشتات باشلىقلىقىغا سايلاندى. لېكىن، ھەرقايسى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتتە ۋە قانۇن كېڭىشىدە يەنىلا ئاق تەنلىك رادىكاللار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

«قايتا قۇرۇش» دەۋرى قارا تەنلىكلەر دېموكراتىك ھوقۇقىنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان دەۋر بولدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلار قارا تەنلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قانۇن تۈزۈلدى ۋە «قارا تەنلىكلەر قانۇنى» بىكار قىلىندى. ھەرقايسى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت يەنە كۆپ مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ مەكتەپ قۇردى. بۇنىڭ بىلەن قارا تەنلىكلەر تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. قارا تەنلىكلەر ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە جەنۇب تەرەپتىكى ئاق تەنلىك ئەمگەكچىلەر، شۇنىڭدەك شىمال تەرەپنىڭ ئارمىيەسى بىلەن بىللە جەنۇبقا كەلگەن رادىكاللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان جەنۇب تەرەپتىكى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەر جەنۇب تەرەپنىڭ سودا ـ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەنۇب تەرەپ كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

شىمال تەرەپنىڭ بۇرژۇئازىيەسى «قايتا قۇرۇش» مەزگىلىدە جەنۇبتىكى قارا تەنلىكلەرگە سايلام ھوقۇقى بەرسىمۇ، لېكىن دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن جەنۇبتىكى يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلمىدى، قۇلدارلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالمىدى، قارا تەنلىكلەرگە يەر تەقسىم قىلىپمۇ بەرمىدى. قارا تەنلىكلەر يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى، ئەمما شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇلدى. شۇڭا، قارا تەنلىكلەر قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىر ئىلگىرىكى قۇلدارلىرىدىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلاندى. ئۇلار ھەر كۈنى ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىلگىرىكى قۇلدارلارغا بېرەتتى. «پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمى» دەپ ئاتالغان بۇ تۈزۈم ئىنتايىن شەپقەتسىزلەرچە

ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قالدۇقى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قايتا قۇرۇش» مەزگىلىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىگە بولغان سىياسىي ئورنىمۇ مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. 1873 ـ يىلى ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇرژۇئازىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جەنۇب تەرەپنىڭ ئېلگىرىكى قۇلدارلىرى بىلەن مۇرەسسە ـ مادارا قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇڭا، 1877 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جەنۇب تەرەپنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىمال تەرەپ ئارمىيەسىنى جەنۇب تەرەپتىن يۆتكەپ كەتتى ھەمدە جەنۇب تەرەپتىكى تۇپىلاڭچىلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى قۇلدارلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئەسلىگە كەلدى، ئۇلار قارا تەنلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى جەنۇب تەرەپنىڭ ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە قانۇن كېڭىشىدىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭدەك ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەردىن پايدىلىنىپ جەنۇب تەرەپ قارا تەنلىكلەرنىڭ سايلام ھوقۇقىنى چەكلىدى.

ئىلگىرىكى قۇلدارلار جەنۇب تەرەپتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قارا تەنلىكلەردىن ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئالدى. «كۇ ـ كىلۇكس ـ كىلان» پارتىيەسىدىكىلەر زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى، قارا تەنلىكلەرنى خالىغانچە ئۇرۇپ تۇيۇقسىز زەربە بەردى.

ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش بىر قېتىملىق بۇرژۇئازىيە خاراكتېرلىك ئىنقىلاب. بۇرژۇئازىيە خاراكتېرلىك ئىنقىلاب دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىپ، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ ئوخشۇشلۇق تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. بۇنى دېموكراتىك ئىنقىلاب دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ قارا تەنلىكلەر ئىنقىلابقا

ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار ئىنقىلابنى ئۇزۇكسىز كېڭەيتىپ، بىر قاتار دېموكراتىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئىنقىلاب جەريانىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى.

بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇش كاپىتالىزم تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىشچىلار سىنىپى ئىنقىلابتا چېنىقتى، سىنىپىي ئېڭى ئۆستى، تەشكىلىي جەھەتتىمۇ مۇستەھكەملەندى. شۇڭا، ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئىشچىلار ھەرىكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش مەزگىلىگە كىردى.

شۇڭا، لېنىن ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا يۇكسەك باھا بېرىپ: «ئىنتايىن ئۇلۇغ، دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېرلىك، ئىلغار ۋە ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە»① دېدى.

① لېنىن: «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 35 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 57 ـ بەت.

ئون ئۈچىنچى باب

# ياپونىيەنىڭ مېيجى يىللىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى

## 1 ـ بۆلۈم توكۇگاۋا بارگاھى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياپونىيە

### 1. توكۇگاۋا بارگاھىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى

توكۇگاۋا بارگاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئېدودا قۇرۇلغان بارگاھ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى بارگاھ سەركەردىسىنىڭ قولىدا ئىدى. سەركەردە «چەت ئەللەرگە يۈرۈش قىلغۇچى چوڭ سەركەردە» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ قېرىلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار (بەزىدە قېرىلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۈستىدە قېرىلار تۇراتتى) باشچىلىقىدىكى بارگاھ بيۇروكراتلىرىغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. تېننو ۋە بەگ (ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى)لەر كيوتودا تۇراتتى، تېننو بارلىق چوڭ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، پەقەت پۈتۈن ياپونىيەنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

پۈتۈن مەملىكەت چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان فېئوداللىق يەرلەرگە ئايرىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى بارگاھ سەركەردىسىنىڭ يېرى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى، ئۇچ چوڭ شەھەر

(ئېدو، ئوساكا ۋە كيوتو)مۇ بارگاھنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. تېننو ۋە بەگ (تۆرە)لەرنىڭمۇ يېرى بار، بۇ يەرلەرنى قوشسا، ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 120 مىڭ دەن ئاشلىق ئەتراپىدا بولاتتى، قالغان يەرلەر 260 نەچچە فېئودال يەر ئىگىسىگە — ۋاسساللارغا تەۋە ئىدى. ۋاسساللارنىڭ يېرى ۋاسساللىق يەر دەپ ئاتىلاتتى، شۇڭا ۋاسسال ۋاسسال بېگى دېيىلەتتى. ئۇلارنىڭ يېرى نامدا سەركەردە سۆيۈرغال قىلىپ بەرگەن بولغاچقا، ئۇلار سەركەردىگە سادىق بولاتتى ھەمدە سەركەردىنىڭ ھەربىي جەھەتتە ياكى باشقا تەرەپلەردىكى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالاتتى. ھەربىي جەھەتتە بارگاھ كونتروللۇقىدىكى ئارمىيەدە كۆپ بولغاندىمۇ 80 مىڭدىن ئوشۇقراق ئادەم بار ئىدى، ۋاسساللارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرىي كۈچ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 10 مىڭ ئادەمدىن ئاشمايتتى. ۋاسساللار ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى: بىرىنچى، «قانداش (نەسەبداش) ۋاسسال بولۇپ، توكۇگاۋا سەركەردىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئىدى. ئىككىنچى، «ئىچكى ۋاسسال» بولۇپ، توكۇگاۋا جەمەتىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرى ياكى توكۇگاۋا بارگاھى ھوقۇق ئىگىلەشتىن ئىلگىرى توكۇگاۋا جەمەتىنى قوللىغان ۋاسساللار بولۇپ، ئۇلارمۇ بارگاھنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈچىنچى، «يات ۋاسسال» بولۇپ، 1600 ـ يىلى سىكىگا تۈزلەڭلىكى جېڭى[1]دىن كېيىن بارگاھ سەركەردىسىگە بويسۇنغان ۋاسساللار ئىدى. ئۇلار بارگاھ ھاكىمىيىتىگە قاتنىشالمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ سەركەردە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئەمەس ئىدى. بارگاھ «يات ۋاسسال»لارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېدوغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «توپىلاڭ كۆتۈرۈش»ىدىن ساقلىنىش

① بۇ سەركەردە توكۇگاۋا ئېياسۇنىڭ مەملىكەتنى تىنچىتقان بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچى ئوپېراتسىيەسى.

يۇرتىدىن ئۇلارنى گۈرۈگە ئىلتۇالغانلىق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆز زېمىنى تەۋەسىدىلا ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، مەمۇرىي، قانۇن تۈزۈش، ئەدلىيە ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى چوڭ ھوقۇقلا ئىگە ئىدى، ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە ئىدى.

سەركەردە ۋە ۋاسساللار كۆپلىگەن سامۇرايلارنى باقاتتى (بۇ تار مەنىدىكى سامۇراي. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سەركەردە ۋە ۋاسساللارمۇ سامۇراي)، مەملىكەت بويىچە 400 مىڭدىن ئارتۇق سامۇراي بار ئىدى. سەركەردىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سامۇرايلار «تۇغلۇق» ۋە «ئۇلاغچى» دەپ بۆلۈنەتتى، ئالدىنقىسىنىڭ ئورنى ئەۋزەل بولۇپ، بارگاھ ھاكىمىيىتىگە قاتنىشالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توكۇگاۋا جەمەتىنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇلارغا تەۋە ئىدى. ۋاسساللارنىڭ قول ئاستىدىكى سامۇرايلار «نوپۇزلۇق سامۇراي» ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇراي دەپ بۆلۈنەتتى، ئالدىنقىسى ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان سامۇراي بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشالايتتى. سامۇرايلار ئىچىدىكى تۇغلۇقتىن باشقىلىرىنىڭ يېرى يوق ئىدى، ئۇلار سەركەردە ياكى ۋاسساللارنىڭ تارقاتقان مائاشى بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. سامۇرايلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ كەسپىي ئەسكەرلەر بولغاچقا، سەركەردە ياكى ۋاسساللارغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئۇلار قىلىچ ئېسىپ يۈرۈش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بارگاھ تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈلمە ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى سامۇراي، دېھقان، ئىشچى ۋە سودىگەردىن ئىبارەت تۆت تەبىقىگە بۆلۈنىدى. «سامۇراي» ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ، سەركەردە، بەگ، بارگاھ ۋە ھەرقايسى ۋاسسال خوجايىنلىرى ھەمدە سامۇرايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇلار پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 10% ىنى تەشكىل قىلاتتى. «دېھقان»، «ئىشچى»، «سودىگەر» قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ھېسابلىناتتى. «دېھقان»لار

پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 80% ىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار سەركەردە، تېنىنو، بەگ، ۋاسسال ۋە تۇغلۇقلارنىڭ يېرىدىكى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، فېئودال يەر ئىگىسىگە يەر ئىجارىسى ياكى يىللىق باج (كۆپ قىسمى نەرسە، بىر قىسمى ھۆددە قىلىنغان بىنەم يەر ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇراتتى) تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. يەر ئىجارىسى «ھۆكۈمەتكە بەش ئۇلۇش، پۇقراغا بەش ئۇلۇش»، «ھۆكۈمەتكە ئالتە ئۇلۇش، پۇقراغا تۆت ئۇلۇش»، ھەتتا «ھۆكۈمەتكە سەككىز ئۇلۇش، پۇقراغا ئىككى ئۇلۇش» بويىچە تاپشۇرۇلاتتى، بۇنىڭدىن ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. فېئودال يەر ئىگىلىرى دېھقانلاردىن ھەرخىل ھاشارلارنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى، يەنى فېئودال يەر ئىگىلىرى سىرتقا سەپەرگە چىققاندا ئېھتىياجلىق بولغان هارۋىكەش، ئات قاتارلىقلارنى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارغا ئالۋان سالاتتى. بۇ، دېھقانلارغا تولىمۇ ئېغىر بولغان نورمىدىن سىرتقى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ھېسابلىناتتى. فېئودال يەر ئىگىلىرى ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق دېھقانلارنى يەرگە بەند قىلىپ قويىدى، ئۇلارنى نۇرغۇن ئەركىنلىكىدىن، يەنى كۆچۈش ئەركىنلىكى، كەسىپنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكى، شۇنىڭدەك سودىگەرچىلىك ياكى تېرىلغۇ يەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلاردىن مەھرۇم قىلدى، ھەتتا دېھقانلارنىڭ ئۆزى ئەڭ پايدىلىق دەپ قارىغان زىرائەتلەرنى تېرىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. يېزىلاردا «بەش ئائىلىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا بىرەر ئائىلە يەر ئىجارىسى تۆلەشنى كېچىكتۈرسە ياكى «جىنايەت سادىر قىلسا»، قالغان تۆت ئائىلە چېتىشلىق جاۋابكارلىققا تارتىلاتتى. نۇرغۇن دېھقانلار ھەر يىلى ئالغان ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەر ئىجارىسى ۋە ھەرخىل باجلارغا تۆلەپ، قولىدا تۈزۈك نەرسە قالماي، ئائىلىسىنىڭ

خىراجىتىنى قامدىيالماي قالاتتى. فېئودال يەر ئىگىلىرى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق: «دېھقانلارنى ئىمجان ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىي پەم» دېدى. بېزىلاردا فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلاردىن باشقا، يەنە يېرى يوق نامرات دېھقانلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ ھەتتا مەھەللىنىڭ جامائەت ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

«ئىشچى»لار قول ھۈنەرۋەنلەرنى، «سودىگەر»لەر سودىگەرلەرنى كۆرسىتەتتى، ئۇلار «ماچىلار» دەپ ئاتىلىپ، فېئوداللىق تەبىقىدىكى تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ھېسابلىناتتى. بارگاھ فېئودال ئىگىلىكىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تېخىمۇ قاتتىق چەكلىدى. 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردىن بۇيان، بارگاھ ياكى ۋاسسال بەگلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردا ئاتالمىش «كابۇناكاما»دىن ئىبارەت فېئودال كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىغا قاتناشقانلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە «كابۇناكاما»نىڭ سانائەت، سودىنى مونوپول قىلىشى ئىدى. «كابۇناكاما» كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەرنى قاتتىق نازارەت قىلاتتى، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ ساتقان تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەيتتى، سودا قاتارلىقلارنى كونترول قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنلەر ھەمدە سودىگەرلەر ئېغىر باج ـ سېلىقنى ئۈستىگە ئالاتتى، سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز ئورۇندا ئىدى، ھەتتا جىسمانىي ھوقۇقىمۇ كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. سامۇرايلار ئەگەر ئۇلارنى «ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دەپ قارىسا، «ئۆلتۈرۈلگەننىڭ سورىقى يوق» دېگەن قانۇن بويىچە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

«سامۇراي، دېھقان، ئىشچى، سودىگەر»لەردىن باشقا، يەنە

30 ~ 40 مىڭ «زاتى پەسلەر» بار بولۇپ، ئۇلار «ئېتا سەرگەردانلار سىنىپى» ۋە «نائەھلى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. «ئېتا»لار تۇغما «زاتى پەس»لەر، كىملىكىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتسە بولمايدۇ، ئۇلار خورۇم ئىشلەش، چىغ ئاياغ توقۇش، قاسساپلىق قاتارلىق «پەس» كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك دەپ قارىلاتتى. «نائەھلى»لىقمۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالاتتى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاۋام خەلق جىنايەت ئۆتكۈزسە، «نائەھلى» قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلەتتى، ئۇلار ئويۇن قويۇپ پۇل تېپىش، تىلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرەتتى، بەزىدە بارگاھ ئۇلارنى يېنىغا تارتىپ گۇندىپاي ياكى جاللات (كاللا كېسەر) ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى «ئېتا»لاردىن تۆۋەن ئىدى. «زاتى پەس»لەر جەمئىيەتتە خىلمۇخىل كەمسىتىلەتتى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. بۇنداق قاتتىق تەبىقە تۈزۈمى ئاستىدا، تەبىقىلەر ئۆز ئارا توي قىلىشقا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامۇراينىڭ بالىسى مەڭگۈ سامۇراي بولاتتى؛ دېھقان، ئىشچى، سودىگەرلەرنىڭ بالىلىرى مەڭگۈ دېھقان، ئىشچى، سودىگەر بولاتتى.

## 2. فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ بىخ ئۇرۇشى

18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ياپونىيە ئاساسىي جەھەتتىن ناتۇرال ئىگىلىكنى ساقلاپ كەلدى، ئاشلىقلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق كۈندىلىك ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى دېھقانلار ئىشلەپچىقىراتتى، ۋاسساللارنىڭ ئىگىلىكىمۇ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش پرىنسىپ قىلىناتتى. بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، تاشقى سودا جۇڭگو، گوللاندىيە ۋە چاۋشيەن بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ قاتتىق چەكلىمە دائىرىسىدىلا ئېلىپ

بېرىلدى. شۇڭا، پۈتكۈل ياپونىيەمۇ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشتىن ئىبارەت تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈردى. ياپونىيە جەمئىيىتى خۇددى توختام سۇغا ئوخشاپ قالدى.

ئەمما، 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن كېيىن، ناتۇرال ئىگىلىك قەدەممۇ قەدەم تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بەزى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئېشىپ قالغانلىرى تاۋار ئورنىدا سېتىۋېتىلەتتى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ـــ ئۈجمە، كېۋەز، قىچا، ئىندىگو ئۆسۈملۈكلىرى، موم دەرىخى، شېكەر قومۇشى، چاي ۋە كۆك تاماكا قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ مەھسۇلاتلارنى ماتېرىيال قىلغان يېزا ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. تاۋار ئىگىلىكى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدە، يېزىلاردىكى سىنىپىي بۆلۈنۈشمۇ كۈندىن ـ كۈنگە روشەن بولدى، «يەرلىك پۇقرا»لارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى باي دېھقانلارغا ئايلىنىپ، مەدىكار يالالاپ كەڭ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلدى. بەزى باي دېھقانلار سودىگەرلەرنىڭ ھۆددىگەر خېرىدارى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئالدى بىلەن خام ئەشيا (پاختا)نى دېھقانلارغا قەرز بېرىپ تۇراتتى، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسۋاب ـ سايمانلىرى بىلەن رەخت توقۇيتتى، ئاندىن نەق پۇل تۆلەپ، قەرز ئالغان پاختىسىنىڭ ھەققىنى تۆلەيتتى. بەزىلىرى توقۇش دەستىگاھىنى دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرەتتى، دېھقانلار ئۆيلىرىدە ئۇلار ئۈچۈن رەخت توقۇيتتى. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزم خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، تارماق ئۇستىخانا قول ھۈنەرۋەنچىلىك شەكلى ئىدى. توپ تارقىتىدىغان چوڭ سودىگەرلەر پاختا توقۇمىچىلىق ئۇستىخانىلىرىنى قۇرۇپ «توقۇمىچى ئايال»نى يالالاپ رەخت توقۇتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەركەزلەشكەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك

ئۆستىخانىلىرى پاختا يىپ ئېگىرىش ئىشلىرىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، يىپەك توقۇش، قەغەز ياساش، هاراق چىقىرىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىمۇ قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىخانىلىرى بارلىققا كەلدى. قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى باي دېهقانلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ۋاسىتىلاردىن كەلگەن شەهەر سودىگەرلىرى ئىدى.

19 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن كاپىتالىستىك ئۆستىخانا قول هۈنەرۋەنچىلىكى بارا ـ بارا هۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇساكادا دەل شۇنداق ئەهۋال يۈز بەردى. 1842 ـ يىلى ئۆتا دېگەن جايدىكى ئوسى يېزىسىدا توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 18 ئائىلە 137 ئىشچىنى ئىشلەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياللاپ ئىشلەتكەنلىرى 87 گە يېتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، كانتو رايونىدىكى يىپەك توقۇمىچىلىقىدا تەخمىنەن 260 قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىخانىسى بار بولۇپ، هەربىر ئۆستىخانىنىڭ ئالتىدىن ئونغىچە دەستىگاهى بار ئىدى. 1854 ـ يىلى پۇتكۇل ياپونىيەدە ئوندىن ئارتۇق ياللانما ئىشچىسى بار قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىخانىسىدىن 300 ى بار ئىدى، 1867 ـ يىلىغا كەلگەندە 400 دىن ئېشىپ كەتتى. بىراق، پۇتكۇل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىخانىلىرى هۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى.

يېزىلاردا كۆپلىگەن باي دېهقان ۋە سودىگەرلەر فېئودال يەر ئىگىلىرىدىن يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىشنى هۆددىگە ئالدى ۋە بۇ يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنى دېهقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ يېڭى پومېشچىكلارغا ئايلاندى. يەنە بەزى باي دېهقان، سودىگەر ۋە جازانىخورلار كەمبەغەل دېهقانلارغا ئۆسۈملۈك قەرز بەردى، بۇ كەمبەغەل دېهقانلار قەرزنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا،

ئۇلارنىڭ رەتتىگە قويۇلغان يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن باي دېھقان، سودىگەر ۋە جازانىخورلارمۇ يېڭى پومېشچىككە ئايلاندى. يېڭى پومېشچىكلار يەرلىرىنىڭ ئالىي ئىگىدارلىق ھوقۇقى فېئودال يەر ئىگىلىرىگە مەنسۇپ ئىدى، شۇڭا ئۇلار يىل بويىچە فېئودال يەر ئىگىلىرىگە يىللىق باج ـ سېلىق تۆلىشى كېرەك ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار يەرنى ئىجارىگە ئالغان دېھقانلارنى شەپقەتسىزلارچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. دېھقانلار ھەر يىلى ئالغان ھوسۇلىنىڭ 70% تىن 80%كىچە بولغان قىسمىنى فېئودال يەر ئىگىلىرى ۋە يېڭى پومېشچىكلار تارتىۋالاتتى. يېڭى پومېشچىكلار يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن باشقا، يەنە بەزىلىرى يىللىقچى ۋە مەدىكارلارنى ياللاپ ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىجارەتچى پومېشچىكلارغا ئايلاندى. بۇ يېڭى پومېشچىكلار دېھقانلارنى، ياللانما دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار ئۆزىمۇ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى.

## 3. ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر

كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيە ـــ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانا ئىگىلىرى، مالنى توپ تارقىتىدىغان چوڭ سودىگەرلەر ھەمدە باي دېھقانلار بارلىققا كەلدى. يېڭى پومېشچىكلارمۇ، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ مۇلۇكچىلىكىنى يىمىرىۋاتقان ئامىل سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ھاياتىي كۈچ ئىدى. يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادىي بارگاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قاتمۇقات توسالغۇلىرىغا، شۇنداقلا ئىمتىيازلىق چوڭ

سودىگەرلەرنىڭ چەكلىمىسى ۋە بېسىمىغا ئۇچرىدى، شۇڭا ئۇلار ۋاسسال خوجايىنلىق تۈزۈلمىسىگە قاتتىق نارازى بولدى. يېڭى يومېشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ يېرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق هوقۇقىدىن تولۇق بەهرىمەن بولۇشنى، دېهقانلارنىڭ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قوشۇپ بەرگەن يىللىق باج ـ سېلىق مەجبۇرىيىتىگە قارشى چىقتى، شۇنداقلا ۋاسسال خوجايىنلىق تۈزۈمىگە، فېئوداللىق يەر تۈزۈمىگە قارشى چىقتى. لېكىن، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئادەم سانى ئاز، ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار تېخى مۇستەقىل، كۈچلۈك سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى.

يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيە بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ۋاسسال خوجايىنلىرىغا بېقىندى بولۇپ قالغان ئىمتىيازلىق چوڭ سودىگەرلەر («سىياسىي سودىگەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھەقىقەتەن ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك گۇرۇھ ئىدى. ئۇلار فېئودال يەر ئىگىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، باجنىڭ ھەممىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋېلىش ئارقىلىق ھەرخىل مونوپول تىجارەت ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرنى چەكلەپ ۋە چەتكە قېقىپ، ئاخىر چوڭ سودىگەر، چوڭ پۇل مۇئامىلە جازانىخورى ۋە چوڭ كان ئىگىسىگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مىتسۇئى، كونوئىكې ئونو، سۇمىتومۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بۇ ئىمتىيازلىق سودىگەرلەر نۇرغۇن بايلىق توپلاپ مەملىكەت ئىچىگە كۆز تىكتى، خونداربيۇئاكىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1790 ـ يىلى «ياپونىيە بايلىقىنىڭ 15/16 قىسمى سودىگەرلەرنىڭ قولىدا، 1/16 قىسمى سامۇرايلار جەمەتىنىڭ قولىدا ئىدى...» تولۇق ئىقتىسادىي كۈچ ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە قىلدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ۋاسسال خوجايىنلىرىنىڭ مالىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇقدىلىشقا

باشلىدى، سەركەردە ۋە چوڭ سىياگۇن (چوڭ خوجىدار)لار چوڭ سودىگەرلەردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قەرزنىڭ ئومۇمىي سانى 60 مىلىيون سەر ئالتۇنغا، يىللىق ئۆسۈمىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 300 مىڭ دەن گۇرۇچكە يەتتى، بەزى چوڭ سىياگۇنلار كاتتا سودىگەرلەرگە زىيادە قەرزدار بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، كاتتا سودىگەرلەرنىڭ ۋاسسال ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىشىغا ئامالسىز رۇخسەت قىلدى ۋە سامۇراي سالاھىيىتىنى سېتىۋېلىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارغا قىلىچ ئېسىپ يۈرۈش ئىمتىيازىنى بەردى. بۇ كاتتا باي سودىگەرلەرنىڭ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، يەنە كېلىپ فېئوداللىق تۈزۈم قويىنىدا تىرىكتاپلىق قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قارشىلىشىش ئورنىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن يوسۇندا پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت ئىدى. سەركەردە، چوڭ سىياگۇنلار ھەر ۋاقىت ھەقدارلىق ھوقۇقىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلالايتتى، ھەتتا ھەرخىل گۇناھلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۇلارغا قالايمىقان جىنايى جازا بېرەتتى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى كاپالەتتىن مەھرۇم قىلىناتتى. شۇڭا، بۇ گۇرۇھ ۋاسسال خوجايىنلىق فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نارازى ئىدى. بىراق، بۇ گۇرۇھ بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولغاچقا، ۋاسسال خوجايىنلىق فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈچ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشى سامۇرايلارنىڭ ئورنىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەشەمەتخورلۇقىنى ئېشىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ

مالىيەسىدە چىقىمى كىرىمىنى قاپلىيالماسلىق ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئۇزاق ۋاقىت خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈپ، ساموۇرايلارنى بېقىش بىر خىل ھاجەتسىز مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى، شۇڭا كۆپلىگەن چوڭ سىياگۇنلار ساموۇرايلارنىڭ مائاش (مائاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان گۈرۈچ)[①]نى كېمەيتتى، بەزىلىرى يېرىم ھەسسە كېمەيتىۋەتتى. بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ساموۇرايلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان بولۇپ، «قىشتا يالاڭ چاپان، يازدا پاختىلىق چاپان كىيىدىغان، تۇزۇك تۇرار جايى بولمىغان، كونا ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان» ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، باشقا تىرىكچىلىك يولى بىلەن جان باقاتتى. كۆپلىگەن ساموۇرايلار قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، سېنداي ۋاسسالىلىقىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ساموۇرايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچىلىرى سودىگەرچىلىك قىلاتتى، بەزىلىرى مالنى توپ تارقىتىدىغان كاپىتالىست ئىدى. يەنە بىر قىسىم ساموۇرايلار جان بېقىش ئۈچۈن ساموۇرايلىقىدىن ۋاز كېچىپ «سەرگەردان»لارغا ئايلىنىپ شەخسىي مەكتەپ ئاچتى ياكى دوختۇر بولدى، بەزىلىرى يازغۇچى بولۇپ كەتتى. ساموۇرايلارنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى ياپونىيە ساموۇرايلىرىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. ياپونىيەنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ساموۇرايلىرى ياۋروپانىڭ رىتسارلىرى بىلەن ئوخشىمايتتى، كېيىنكىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بار بولۇپ، ئۇلار فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بىلەن تەقدىرداش ئىدى، لېكىن ياپونىيە تۆۋەن دەرىجىلىك ساموۇرايلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىگەن يېرى يوق ئىدى، پەقەت مائاشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان

① ساموۇرايلارنىڭ ئالىدىغان مائاشى ئەسلىدىلا كۆپ ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىرىمى 35 دەندىن تۆۋەن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

گۈرۈچلا ئۇلار بىلەن فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى، مانا بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار بىلەن فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىقىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، سامۇرايلار مائاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان گۈرۈچ كېمەيتىلسە ياكى ئۈنىڭدىن مەھرۇم قالسىلا، باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتەتتى، تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارنىڭ بۇ ئۆزگىرىشى ھۆكۈمران سىنىپتىن قۇتۇلغانلىقى ھەمدە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

يېزىلاردا دېھقانلار ئارىسىدىن ئاز ساندىكى پومېشچىكلار، باي دېھقانلار ۋە كاپىتالىستلار بۆلۈنۈپ چىقىش بىلەن بىللە، بىر قىسىم دېھقانلار زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئۇلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، «سىيتان»، يالانما دېھقان، ئىجارىكەش دېھقان ياكى توپ سېتىۋالغۇچىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىغان ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەن، يالانما ئىشچى قاتارلىقلارغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، يېزىلاردا «يەرلىك پۇقرالار» كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار «سىيتان»، يېرىم پىرولېتارلارغا ئوخشاش فېئودال يەر ئىگىلىرى، يېڭى پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچراپ، تولىمۇ جاپالىق، نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دېھقانلار نامرات، يەر ئۈنۈمسىز بولغاچقا، يىل بويى ھوسۇل ئالالماي دائىم ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، ئاچلىقتىن جىلغىلاردا ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھە دېگەندىلا 10 مىڭ، ھەتتا 100 مىڭغا يېتەتتى.

ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغان دېھقانلار تەبىئىي ھالدا ئېكسپلاتاتسىيە، ئېزىلىش بولمىغان غايىۋى جەمئىيەتكە تەلپۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرى ئاندو شويېكىنىڭ (1707 ~ ؟) ئىدىيەسىدە ئەڭ روشەن ئەكس ئەتتى. ئاندو شويېكى دوختۇر بولغان، خەلقنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ بەختسىز قىسمىتىگە ھېسداشلىق قىلىپ، گۈزەل،

ئەركىن، باراۋەر جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئۆزى يازغان «تەبىئىي ھەق يول تېپىش»، «ھەق يول ھەققىدە چىن قىسسە» قاتارلىق كىتابلىرىدا ئىپادىلەندى. ئۇ: «باي ـ كەمبەغەللەر يوق، يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ پەرقى يوق؛ ئەر ـ ئاياللار ئەزىز، پېقىر دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەقىقىي مېھرىبانلىق تېرىقچىلىق، توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كۆپچىلىكتە مەۋجۇت، تېرىقچىلىق، توقۇمىچىلىق قىلماي كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ كويىدا بولغانلار چەكلەنسە، جاھاندا نامراتلارمۇ بولمايتتى» دەپ يازغانىدى. ئۇ بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە، زۇلۇمنى، ھازىرقى «جادۇگەرلىك دۇنيا»نى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، «تەبىئەت ئالىمى»گە قايتىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «تەبىئەت ئالىمى»دە كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋال يوق، كۆپچىلىك باباراۋەر، كىشىلەر ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىپ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى قامدايدۇ، توقۇمىچىلىق قىلىپ كىيىم ـ كېچەككە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى بىر خىل خام خىيال بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ، تەخمىنەن يىلىغا بەش قېتىمدىن توغرا كەلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىم مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قوزغىلاڭ كۆپىيىپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 قېتىمدىن توغرا كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، يەنى 1801 ـ يىلىدىن 1843 ـ يىلىغىچە 320 قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغالدى. بۇ مەزگىلدە قوزغالغان قوزغىلاڭلارنىڭ كۆلىمى چوڭ، ۋاقتى ئۇزۇن بولدى، قاتناشقۇچىلارمۇ 10 نەچچە مىڭدىن 100 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئىلگىرىكى دېھقانلار

قوزغىلىڭدا پەقەت ئىجارە، باجنى كېمەيتىشنىلا تەلەپ قىلىنغان بولسا، بۇ مەزگىلدىكى قوزغىلاڭلاردا يەر تەقسىم قىلىش، پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتىش قاتارلىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بارگاھنىڭ شەھەر خەلقىگە ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتىشى، قەھەتچىلىكنىڭ يىلمۇيىل يۈز بېرىشى، سودىگەرلەرنىڭ تاۋارلارنى بېسىپ قويۇش يولى بىلەن هايانكەشلىك قىلىشى، ئاشلىق باھاسىنىڭ تېز ئۆرلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، خەلق تۇرمۇشى بارغانسېرى ياماnlىشىپ، ئاخىر ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىق قوزغالدى. ئاخىر 1837 ـ يىلى ئوساكادا ئوشىئو خاچىرو (1794 ~ 1837) رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى چوڭ بايلار بارگاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ گۈرۈچ باھاسى ۋە مال باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈردى، ئاقىۋەت شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇش كەچۈرەلمەسلىك ھالىغا چۈشۈپ قالدى. ئوساكا شەھىرىدىكى ساقچى (خەلق ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ساقچى) ئوشىئو خاچىرو (ھەم ئالىم) ئاۋام خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلسا، نىجاتلىق يولى تاپالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. 1837 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئوساكادىكى قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار ئوشىئو خاچىرونىڭ باشلامچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار گۈرۈچ دۇكانلىرىنى ۋەيران قىلدى، كاتتا بايلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان قوزغىلاڭ پۈتۈن ئوساكا شەھىرىنى زىلزىلىگە سالدى. قوزغىلاڭ دەرھال باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ قوزغىلاڭ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ

شەھەردىكى ئاۋام خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بارگاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى بىر سىناق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە سېتسۇ، ئېچىگو ۋە سوخو قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

## 4. تېنخو يىللىرىدىكى ئىسلاھات

فېئودال ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ يىمىرىلىشى، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ يېتىلىشى ھەمدە شەھەر ـ يېزىلاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى توكۇگاۋا بارگاھى ۋە ۋاسساللار ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران بولۇش گىرداۋىغا ئەكېلىپ قويدى. توكۇگاۋا بارگاھى جان تالىشىۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن خەلقنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتالمىش «ئىسلاھات»نى يولغا قويۇش ئارقىلىق بارگاھنىڭ مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تاۋارلارنىڭ ئوبوروتىنى چەكلەپ، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە خەلق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

1842 ـ يىلىدىن 1843 ـ يىلى (تېنخونىڭ 13 ~ 14 ـ يىللىرى)غىچە ئېلىپ بېرىلغان «ئىسلاھات» بارگاھنىڭ «روچيۇ»سى مىزۇنو يوسېيىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولدى. بۇ قېتىمقى «ئىسلاھات» سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەرگە بېرىپ تاقالدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: بىرىنچى، خەلقنىڭ جانبازلىق سەنئىتىنى مەشىق قىلىشىنى ۋە قولىدا قورال بولۇشىنى چەكلىدى، دېھقانلارنىڭ ئۇيۇشۇپ پائالىيەت قىلىشىنى قاتتىق چەكلىدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت دېھقانلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئىدى. ئىككىنچى، «قايتىش پەرمانى» تارقىتىپ سىرتقا چىقىپ

ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى يېزىلارغا مەجبۇرىي قايتۇردى، ئۇلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ ئىشچى بولۇشىنى چەكلىدى، ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى چەكلىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۈۋىلەرچە ئۇرۇنۇش ئىدى. ئۈچىنچى، «راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشنى چەكلەش، قائىدە ـ يوسۇننى ئۆگىنىشدى.» «راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشنى چەكلەش»تىكى مەقسەت تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويۇش ئىدى. «قائىدە ـ يوسۇننى ئۆگىنىش»تىكى مەقسەت يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە يېڭى ئىدىيە — «رېنگاكو»[1]نى بىكار قىلىش ئىدى. تۆتىنچى، شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سودىگەرلەردىن ئېغىر باج ـ سېلىق ئېلىش، مال باھاسىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى چەكلەپ، فېئودال ناتۇرال ئىگىلىك تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بەشىنچى، چوڭ سىياگۇنلارنىڭ، تۇغلۇقلارنىڭ بارگاھقا بوغۇلۇپ قالغان قەرزىنى كېمەيتىۋەتتى ياكى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە ياكى ئۇلارغا يېڭىباشتىن قەرز پۇل بەردى، بۇ ئارقىلىق كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن فېئودال يەر ئىگىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولدى. فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئائىلە كىشىلىرى ھەربىي مەشىق قىلىسا مۇكاپاتلاپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولچوماقلىرىنى كۈچەيتتى. ئالتىنچى، «يەر ئېلىش پەرمانى» تارقىتىپ، ئېدو، ئوساكا ئەتراپىدىكى ئون چاقىرىم دائىرە ئىچىدىكى چوڭ سىياگۇنلار ۋە تۇغلۇقلارنىڭ يەرلىرىنى بارگاھنىڭ تەۋەلىكىگە بۆلۈپ بەردى.

[1] بېكىنمىچىلىكتىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرىدىن گوللاندىيەنىڭلا ياپونىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ياپونلار دۆلىتىگە كەلگەن گوللاندىيەلىك سودىگەرلەر ئارقىلىقلا غەرب دۇنياسىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىنى چۈشەنەتتى. شۇڭا، غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتى «رېنگاكو» دەپ ئاتالغان.

بۇ «ئىسلاھات» كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تارىخ چاقىنى كەينىگە ياندۇرۇشقا تەلۋۈلەرچە ئۇرۇنۇپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ جان تالىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى بارگاھ ھاكىمىيىتىنىڭ «ئىسلاھاتى» بارگاھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر، چوڭ سىياگۆنلار ۋە شەھەردىكى سودىگەرلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

بارگاھتا ئېلىپ بېرىلغان «ئىسلاھات»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەرقايسى ۋاسساللاردىمۇ «ۋاسسال ھاكىمىيىتىنىڭ ئىسلاھاتى» ئېلىپ بېرىلدى. ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىسلاھاتتا بارگاھنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئوخشاشلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. لېكىن، غەربىي جەنۇبتىكى ۋاسسال ناگاسۇ، ساتسۇما، ساگا ۋە خىزېنلاردا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ يۇقىرىدىكى ۋاسساللارنىڭ ئىسلاھاتى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئاساسەن ماسلاشقانلىقىدىن بولغان ئىش.

ئەسلى غەربىي جەنۇبتىكى ۋاسساللارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان، سىنىپىي بۆلۈنۈشمۇ خېلى كەسكىن ئىدى، دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئاۋام خەلق قوزغىلىڭىمۇ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىپ تۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جايدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىكلار، سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىسى بولغان تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار غەربنىڭ ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغاچقا، ۋاسسال ھاكىمىيىتىنىڭ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تۆت ۋاسسال 1838 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ

ئىسلاھاتنى باشلىدى. ئالدى بىلەن ناگاسوْدا ئىسلاھات ئېلىپ باردى، ئىسلاھاتنىڭ مەزموْنى موْنداق: بىرىنچى، ۋاسسالنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى (ۋاسسال خوجايىنىنىڭ شەخسىي خىراجىتىنىموْ ئۆز ئىچىگە ئالىدوْ) ۋاسسالنىڭ ساموْرايلىرى بىلەن خەلقىگە ئاشكارىلىدى ۋە ئىسلاھات توغرۇلۇق پىكىر ئالدى. ۋاسسال ھاكىمىيىتىنىڭ ئادەتتىكى يېتەكچى پىرىنسىپلىرىنى ۋاسسالنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساموْرايلار ئەركىن موْزاكىرە قىلدى. ئىككىنچى، «دەرىجە ئاتلىتىپ ئادەم ئىشلەتتى»، ئىقتىدارلىقلارنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى. بوْ تۆۋەن دەرىجىلىك ساموْرايلارنىڭ ۋاسسال ھاكىمىيىتىگە قاتناشقانلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئوْچىنچى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتتى، ئوْنوْمسىز يەرلەرنىڭ ئىجارىسىنى كۆتۈروْۋەتتى. بوْ تېرىلغوْ يەرلەرنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سوْروْپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، شوْنداقلا ئاساسلىقى باي دېھقانلارغا پايدىلىق بولدى. تۆتىنچى، بايلارغا زەربە بېرىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ساموْرايلارغا ياردەم بەردى. جازانىخورلۇق چەكلەندى. بەشىنچى، مائارىپ ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلدى، مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ، غەربتىن ئۆگەنگەنلەرنى موْكاپاتلاپ، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشلەتتى، غەرب ئەللىرىنىڭ ملىتىق، زەمبىرەكلىرىنى ئىشلىتىپ ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدوْردى.

غەربىي جەنوْبتىكى باشقا ۋاسساللارنىڭ ئىسلاھات مەزموْنىموْ ئوْنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ساتسوْما ۋاسسالى ئىسلاھاتتىن كېيىن ئوْكىناۋا بىلەن بولغان سودىنى كۈچەيتىپ، جەنوْبتىكى ئاراللارنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتتى. بوْ ۋاسسال ھەربىي جەھەتتە، بولوْپموْ دېڭىز قوشوْنى جەھەتتە غەربنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. شوْڭا، ساتسوْما كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ياپونىيەنىڭ يېقىنقى زامان دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاساسى بولوْپ قالدى.

غەربىي جەنوْبتىكى تۆت ۋاسسال ئىسلاھات داۋامىدا يەنە

«دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ قوشۇننى كۈچەيتىش»، «ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

غەربىي جەنۇبتىكى تۆت ۋاسسال ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئوبوروتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى، پومېشچىك، باي دېھقان ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئىككىنچى، ۋاسسالنىڭ مالىيە كۈچى ئاشۇرۇلدى. ئۈچىنچى، تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارنىڭ ۋاسسال ھاكىمىيىتىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. تۆتىنچى، ھەربىي جەھەتتە غەربنىڭ تېخنىكىسى قوللىنىلغاچقا، ۋاسسالنىڭ ئەمەلىي كۈچى مۇستەھكەملەندى.

## 2 ـ بۆلۈم 1868 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، توكۇگاۋا بارگاھى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇ قوغداپ تۇرغان بىر يۈرۈش فېئوداللىق تۈزۈم ياپونىيەنىڭ يېڭىدىن راۋاج تاپقان كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. بىرىنچى، فېئودال يەر ئىگىلىرى، يېڭى پومېشچىكلار، شۇنىڭدەك جازانىخورلارنىڭ قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيەسى ئاستىدا دېھقانلار يەنە نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى، بۇ ئىچكى بازارنىڭ ئىنتايىن تار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودال يەر ئىگىلىرى دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئىختىيارىيچە تاشلاپ كېتىشىنى چەكلىدى، بۇ ھال سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا كېرەكلىك بولغان ئەركىن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەنبەسىنى

تۇسۇپ قويدى. ئىككىنچى، بارگاھ ھۆكۈمرانلىقى فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتنى يوقاتمىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاسسال بەگلىكلەر كەينى - كەينىدىن بارلىققا كەلدى. ئۇلار چېگرادا چازا (ئۆتكەل)لەرنى تەسىس قىلدى، ئۆز ئالدىغا پۇل ئىشلەتتى. مانا بۇ تاۋارنىڭ ئەركىن ئوبوروتىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. ئۈچىنچى، بارگاھ ۋە چوڭ سىياگۇنلار سودا - سانائەتچىلەردىن كۆپلەپ ئالۋان - ياساق ئالدى، بۇ كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. تۆتىنچى، بارگاھ ھۆكۈمىتى سودا - سانائەتچىلەرنىڭ پائالىيىتىگە خىلمۇخىل چەكلىمىلەرنى قويدى، لېكىن نەپ تېگىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى. بارگاھ فېئوداللىق ئىگىلىك ئاساسىنى قوغداش ئۈچۈن تاۋار ئىگىلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر قاتار ئەكسىيەتچىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. بارگاھ 1864 - يىلى 2 - ئايدا ئۈجمە، چاي تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى قاتتىق چەكلەش پەرمانىنى تارقاتتى. 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۈجمە دەرىخى تىكىشنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 6 - ئايدا يەنە خام يىپەك، چاي قاتارلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى. يىغىپ ئېيتقاندا، فېئوداللىق تۈزۈم بازىسىدىن ئۈستقۇرۇلمىغىچە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇردى.

ياپونىيە بۇرژۇئازىيە كۈچلىرى قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچ بولۇشقا تېخى شەرتى توشمىسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئازىيەلەشكەن تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار كۈچلۈك گورۇھ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار ئارىسىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر مەدەنىيەت ئىگىلەپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كۆزگە تەلىماتچىلىرى، گۇمانىستار پەنچىلەر، رېنگاكوچىلار ۋە ئەجنەبىيچە ئالىملار مەيدانغا چىقتى. يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، شەرقنىڭ

مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يەنىلا ھاكىمىيەت، ئىگىدارچىلىق قالدۇقلىرى چوڭقۇر ئىگە بولۇپلا قالماستىن،
غەربنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق كۆزىتىپ، بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىگە
قىزىقىپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار
سىياسىي كۈرەش تەجرىبىسىگە ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولۇپ، ۋاسساللارنىڭ ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتىدا بارا ـ بارا
كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
تۈركۈملىرى قەيسەر، جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك، تەدبىرلىك
جامائەت ئەربابى ھەم تەشكىلاتچىلار بولۇپ قالدى. شۇڭا، تۆۋەن
دەرىجىلىك سامۇرايلار فېئوداللىزمغا قارشى تۈرۈشتا رەھبىرىي
كۈچ بولۇشقا تولۇق ئىقتىدار بار ئىدى.

پۈتكۈل توكۇگاۋا بارگاھى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن
مەزگىللەردە دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ
ئىسيانلىرى 1000 قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى، كۆلىمى
بارغانسېرى چوڭايدى، قېتىم سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.
كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى
خەلق بارگاھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ
شەكىللەندى.

شۇڭا، دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ياپونىيە بۇرژۇئازىيە
ئىنقىلابىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
شەرتلەرنىڭ ھازىرلىنىشىغا ياپونىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى سەۋەب بولغانىدى.

لېكىن، چەت ئەل كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى
ۋە زەربە بېرىشى ياپونىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ
كېلىشىنى تېزلەتتى.

## 1. چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى غەربتىكى كاپىتالىستىك
كۈچلۈك دۆلەتلەر چەت ئەل بازىرىنى كېڭەيتىش ۋە خام ئەشيا
ئىشلەپچىقىرىدىغان يەرلەرنى تالىشىش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلىق

ئىبلىس چاڭگىلىنى ياپونىيەگە سوزدى ۋە كېيىن ـ زەمبىرەكلەر بىلەن ياپونىيەنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. ياپونىيەنىڭ دەرۋازىسىنى تۇنجى قېتىم ئاچقان دۆلەت ئامېرىكا بولدى. 1853 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ بىر فىلوتى كونتر ئادمىرال بېرلېيىنىڭ باشچىلىقىدا ياپونىيەگە كېلىپ زەمبىرەك بىلەن تەھدىت سالدى ۋە پورتنى بىر يىللىق مۆھلەت بويىچە ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1854 ـ يىلى بېرلېي ئون ھەربىي پاراخوتتىن تەشكىل تاپقان فىلوت ۋە 2000 كىشىلىك قوروۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترەتنى باشلاپ يەنە ياپونىيەگە كېلىپ پورتنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بارگاھ سەركەردىسى خەلقنى قوزغاپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالماي، ئاخىر ئامېرىكىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. 1854 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كاناگاۋادا «ياپونىيە ـ ئامېرىكا شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ياپونىيە شىمودا، خاكوداتې قاتارلىق پورتلارنى ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىشى ئۈچۈن ئېچىپ بەردى ۋە شىمودادا ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئېچىشقا قوشۇلدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنگلىيە، روسىيە، فىرانسىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئامېرىكا بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ياپونىيەنى ئۆزلىرى بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى.

لېكىن، ئاچ كۆزلۈكتە چېكىگە يەتكەن كاپىتالىزم تاجاۋۇزچىلىرى ياپونىيەدىن ئېرىشكەن ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە رازى ئەمەس ئىدى. 1958 ـ يىلى ئامېرىكا يەنە قورقۇتۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياپونىيەنى يېڭى شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى، بارگاھ يەنىلا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. روشەن ھالدا تەڭ ھوقۇقسىزلىق خاراكتېرىنى ئالغان بۇ شەرتنامىدە «تېخىمۇ كۆپ پورت ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرگە ئېچىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ قانۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدۇ،

ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت بېجى چۈشۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

ئارقىدىنلا ئەنگلىيە، روسىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ياپونىيەنى يۇقىرىقىدەك تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە تۈزۈشكە قىستىدى.

بۇ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنىڭ ياپونىيەگە كۆرسەتكەن ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئىمپورت تاموژنا بېجى نىسبىتى چەت ئەل تاۋارلىرىنى ياپونىيە بازارلىرىغا تولدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە قول سانائىتى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ، شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ھەمدە قول سانائەتنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ياماناشتى. چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ زور مىقداردا ئېقىپ كىرىشى ياپونىيە كاپىتالىستىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا زەربە بېرىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانا خوجايىنلىرىنى كۆپلەپ زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەل سودىگەرلىرى ياپونىيەنىڭ خام ئەشيا ۋە ئاشلىقىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ ئاشلىق كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر يەنە ياپونىيەنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش سېلىشتۇرما باھاسىنىڭ خەلقئارا ئالتۇن ـ كۈمۈش سېلىشتۇرما باھاسى بىلەن ئوخشىماسلىقىدىن پايدىلىنىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ ياپونىيەدىن كۆپ مىقداردا ئالتۇن سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە توشۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ياپونىيەنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش سېلىشتۇرما باھاسى 1:5، خەلقئارانىڭ سېلىشتۇرما باھاسى 1:15 ئىدى، شۇڭا ياپونىيەنىڭ ئالتۇن باھاسى خەلقئارانىڭ تاختاي باھاسىدىن تۆۋەن ئىدى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى بۇ پەرقتىن پايدىلىنىپ، مېكسىكىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىگە ياپونىيەنىڭ ئالتۇنىنى كۆز بويامچىلىق بىلەن سېتىۋېلىپ ئوتتۇرىدىن كۆپ پايدا ئالدى.

ئالتۇن سىرتقا كۆپ مىقداردا ئېقىپ كەتكەنلىكتىن، پەقەت 1859 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە ياپونىيەدىن سىرتقا ئېقىپ كەتكەن ئالتۇن 1 مىليون سەرگە يەتتى. نەتىجىدە، پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ، گۈرۈچ، بۇغداي ۋە تۇز قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياپونىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنچىلىقتا قالدى، بۇ ھال خەلقنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرى دېھقانلار ۋە شەھەردىكى ئاۋام خەلقنىڭ قوزغىلىڭى ھەيۋەتلىك قانات يايدى، 1860 ـ يىلدىن 1867 ـ يىلىغىچە جەمئىي 86 قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى، پەقەت 1866 ـ يىلىلا 40 قېتىم يۈز بەردى. كېيىندىكى بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلار 130 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ قەلئەلىرىنى تارتىۋالدى ياكى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، پومېشچىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى ئۆلتۈردى، شەھەرنى ئىشغال قىلىپ كۆپلىگەن ئەمەلدارلارغا زەربە بەردى.

ئېدو، ئوساكا، كيوتو ۋە باشقا شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەر ئاشلىق يېتىشمەسلىك ھەمدە گۈرۈچ باھاسىنىڭ قىممەتلەپ كەتكەنلىكىدىن ئارقىمۇ ئارقا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار گۈرۈچ سودىگەرلىرى ۋە جازانىخورلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى چاقتى، گۈرۈچ دۇكانلىرى ۋە ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، گۈرۈچنى نامرات ئاھالىلەرگە ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بەردى، شۇنىڭدەك سودىگەرلەرنى گۈرۈچنى تۆۋەن باھادا ئادەتتىكى ئاھالىلەرگە سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى.

تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ئەجنەبىيلەر ۋە چەت ئەللىكنىڭ دۇكانلىرى كەينى ـ كەينىدىن پەيدا بولدى. ئېچىۋېتىلگەن پورتلاردا كونسېسسىيەگە ئوخشاش ئەجنەبىيلەرنىڭ تۇرىدىغان جايىمۇ پەيدا بولدى. ئەنگلىيە

يوكوخامادا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، قورۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ گازارمىسىنى، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتى ۋە قارغا ئېلىش مەيدانى قاتارلىقلارنى قۇردى. ياپونىيە بارگاھى تۇرۇشلۇق جاي ئېدو، شۇنىڭدەك باشقا مۇھىم پورتلار ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي بېسىمى ئاستىدا قالدى. چەت ئەللىكلەر ھەدېسىلا باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەربىي پاراخوتلىرىنى ياپونىيە پورتلىرىغا ھەيدەپ كىرىپ، ھەيۋە كۆرسەتتى، ھەتتا ياپونىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى.

1863 ـ يىلى ناگاسۇ ۋاسسالى ئامېرىكىنىڭ بىر پاراخوتىنى توپقا تۇتتى، كېيىن يەنە فىرانسىيە ۋە گوللاندىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتىنى توپقا تۇتتى. ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە ۋە گوللاندىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە فىلوت 1864 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىمونوسېكىنى توپقا تۇتتى، ئاندىن قورۇقلۇقتا چىقىپ خالىغانچە ئوت قويۇپ قىرغىن قىلدى. ناگاسۇ ۋاسسالى قورال‌لىق تاقابىل تۇرالماي، ئاخىر بىرلەشمە ئارمىيەگە سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تۆت دۆلەت 3 مىليون سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى تۆلەمنى ئېلىۋېلىپ ئىشنى تامام قىلدى.

1864 ـ يىلى 11 ـ ئايدا فىرانسىيە بارگاھ بىلەن يوكوسىكادا دېڭىز ئارمىيەسى زاۋۇتى ۋە تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدا توختام تۈزدى. فىرانسىيە يەنە بارگاھنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ «ئىسلاھاتى»نى يولغا قويۇشىغا، قوغدىشىغا ۋە كۈچەيتىشىگە پائال پىلان تۈزۈپ ياردەم قىلدى. فىرانسىيە ئەلچىسىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بارگاھ مەمۇرىي ئورگانلارنى، ھەربىي تۈزۈم ۋە باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى، يېڭىچە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەل كۈچلىرىدىن پاناھ ئىزدەشكە ئۇرۇنۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان تەقدىرىنى ئوڭشىماقچى بولدى. فىرانسىيە پۇل، قورال ـ ياراغلارنى چىقىرىپ بارگاھنىڭ

ئارمىيەنى تەرتىپكە سېلىشىغا ياردەم بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ مەشقاۋۇلىنى ئەۋەتىپ بارگاھنىڭ ئەجنەبىي مىلتىقچىلار ئەترىتىنى مەشىق قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ، بارگاھ فىرانسىيەنىڭ قانىتى ئاستىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالدى.

ياۋرو ـ ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى تەبىئىي هالدا ياپونىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، شۇنداقلا بىر قىسىم فېئودال سامۇرايلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. 1858 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سامۇرايلار رۇسىيەنىڭ ئىككى ماتروسىنى يوكوخامادا ئۆلتۈرۈۋەتتى. 1860 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى سامۇرايلار ئېدودا يەنە ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ بىر دىپلوماتىيە خادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. 1862 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ساتسۇما ۋاسسالىنىڭ سامۇرايلىرى كاناگاۋا ئەتراپىدىكى ناماۇگى يېزىسىدا بىرنەچچە ئەنگلىيەلىك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۈچىنى قىلىچ بىلەن يارىلاندۇردى. لېكىن، بۇ ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىستىخىيەلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ئىدى. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھىمى شۇكى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى مول بولغان پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئۆرتكىسىدە توساتتىنلا ئەۋج ئالدى.

## 2. پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى

بارگاھنىڭ چېرىكلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان مىللىي كىرىزىس ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇچرىغان پاجىئەلىك تەقدىرى قاتارلىق جانلىق مىساللار ياپونىيەدىكى بىر قىسىم

ئىلغار زاتلارنى ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەپ، ياپونىيەنىڭ نىجاتلىق يولى ئۈستىدە ئويلاندۇرماي قويمىدى. بۇ كىشىلەر ئاساسلىقى غەربىي جەنۇبتىكى ۋاسساللاردىن كەلگەن تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار ئىدى، چۈنكى غەربىي جەنۇب غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن بۇرۇنراق ئۇچراشقان بولۇپ، بىرمۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار بۇرۇنلا غەربنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پېنىگە خۇشتار بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن راۋاج تاپقان كاپىتالىزم بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ئۇلار ياپونىيەنىڭ كاپىتالىزم ئىستىقبالىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلەتتى.

بۇ زاتلار شۇنى تونۇپ يەتتىكى، مىللىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چەت ئەل كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش، دۆلەت قۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش سىياستىنى يولغا قويۇش كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارگاھ ـ ۋاسسال تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ناچار سىياسەتلەرنى يوقىتىپ «پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» (تېننونىڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) نامى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بارگاھ ـ ۋاسساللارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار «پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە تەشۋىقات ـ تەرغىبات پائالىيەتلىرىنى پائال ئېلىپ باردى. مانا بۇ «پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىدۇر. پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەتتە ئوگاتا كوئان، ساكوما زوكوياما، خاشىموتو سانائى ۋە يوشىدا شوئىن قاتارلىقلار ۋەكىللىك شەخسلەردىن ئىدى.

پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى

تۆرغۇچى ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكى كۈچلۈك، قورقماس روھقا ئىگە ئىدى. يوشىدا شوئىن مىللىي كىرىزىسنىڭ ئەڭ ئېغىر پەيتىدە (1854 ـ يىلى) بارگاھنىڭ مەنئى قىلىش پەرمانىغا، ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي، دۆلەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن (گەرچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولسىمۇ) ئامېرىكىغا مەخپىي بېرىشنى پىلانلىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا بولغان ئۆچمەنلىك چوغدەك يېلىنجاپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، لېكىن فېئودال جاھىللىرىغا ئوخشاش غەربنى قارىغۇلارچە چەتكە قاقمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بارگاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ياپونىيەنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى بىلەن غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلغارلىقىغا نىسبەتەن روشەن چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ جەھەتتە جۇڭگو ئالىمى ۋېي يۈەننىڭ «ياتلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش» ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇ چاغدا ۋېي يۈەننىڭ «چەت ئەل جۇغراپىيەسى» ۋە «زەپەرنامە»سى ياپونىيەگە تارقالغانىدى. ئۇلار كونا ئىلىم (كۇڭزى تەلىماتى بىلەن گۇمانىتار پەنلەر)نى تەتقىق قىلىپ، ھەقىقىي بىلىمنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ياپونلارغا چەت ئەلنىڭ بىلىمى (ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكىسى)نى ئۆگىنىشنى قىزغىنلىق بىلەن چاقىردى، غەرب دۆلەتلىرىدىن ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ تەدبىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇلار كونا ئىلىمنى ئۈزۈل ـ كېسىل تاشلىۋەتكۈسى كەلمەي، بەلكى كونا ئىلىم بىلەن چەت ئەل ئىلمىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ

چىقماقچى بولدى. مەسىلەن، ساكوما زوكوياما «شەرقنىڭ ئەخلاقى، غەربنىڭ ھۈنىرى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. خاشىموتو سانائى: «ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنە سەنئىتىنى خەقتىن ئېلىش كېرەك، رەھىم ـ شەپقەت، ساداقەتمەنلىك ئۆزىمىزدە بار» دېدى. يوشىدا شوئىن بۇ كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، كونا ئىلىمگە چوقۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دېڭىز مۇداپىئەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ياپونىيە ئىسلاھاتچىلىرى كونا ئىلىمنى ۋە كونا ئەخلاقنى ساقلاپ قېلىش شۇئارى ئاستىدا، كونا ئىلىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئوڭشاش تەشەببۇسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. بۇ يوشىدا شوئىننىڭ ئىدىيەسىدە ئەڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپتى.

يوشىدا شوئىن «مېڭزى»نىڭ «تەقدىرچىلىك كۆز قارىشى» نى تەكىتلەش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت سىياسىتىنى تەنقىد قىلىپ، بارگاھ ۋە چوڭ سىياگۇنلار «دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىپ قالايمىقان بولۇپ كېتىشىنى، ياتلارنىڭ غالجىرلاپ چېكىدىن ئېشىشىنى ئامەت ۋە تەقدىرگە دۆڭگەپ قويماسلىقى»، بەلكى ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىنى قىلىشى، «ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە مېڭزىنىڭ ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، بارگاھنىڭ ۋەتەن ساتقۇچىلىق قىلمىشىنى ئەيىبلىدى ۋە دۆلەتنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى پۈتۈنلەي «بارگاھ ۋە ۋاسسال سەركەردىلىرىنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقى، ۋەتەن ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، قۇربان بېرىش روھىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن بولدى» دېدى. ئۇ گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ساداقەتمەنلىك ئىدىيەسى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، «پادىشاھنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا»نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى، ھەممە ئادەمنىڭ تېنىنوغا سادىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ماھىيەتتە بارگاھ ـ ۋاسسال تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش

بولۇپ، فېئودالىزمغا قارشى ئاملغا ئىگە ئىدى.

كۆڭزى تەلىماتى ۋە گۇمانستار پەنلەرگە ئاساسلىنىپ، بارگاھنىڭ مۇستەبىتلىكى، ۋەتەن ساتقۇچلۇقىغا قارشى تۇرۇش، كۆڭزىچىلىق ئىدىيەسى ھەمدە ياپونىيەنىڭ تېئولوگىيە ئىدىيەسىدىن ئىسلاھات يوللىرىنى ئىزدەش يوشىدا شوئىننىڭ ئىدىيە ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى.

پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تەشەببۇسنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا پائال ھەرىكەت قىلدى. بەزىلەر ۋاسسال خوجايىنلىرىغا، سەركەردىلەرگە تارماقلار بويىچە پىكىر سۇنۇپ، ئىسلاھات تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر ۋاسساللاردىن ئايرىلىپ، كىيوتوغا بېرىپ بەگ ـ مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ «پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش» يوللىرىنى تەشۋىق قىلدى. يەنە بەزىلەر مەكتەپ ئېچىپ لېكسىيە سۆزلەپ ياشلارغا «پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى. يوشىدا شوئىن سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا ماتسۇشىتا يېزىسىدا مەكتەپ ئېچىپ كۆپ قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ «ھەممىگە ئوخشاش تەربىيە بېرىش» پىرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى قاتلام — سامۇراي، دېھقان، سودىگەر، دوختۇر ۋە راھىب قاتارلىقلاردىن مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ، ئىلىم ـ بىلىم ئېلىشقا يول ئاچتى. ئۇ دائىم: «ئېسىلزادە بولغانسېرى كاللىسى قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ، گاداي بولغانسېرى كاللىسى ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ»، «جاھاندىكى مەشھۇرلارنى يېتىشتۈرۈشتە نامسىز چاكارلاردىن باشلاش كېرەك» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ كۈچىنىڭ

بارىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلىدى. بارگاھ ـ ۋاسسال تۈزۈلمىسى ئاستىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ يولغا قويغان خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ نەتىجىسى ئادەتتىكى ئاممىنىلا ئەمەس، بەلكى سامۇرايلار تەبىقىسىنىمۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. «بارگاھ سامۇرايلىرى خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ۋاسسال سامۇرايلىرى بارگاھتىكىلەرنى بىلمەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس» (ۋاتانابې شۇجىرونىڭ سۆزى). شۇڭا، ماتسۇشىتا يېزىسىدا ئېچىلغان شەخسىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار يوشىدا شوئىننىڭ تەلىم ـ تەربىيەسى بىلەن ناھايىتى كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. بۇ يېزىدىكى سىنىپلىرى ئاددىي شەخسىي مەكتەپتە تەربىيەلەنگەن 80 ئوقۇغۇچى ئىچىدىن تاكاسۇگى شىنساكۇ، كىدو تاكائو، ياماگاتا ئارىتومو، يىتو خىروئومى، يىنوئۇئې كويىي قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان مەشھۇر كىشىلەردىن 37 دىن كۆپرەكى بارلىققا كەلدى. بەزىلەرنىڭ: «ماتسۇشىتا يېزىسىدىكى شەخسىي مەكتەپ توكۇگاۋا بارگاھىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان تۇخۇم چىقىرىش مەيدانى» دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى (توكۇتومى شويىچىرونىڭ سۆزى).

ئوگاتا كوئان شاگىرتلىرىغا لېكسىيە سۆزلەپ ئۆمرىدە 3000 ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن كۆپلىگەن بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرى، مەسىلەن، خاشىموتو سانائى، فۇكۇزاۋا يۇكىچى قاتارلىقلار چىقتى.

ئەڭ دەسلەپ يوشىدا شوئىن ۋەكىللىكىدىكى پادىشاھىنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرى بارگاھنى ئاغدۇرۇش خىيالىدا ئەمەس ئىدى، ئۇلار پەقەت «بىر كۆڭۈل بارگاھنىڭ ئويغىنىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانى

بويىچە بەگلەرنى باشلاپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، ياتلارنى قوغلاپ چىقىرىش»، «ياتلارغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سەركەردە» دېگەن نامغا ئېرىشىشكە مۇناسىپ بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلغانىدى (يوشىدا شوئىننىڭ سۆزى). لېكىن، 1858 ـ يىلى بارگاھ بېسىم ئاستىدا تېز يۈكۈپ، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمزالىغاندىن كېيىن يوشىدا شوئىندا بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىدىيەسى پەيدا بولدى. ئەينى چاغدا ئۇ بارگاھنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ياپونىيەنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ: «تۈنۈگۈنكى دۇنيا ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بىناغا ئايلىنىپ قالدى»، «قاتتىق بوران چىقسىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ»، شۇڭا «چىرىپ كەتكەن ياغاچ، لىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يېڭى ماتېرىياللاردىن تېخىمۇ كۆركەم بىنا سېلىش كېرەك» دېدى. ئاخىر يوشىدا شوئىن سايگو تاكامورى قاتارلىقلار بىلەن كيوتوغا كېلىپ پائالىيەت قىلدى ۋە تېنىنو ھەم ئۇنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىرلىشىپ «بارگاھنى ئاغدۇرۇش»نى مەخپىي پىلانلىدى. بارگاھ ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇۋاتقان يىشىن نائوتو بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يەنى 1858 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇيۇقسىز يوشىدا شوئىن، سايگو تاكامورى قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىش پەرمانى چۈشۈردى ۋە يوشىدا شوئىن قاتارلىق يەتتە ئەزىمەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى، سايگو تاكامورىنىڭ ئوسىماغا ــ تارىختا «ئانشو[1] گوكوسېي» دەپ ئاتالغان جايغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

يوشىدا شوئىن 1859 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ــ قۇربان بولغان شۇ كۈنى دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش شېئىرىنى[2]

---

① ئانشو ــ يىل نامى.

② شېئىرنىڭ مەزمۇنى: بۈگۈن ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولسامۇ، پادىشاھ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدىم...

ئۆنلۈك ئېيتىپ، جازا مەيدانىغا مەردانىلىك بىلەن كەلدى. ئۇ قۇربان بولغاندا 29 ياشتا ئىدى.

بارگاھ ھۆكۈمرانى يىشىن نائوتونىڭ يۇقىرى بېسىملىق ۋاستىلىرى بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى ئەزىمەتلەرنى قورقۇتالمىدى. 1860 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بەزى سامۇرايلار يىشىن نائوتونى ئېدونىڭ ساكۇرادا دەرۋازىسى سىرتىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## 3. بارگاھنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەرىكىتى

1858 ~ 1859 ـ يىللىرى «ئانشو گوكوسېي» شۈنى بىلدۈردىكى، بارگاھ ئەكسىيەتچىلىرى ھەرقانداق ئىسلاھاتقا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئۆكتىچىلەرنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. 1864 ـ يىلى كۈچلۈك دۆلەتلەر شىمونوسېكىنى توپقا تۇتقاندا، كىشىلەر چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ھەمدە ئۇلارنى قارىغۇلارچە چەتكە قېقىشنىڭ پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى زىيان ۋە يامان ئاقىۋەت ئەكېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىسلاھاتنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا يېڭىلىشىپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەسكىن تۇردە بارگاھنى ئاغدۇرۇپ، دۆلەت قۇرۇش — بارگاھنى ئاغدۇرۇپ، غەربتىن ئۆگىنىش ئارقىلىق دۆلەتنى باي قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچنى كۈچەيتىش — تەدبىرىنى قوللاندى، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلار بىراقلا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارغا ئۆزگەردى، پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىمۇ بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئۆزگەردى. بۇ بۇرژۇئازىيە ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە

ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى تۈۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار رەھبەرلىك قىلغان كەڭ ئىجتىمائىي سىنىپ ئاساسىغا ئىگە ئىنقىلابىي ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن تاكاسۇگى شىنساكۇ، كىدو تاكايوشى، سايگو تاكامورى، ئوكوبو توشىمىچى قاتارلىقلار بار ئىدى. بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارمۇ باي دېھقان، دۆلەتمەن سودىگەر — شەھەر - يېزىلاردىكى مۇلۇكدارلار ۋە يېڭى پومېشچىكلار، باي دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، چۈنكى بۇ بۇرژۇئازىيە گۇرۇھى خېلى بۇرۇنلا بارگاھنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئەسلىدىلا ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، بارگاھقا قارشى تۇرۇشتا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارنى قوللىماي ئىلاجى يوق ئىدى. بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلاردىن يەنە بارگاھ بىلەن چوڭقۇر زىددىيىتى بار غەربىي جەنۇبتىكى كۈچلۈك ۋاسساللارمۇ بار ئىدى.

بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە قارىغاندا خېلى ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى، بۇ بارگاھنى ئاغدۇرۇشنى بارگاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىسلاھاتى ئورنىغا دەسسىتىش، دۆلەت قۇرۇشنى چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىمۇ ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار ئىدىيە جەھەتتە پادىشاھنى ھۆرمەتلەش قارىشىدا بولسىمۇ، لېكىن غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىككى پالاتا تۈزۈمىدىكى پارلامېنت تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ، چەت ئەلنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ «شەرقنىڭ ئەخلاقى، غەربنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى»دىن ئىلغار ئىدى. مەسىلەن، 1867 - يىلى 6 - ئايدا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار

ئوكوبو توشىمىچى، سايگو تاكامورى، ساكاموتو ريوما ۋە ناكائوكا شىنتارو قاتارلىقلار ئىمزالىغان «ساتسۇما ۋاسسالى ۋە توسا ۋاسسالى ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى» بۇ ئىدىيەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، «دۇنيا ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» پىرىنسىپىنى ۋە ۋەزىرلەر بىلەن ئاۋام خەلق قاتناشقان كېڭەش پالاتاسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت كونكرېت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بەزى بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار، مەسىلەن، يوكوئى شونانىڭ ئىدىيەسى تېخىمۇ ئىلغار ئىدى. ئۇ 1855 - يىلىلا «جاھاندىكى ئىختىساسلىقلار بىرلىكتە جاھاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت قۇرغاندىن بېرى يولغا قويغان بۇرژۇئازچە خەلق سايلىمىغا ھەۋەس قىلىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىنى «ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە بېرىش، ئەۋلادلىرىغا قالدۇرماسلىق»قا مەپتۇن بولۇپ، غەربنىڭ بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيەسى كۆڭلىدىكى «ئۈچ ئەۋلاد بىرلىشىپ ئىدارە قىلىش» روھىغا ئۇيغۇن ئىكەن، دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇ ھەتتا بارگاھ، ۋاسسال فېئوداللىرىنىڭ ھەممىدە تېننونىڭ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، «ھەي، قانداشلىق نەزەرىيەسى، نەدىمۇ بۇنداق قائىدە بار؟» دەپ ئىمدا قىلغانىدى. يوكوئى شونانىنى ياپونىيە بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيەسىنىڭ سەركەردىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بىراق، يوكوئى شونانىڭ ئىدىيەسى بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار ھەرىكىتىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىيەلمىدى، ئوكوبو توشىمىچى قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەۋى تەشەببۇسى ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوكوبو توشىمىچى قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەۋى تەشەببۇسى مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقا كۆچۈش مەزگىلىدىمۇ تولۇق قوبۇل قىلىنمىغانىدى.

ئىككىنچى، بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشنى تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بارگاھ

ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى تېز لا ھەربىي تەييارلىققا تۇتۇش قىلدى.

تاكاسۇگى شىنساكو بىرىنچى بولۇپ ھەربىي تەييارلىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يوشىدا شوئىننىڭ تەربىيەسىنى ئالغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. 1862 ـ يىلى ئۇ شاڭخەيگە كەلگەن چېغىدا ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ جۇڭگو تۇپرىقىدا قىلىۋاتقان خىلمۇخىل زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ۋە ياپونىيەنى جۇڭگونىڭ يولىدا ماڭغۇزماسلىق ئۈچۈن بالدۇرراق چەت ئەلنىڭ بېقىندىلىق ئورنىدىن قۇتقۇزۇشقا قەسەم قىلغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياپونىيەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق ياپونىيە دۆلىتى ۋە جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، باي ھەم قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك ئىدى. بارگاھنى يوقىتىش ئۈچۈن قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشكە، يېڭىچە قوراللىق قوشۇن قۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. 1863 ـ يىلى ئۇ ناگاسۇ ۋاسسالى ھاكىمىيىتىنى باشقۇرغاندىن كېيىن قابىلىيەتلىك، جاسارەتلىك ئەزىمەتلەرنى تاللاپ «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى»نى تەشكىللىدى. ئۇ بۇ قوشۇننىڭ ئەزالىرىنى تاللاشنىڭ ئۆلچىمى توغرۇلۇق توختالغاندا: «قورسىقى توق بايلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، مۇبادا يېڭىچە قوشۇن تەشكىللەشكە توغرا كەلسە، چوقۇم ھوقۇقدارلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ئاددىي ئەسكەرمۇ، پۇقرامۇ سۇرۇشتۇرمەي، مائاشنى كۆپ بېرىپ، مەخسۇس كۈچلۈك، ساغلام ئادەمنى قوبۇل قىلىش لازىم» دېدى. تاكاسۇگى شىنساكو «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى»نى تەشكىللەش، مەشىق قىلدۇرۇش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بېرىلىپ ئىشلىدى.

تاكاسوگى شىنساكو «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى»نى تەشكىللىگەندىن كېيىن ۋاسسالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقا زاتلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى»غا ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللىق قوشۇنلارنى تەشكىللىدى. ناگاسۇ ۋاسسالىدا قۇرۇلغان بۇ يېڭى قوراللىق قوشۇنلار ئاساسلىقى ساموراييلار، «سەرگەردان ساموراييلار»، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىكلار ھەمدە باي دېھقانلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بارگاھ ۋە ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ كونىچە قوشۇنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەركىبى، قورال ـ ياراغلىرى يېڭى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭىچە ئۇسسۇل بىلەن مەشىق قىلدۇرۇلغان، ئىنتىزامىمۇ قاتتىق بولغانلىقتىن، جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ناگاسۇ ۋاسسالىنىڭ يېڭى قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاز دېگەندىمۇ 5000 غا يېتەتتى. بۇ بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى سەرخىل قوشۇن ئىدى.

ئاخىر ناگاسۇ ۋاسسالىنىڭ بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن بارگاھ ھۆكۈمىتى چوڭ قوشۇن چىقىرىپ ناگاسۇغا «جازا يۈرۈشى قىلىش»نى قارار قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق «جازا يۈرۈشى قىلىش» 1864 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بولدى، يەنى مۇتەئەسسىپلەر ناگاسۇ ۋاسسالىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋېلىپ، بارگاھقا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرغانلىقتىن، بارگاھ قوشۇنى ئۇرۇش قىلمايلا غەلىبە قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق «جازا يۈرۈشى قىلىش» پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭدا تۆت خىل سەۋەب بار: بىرىنچى، بۇ چاغدا بارگاھ ھەممىنى بىزار قىلدى، ئىلگىرى بارگاھنى قوللىغان چوڭ سىياگۇنلار قوشۇننى ئىشقا سالماي جىمىدە تۇرۇۋالدى. ئىككىنچى، بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى ساموراييلار سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ناگاسۇ ۋاسسالىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالدى، ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ ۋەتەننى

گۇللەندۇرۇشكە تىرىشىپ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى»نى تەرتىپكە سېلىپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇچىنچى، 1864 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ناگاسۇ بىلەن ساتسۇما ئىتتىپاق تۈزدى، بۇ ناگاسۇنىڭ كۈچىنى كۈچەيتتى. تۆتىنچى، ئۇرۇش مال باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭغا خەلق بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئاخىر ئېدو، ئوساكا قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر ـ يېزا خەلقى كەينى ـ كەينىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، بارگاھ قوشۇنىغا كەينى تەرەپتىن قاتتىق زەربە بەردى.

بارگاھنىڭ ھەربىي جەھەتتە مەغلۇپ بولۇشى ساتسۇما، توسا ئىتتىپاقى (1867 ـ يىلى 6 ـ ئاي) ھەمدە ساتسۇما، ناگاسۇ، ئاكى ئىتتىپاقى (شۇ يىلى 9 ـ ئاي)نىڭ قۇرۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى سامۇرايلار ئەنگلىيە بىلەن پائال يېقىنلىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئارقىلىق بارگاھنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. يەنە كېلىپ بارگاھنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئەنگلىيە بارگاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتكە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى كۈچلەرنى قوللاش نىيىتىگە كەلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ناگاسۇغا «جازا يۈرۈشى قىلىش» ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بارگاھ لىگىشىپ قالغان ھۆكۈمىتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مەقسىتىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا فىرانسىيەگە يېقىنلىشىپ، فىرانسىيە تەرەپنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى. 1866 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بارگاھ فىرانسىيە بىلەن 35 مىليون فىرانك قەرز پۇل ئېلىش توختامى تۈزۈپ، فىرانسىيەدىن قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي پاراخوت سېتىۋالماقچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ياپونىيە ـ

فىرانسىيە شىرىكچىلىكىدىكى شىركەت قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ياپونىيەنىڭ يىپەك سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. بارگاھ فىرانسىيەنىڭ ھەربىي مەشقاۋۇللار ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلىپ، بارگاھ قوشۇنىنى قايتا تەشكىللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىرانسىيە ئەلچىسى روشې بارگاھ سىياسىتىگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى. شۇڭا، ياپونىيەنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مالىيە ئىشلىرى فىرانسىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا قالدى. ئەگەر مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ياپونىيە فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

## 4. ئىنقىلابنىڭ جەريانى

بارگاھنىڭ فىرانسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار ۋەتەننىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق غەم ـ ئەندىشىدە قالدى. 1867 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كىدو تاكايوشى بىر پارچە خېتىدە: «مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەگەر چوڭ ھوقۇق دەرھال ئوردىغا مەنسۇپ بولمىسا، كەلگۈسىدە ھاكىمىيەت بارگاھ بىلەن فىرانسىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەنىدى. ناكائوكا شىنتارو كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە قۇدرەت تېپىشتىن ئىلگىرى، ئۇلاردىمۇ ئىچكى ئۇرۇش بولغان» دېگەنىدى. شۇڭا، بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشنى قارار قىلدى. سىياسىي ئۆزگىرىشنى پىلانلاشقا ساتسۇما، توسا، ئاكى، ئېچىزېن، ئوۋارىدىن ئىبارەت بەش ۋاسسال ۋە ئوۋاكۇرا تومومى، سانجو سانتومى قاتارلىق تۆرەلەرمۇ قاتناشتى.

1867 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سايگو تاكاموري، ئوكوبو توشىمىچى، كىدو تاكايوشى قاتارلىق بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارنىڭ رەھبەرلىرى تەختىكە يېڭى ئولتۇرغان تېننو

يوكوخىتو (شۇ چاغدا 15 ياشقا كىرمىگەنىدى)دىن ساتسۇما، ناگاسۇ ئىككى ۋاسسالغا بىرىلىدىغان «بارگاھقا جازا يۈرۈشى قىلىش مەخپىي يارلىقى»نى قولغا چۈشۈردى. «مەخپىي يارلىق»تا ئىككى ۋاسسالنىڭ قوشۇن تارتىپ بارگاھقا جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇق قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ساتسۇما، ناگاسۇ قاتارلىق ئىككى ۋاسسالنىڭ چوڭ قوشۇنى كيوتوغا ھەيۋە بىلەن يۈرۈش قىلدى. 1867 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ساتسۇما، ناگاسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋاسسالدىكى بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ياردىمىدە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تېننونىڭ نامىدا «پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت پادىشاھنىڭ يارلىقىنى چۈشۈردى ۋە بارگاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تېننوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى جاكارلىدى، شۇنىڭدەك «كونا ئىللەتلەرنى تازىلاش»، «كەڭ ـ كۈشادە سۆزلىشىش»، «ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش»، «ھەممە ئىشلارنى يېڭىلاش» قاتارلىق ئىسلاھات پىروگراممىلىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، تېننونىڭ قول ئاستىدا «باش لېدىر»، «مەسلىھەتچى» ۋە «كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى»دىن تەشكىللەنگەن ئۈچ ۋەزىپىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى، «باش لېدىر»لىقنى سايىيوكاۋا نومى ئۈستىگە ئالدى. «مەسلىھەتچى»لىكنى تۆرىلەر ۋە بەش ۋاسسالنىڭ خوجايىنلىرى ئۈستىگە ئالدى، ئوكوبو توشىمىچى، سايگو تاكامورى، كىدو تاكايوشى قاتارلىقلار «كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى»لىقىغا تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋەزىپىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار، ۋاسسال خوجايىنلىرى ۋە تۆرىلەرنىڭ مۇستەھكەم بولمىغان بىرلەشمىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرلەشمىدە ئىسلاھاتقا قارشى ۋاسسال خوجايىنلىرى ۋە تۆرىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۈچ ۋەزىپىلىك ھۆكۈمەت تۆرىلەر، ۋاسسال خوجايىنلىرىنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ،

توكۇگاۋا بارگاھىنىڭ سەركەردىسى سىمې يوشىنىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە ئۇنىڭ داۋاملىق يەرگە ۋە سەركەردىلىك ۋەزىپىسىگە ئىگە بولۇشىغا سۈكۈت قىلدى. شۇڭا، ئاتالمىش «پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار بارگاھنى ھەقىقەتەن ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

1867 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈچ ۋەزىپىلىك يىغىندا ئوكوبو توشىمىچى ۋاسسال خوجايىنلىرى، تۆرىلەرنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي، توكۇگاۋا يوشىنوبۇنى «ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش»كە مەجبۇرلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. «ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش» ئۆزىنىڭ «سەركەردىلىك ۋەزىپىسى»نى تەقدىم قىلىش، «يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش» ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى ۋە پۇقرالىرىنى تەقدىم قىلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن تەڭ، ئۈچ ۋەزىپىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا دەرھال كەسكىن كۈرەش بولدى. توكۇگاۋا يوشىنوبۇ «ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش» بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلماي، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋەزىپىلىك ھۆكۈمەتتىكى تۆرىلەر، ۋاسسال خوجايىنلىرى توكوگاۋا يوشىنوبۇغا قوشۇلۇپ، ئوكوبو توشىمىچىغا قارشى چىقتى. 1868 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوكوبو توشىمىچى ئۈچ ۋەزىپىلىك يىغىندا: ئەگەر توكۇگاۋا يوشىنوبۇ «ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش» بۇيرۇقىنى يەنە رەت قىلىدىغان بولسا، ساتسۇما، ناگاسۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقىنى كەسكىن جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوكوبو توشىمىچى، سايگو تاكاموري ۋە كىدو تاكايوشىلار كيوتودىكى ساتسۇما، ناگاسۇ ۋە توسالارنىڭ

قوشۇنغا جەڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

1868 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى توكۇگاۋا يوشىنوبۇ «تېننونىڭ يېڭىدىكى مۇناپىقلارنى يوقىتىش» نامى بىلەن، بارگاھنىڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئوساكادىن يولغا چىقىپ، كيوتوغا كىرىپ يېڭى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بارگاھ قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈندى، يەنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فۇشىمى، توبا (بۇ ئىككى جاي كيوتونىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە) دېگەن جايدا سايگو تاكامورى قوماندانلىقىدىكى ساتسۇما، ناگاسۇ ئىككى ۋاسسال قوشۇننى ئاساس قىلغان يېڭى ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ كەسكىن جەڭ قىلدى. شۇ چاغدا بارگاھ قوشۇنى 15 مىڭ كىشى، يېڭى ھۆكۈمەت قوشۇنى ئاران 5000 كىشى ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، توسۇپ بولمايدىغان كۈچ بولغاچقا، ئادەم سانى ئۆزىدىن كۆپ بولغان بارگاھ قوشۇننى تارمار قىلدى. ئامان قالغان توكۇگاۋا يوشىنوبۇ ئېدوغا قېچىپ بېرىۋالدى.

توبا، فۇشىمىدىكى چوڭ غەلىبىدىن كېيىن تېننو ھۆكۈمىتى توكۇگاۋا يوشىنوبۇنى ئاسىيلىق قىلدى، دەپ قاراپ «توكۇگاۋا يوشىنوبۇنى قوغلاپ يوقىتىش پەرمانى» چىقاردى، شۇنىڭدەك قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولغان ۋاسساللارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ توكۇگاۋا يوشىنوبۇغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن ۋاسسال خوجايىنلىرى تېننو ھۆكۈمىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇرۇشقا پائال قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1868 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يېڭى ھۆكۈمەت قوشۇنى سايگو تاكامورىنىڭ باشچىلىقىدا ئېدوغا قىستاپ كەلدى. بۇ چاغدا بارگاھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزىلەر فىرانسىيەنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىلا ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، بارگاھ قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن

يىمىرىلىپ، ئېدو خەلقى بارگاھقا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، كانتو ئەتراپىدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن توكۇگاۋا يوشىنوبۇ 1868 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شەھەرنى ئىككى قوللاپ بېرىپ تەسلىم بولدى. يېڭى ھۆكۈمەت توكۇگاۋا يوشىنوبۇنىڭ يۇرتى مىتو ۋاسسالىغا قايتىپ، مىتو ۋاسسالىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، بارگاھنىڭ قالدۇق كۈچلىرى سىرتقى جايلاردا جاھىللىق بىلەن داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇختىمىدى، ئاخىر 1869 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېڭى ھۆكۈمەت قوشۇنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ بازىسى خوككايدونى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەگە 265 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان توكۇگاۋا بارگاھىغا خاتىمە بېرىلدى، ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئوپېراتسىيەسى 1868 ـ يىلى (ئاسايى يىلى) بولغاچقا، «ئاسايى ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

1868 ـ يىلدىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا غەربىي جەنۇبتىكى ۋاسساللارنىڭ سامۇرايلىرىنى يادرو قىلغان ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن سىرت، خەلقنىڭ ئۇلۇغ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچىلار قوشۇنى» ھەمدە بارگاھنى ئاغدۇرغۇچى باشقا قوشۇنلار ئىچىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىك ۋە باي دېھقانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار يەنىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالاي قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى بارگاھنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى تەۋرىتىپ قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. خەلق بارگاھنى ئاغدۇرۇش يولىدا قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق

ئۇرۇشتا غالىبانە ئالغا باسقانلىقىغا ئىشەنگەنلىك، يۇقىرىقى خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر تۇتاش ئاسىيادىكى ئەكىس تەسىرىنى
قىلدى.

پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت 1868 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە پۈتۈن دىققىتىنى جۇڭگوغا مەركەزلەشتۈردى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ پايپېتەك بولدى، شۇڭا ياپونىيەنىڭ ئىسلاھاتىغا ئارىلىششقا چولىسى تەگمىدى. فىرانسىيە 1862 ~ 1867 ـ يىللىرى مېكسىكىدىكى تەۋەككۇلچىلىقىدا پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى، ئارقىدىنلا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا مەيدانغا چىققان بىسماركتەك كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ، شەرققە قوشۇن تارتىشقا، بولۇپمۇ قوشۇن تارتىپ ياپونىيەنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى. ئىچكى ئۇرۇشقا پېتىپ قالغان ئامېرىكا ياپونىيە مەسىلىسىگە قول تىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

ئاخىرىدا ئاسىيا خەلقىنىڭ غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغانلىقتىن ئىبارەت مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئوينىغان ئۇلۇغ رولىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1851 ـ يىلى باشلانغان جۇڭگودا قوزغالغان تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى، 1857 ـ يىلى ھىندىستاندا ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي چوڭ قوزغىلىڭى ھەمدە جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا چوڭقۇر ساۋاق بولدى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاسىيا خەلقىگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى، شۇڭا ياپونىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ

قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياپونىيەنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئارىلىشىشقا پېتىنالمىدى.

## 3 ـ بۆلۈم مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەدبىرلىرى

ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1868 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭى ھۆكۈمەت ئېدونى توكيوغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى، توكيونى ياپونىيەنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى؛ 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يىل نامىنى مېيجىغا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇڭا، 1868 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابتىن كېيىنكى دۆلەتنى ئۆزگەرتىش، شۇنىڭدەك بىر قاتار بۇرژۇئازىيە خاراكتېرلىك ئىسلاھات مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش دەپ ئاتالدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، بىرقانچە مۇھىم تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇپ، فېئودالىق دۆلەت بۇرژۇئازىيە دۆلىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

### 1. ۋاسساللارنى بىكار قىلىپ ناھىيە تەسىس قىلىش

1868 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «يېڭىلىققا كۆچۈش ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ھەققىدە» ئېلان قىلىنىپ، تېننونىڭ چەكسىز ھوقۇقى بولۇش بەلگىلەندى. تېننونىڭ قول ئاستىدا مەرتىۋىلىك سىياسىي ئەمەلدار، نائىب تېننو تەسىس قىلىندى، مەرتىۋىلىك سىياسىي ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدا مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن تەسىس قىلىندى. ئۈچ ھوقۇق ئايرىم ئىدارە قىلىنغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە چوڭ ھوقۇق تېننونىڭ مۇھىم ۋەزىرلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەندى. شۇڭا، ئىنقىلاب نەتىجىسى ياپونىيەدە

پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

1868 ـ يىلى توبا، فۇشىمى جېڭى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەت بارگاھنىڭ فېئوداللىق ئىگىلەنگەن يەرلىرىنى قەدەممۇ قەدەم بىكار قىلىپ، سەككىز مەھكىمە، 21 ناھىيە تەسىس قىلدى. ئەمما، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋاسساللارنىڭ يەرلىرى ئۆز پېتىچە تۇرۇۋەردى، سىياسىي بۆيرۇقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. ئاسايى ئۇرۇشى بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئوكوبوتو شىمىچى، كىدو تاكايوشى، ساكايوككو يوسىكى قاتارلىقلار ۋاسسال خوجايىنلىرىنى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، زېمىن ۋە ئاھالىنى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇپ بېرىشنى دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساتسۇما، ناگاسۇ، توسا ۋە خېنزېن قاتارلىق تۆت ۋاسسال 1869 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆزلىرىنىڭ «يەر ـ مۈلۈك ۋە ئاھالىنى تاپشۇرۇپ بېرىش جەدۋىلى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەتكە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈردى. 1869 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېڭى ھۆكۈمەت «زېمىن بىلەن ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىش»نى رەسمىي ئېلان قىلىپ، چوڭ سىياگۇنلارنىڭ زېمىن ۋە خەلققە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ سىياگۇنلارنى ۋاسسال ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، ئەسلىدىكى يەر ـ مۈلۈك كىرىمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۇلارغا مائاش قىلىپ بەردى. لېكىن بۇ ئىسلاھات دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلغان بولغاچقا، ۋاسساللىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتى تۇرۇۋەردى. ۋاسساللىنىڭ چوڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى يەنىلا چوڭ سىياگۇنلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار پەقەت ئاساسىي يۈنىلىش جەھەتتىلا مەركەزگە بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى، خالاس. شۇڭا، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى.

مېيجى ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، يىتو خىروفۇمى كىدو تاكايوشىغا دەرھال ۋاسساللارنى بىكار قىلىپ، مەھكىمە، ناھىيە

تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ: «فېئوداللىقنى بىكار قىلىپ، مەھكىمە، ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچنى، مالىيە كۈچىنى ئوردىنىڭ تەۋەلىكىگە بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق» دېدى. ئوكوبو توشىمىچىمۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلدى. يېڭى هۆكۈمەت ئوكوبو توشىمىچى قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 1871 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «ۋاسساللارنى بىكار قىلىپ، ناھىيە تەسىس قىلىش» بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، چوڭ سىياگۇنلارنىڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇردى، ۋاسساللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەمۇرىي رايونلارنى قايتىدىن ئۈچ مەھكىمە (توكيو، كيوتو ۋە ئوساكا)، 72 ناھىيەگە ئايرىپ، مەركىزىي هۆكۈمەت مەھكىمە، ناھىيە ئامباللىرىنى تەيىنلىدى. چوڭ سىياگۇنلار ۋاسساللىدىن ئايرىلىپ توكيوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، دۆلەتتىن مائاش ئالىدىغان بولدى. يېڭى هۆكۈمەت مۇشۇنداق كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن يېڭى هۆكۈمەتنى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قىلغانلىقتىن، چوڭ سىياگۇنلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭ سىياگۇنلارغا كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە رايى بارماسلىق هالغا كەلتۈرۈپ قويدى. مەركىزىي هۆكۈمەت ئۇلارغا مائاش تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى ۋاسساللار بوغۇلۇپ قالغان قەرزلىرىنى[①] ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قارشى تەرەپكە قايتۇرۇۋەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يېڭى هۆكۈمەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يەنى 1868 ـ يىلى 5 ـ ئاي ۋە 1869 ـ يىلى 1 ـ ئايدا هەرقايسى ۋاسساللارنىڭ چېگرالاردا قۇرۇۋالغان چازىلىرىنى بىكار قىلدى.

① 1873 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭى هۆكۈمەتنىڭ هەرقايسى ۋاسساللارغا تۆلىگەن قەرزى 34مىليون 864 مىڭ 582 يېنغا توغرا كېلىدۇ.

1868 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ ئۆز ئالدىغا پۇل قويۇشىنى چەكلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ياپونىيە ئىسمى جىسمىغا لايىق ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ، ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلاپ بەردى.

مەركەزدە ئوكوبو توشىمىچى باشچىلىقىدىكى تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى كېيىنى ـ كېيىندىن ھۆكۈمەتنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، بۇنىڭ بىلەن تۆرىلەر، ۋاسسال خوجايىنلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى تەسىرى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى. 1875 ـ يىلى ساتسۇما ۋاسسالىنىڭ خوجايىنى شىمازۇ خىسامىتسۇ چېكىنگەندە (ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلىپ ئارامخۇدا ياشىماق)، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىچىدە ۋاسسال خوجايىنىدىن بىرىمۇ قالمىدى، ئىككى تۆرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ساتسۇما، ناگاسۇ، خېنزېن قاتارلىق جايلاردا تۇغۇلغان بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلار ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، مېيجى ھۆكۈمىتى بۇرژۇئازىيىلەشكەن تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى ھۆكۈمەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئىنقىلابتىن كېيىنكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىتلىك شەكلىنى قوللىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويمىغانلىقى ياپونىيىنىڭ تارىخىي شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىدى. شۇ چاغدا بارگاھ ـ ۋاسسال تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، كونا كۈچلەرنىڭ تەھدىتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئوداللىق

ياپونىيەنى كاپىتالىستىك ياپونىيەگە ئۆزگەرتىش تولىمۇ جاپالىق ۋەزىپە ئىدى، شۇڭا ياپونىيە كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالايدىغان كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق بىر ھۆكۈمەتكە موھتاج ئىدى.

## 2. فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، سامۇرايلارنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

يېڭى ھۆكۈمەت «زېمىن بىلەن ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىش»نى يولغا قويغاندىن كېيىن، فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا كىرىشتى. چوڭ سىياگۇنلار ۋە تۆرىلەرنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»گە ئۆزگەرتتى. ئۇلار ئورۇن ـ مەرتىۋە جەھەتتە خان جەمەتىدىن كېيىن تۇردى. سامۇرايلارنىڭ نامىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى «سامۇرايلار جەمەتى»گە ئۆزگەرتتى؛ سامۇرايلارنىڭ قىلىچ ئېسىپ يۈرۈش تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ئىلگىرىكى ئۇردا ئىچىدىكى ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ «سامۇرايلار جەمەتى»گە ئايرىلدى. دېھقانلار، سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر، راھىبلار ۋە باشقا قاتلامدىكىلەر «ئاددىي خەلقلەر» دەپ ئاتالدى. «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»، «سامۇرايلار جەمەتى» ۋە «ئاددىي خەلقلەر»نىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىغا يول قويۇلدى. 1871 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ئېتا»، «نائەھلى»لەرنىڭ «زاتى پەسلەر» دېگەن نامى بىكار قىلىنىپ، ئۇلار «ئاددىي خەلقلەر»گە تەۋە قىلىندى. كەسىپ ئەركىنلىكى ۋە كۆچۈش ئەركىنلىكى ئېلان قىلىندى. بۇ ھال دېھقانلارنى يېزىلاردىن شەھەرگە ئېقىپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغان يېڭىدىن گۈللەنگەن كاپىتالىزمغا پايدىلىق شارائىت بارلىققا كەلدى.

لېكىن، چوڭ سىياگۇن، سامۇراي قاتارلىقلارنىڭ نامى

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى كىرىمى («زېمىن بىلەن ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىش» ۋە «ۋاسساللارنى بىكار قىلىپ، ناھىيە تەسىس قىلىش»تىن كېيىن چوڭ سىياگونلارنىڭ ئالىدىغان مائاشى، شۇنىڭدەك سامۇرايىلارنىڭ ئالىدىغان مائاش ئورنىغا بېرىلىدىغان گۆرۈچ)نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. يېڭى ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، چۈنكى شۇ چاغدا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مائاشىنى ۋە مائاش ئورنىغا بېرىلىدىغان گۆرۈچنى تارقىتىشقا قۇربى يەتمەيتتى. لېكىن، يېڭى ھۆكۈمەت بۇنداق فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بەكمۇ ئالدىراپ كەتمەي، بەلكى قەدەممۇ قەدەم تەدبىر قوللاندى.

بىرىنچى، 1873 ~ 1874 ـ يىللىرى «سامۇرايىلار جەمەتى»نىڭ مائاش ئورنىغا بېرىلىدىغان گۆرۈچتىن ۋاز كېچىشىگە رۇخسەت قىلىندى، ئۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سانائەت كاپىتالى، يەنى ئاتا مىراس مائاشىنىڭ ئالتە يىللىقى، ئۆمۈرلۈك مائاشىنىڭ تۆت يىللىقى تارقىتىلىپ، بۇنىڭ يېرىمىغا نەق پۇل، يېرىمىغا زايوم بېرىلدى، زايومنىڭ ئۆسۈمى 8% بولدى.

ئىككىنچى، 1875 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھۆكۈمەت مائاش ئورنىغا بېرىلىدىغان گۆرۈچتىن ۋاز كېچىش ئۇسۇلىنى توختىتىشنى ئېلان قىلدى. 9 ـ ئايدا يېڭى بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى، يەنى 1872 ـ يىلىدىن 1874 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدىكى ئوتتۇرىچە گۆرۈچ باھاسى بويىچە مائاش ئورنىغا بېرىلىدىغان گۆرۈچنى نەق پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان پۇل مائاشقا ئۆزگەرتىلدى.

ئۈچىنچى، 1876 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھۆكۈمەت مائاش ئالغۇچىلار («خان جەمەتى»، «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى» ۋە «سامۇرايىلار جەمەتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ مائاشىنى بېرىدەك

تەقدىم قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زايوم تارقىتىپ، مائاشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھەمدە ئوخشىمىغان تۈر بويىچە ھەرخىل مىقداردىكى زايومنى تۆلىگۈچىلەر بىر قېتىمدىلا بېرىپ تۈگىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. تۆلىنىدىغان زايوم 6 ـ يىلىدىن باشلىنىپ، ھەر يىلى چەك تارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قايتۇرۇلىدىغانلىقى، يەنى 30 يىل ئىچىدە تولۇق قايتۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ چاغدا زايوم ئالغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 310 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئالغان زايومى 1 مىليارد 700 مىليون 300 مىڭدىن كۆپرەك يېنگە يەتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نۇرغۇن زايوم ئاز ساندىكى «خان جەمەتى»، «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى» ھەمدە يۇقىرى قاتلامدىكى «سامۇرايلار جەمەتى» نىڭ قولىغا توپلاندى. ئۇلار قوللىرىدىكى بۇنچىلىك كۆپ زايوم ئارقىلىق پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت كارخانىلىرىغا مەبلەغ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرلا دوممىلاپ مىليونېرلارغا ياكى چوڭ كاپىتالىستلارغا ئايلىنىپ كەتتى. 1877 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان 17 مىليون 820 مىڭ يېنگە ئىگە 15 ـ قېتىملىق دۆلەت بانكىسى ئەنە شۇ نۇرغۇن زايومنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»، يۇقىرى قاتلامدىكى «سامۇرايلار جەمەتى»نىڭ ئارقا تېرەك بولغانلىقىدىن قۇرۇلغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن مۇتلەق كۆپ سانلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنىڭ كىرىمى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئالىدىغىنى 548 يېنگىمۇ يەتمەيتتى. مەملىكەت بويىچە تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلار تەخمىنەن 260 مىڭ ئادەمگە يېتەتتى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈم كىرىمى ئاران 77 يېن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالمىغاچقا، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن زايوم سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاخىر ھېچنېمىسى يوق يوقسۇللارغا ئايلىنىپ قالدى،

بولۇپمۇ 1877 ـ يىلىدىن كېيىنكى يۈز بەرگەن پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن بۇ جەريان تېخىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ئۇلار سېتىۋەتكەن زايومىلار ھەرخىل يوللار ئارقىلىق جازانىخورلارنىڭ قولىغا توپلىنىپ كاپىتالغا ئايلاندى. يوقسۇللاشقان تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى زاۋۇت ـ كارخانىلاردا مائاشلىق ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. مەسىلەن، 1878 ـ يىلى گۇنما ناھىيەسىدىكى تومىئوكا سىم زاۋۇتىدا تەۋەلىكى بار، ياتاقتا يېتىپ ئىشلەيدىغان 371 ئايال ئىشچىنىڭ 148 ى «سامۇرايىلار جەمەتى»دىن كېلىپ چىققانىدى.

بىراق، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەق تۆلەپ ياندۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق فېئوداللارنىڭ ئىمتىيازىنى ۋە زايومنى مائاش ئورنىغا دەسسىتىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئاقىلانە تەدبىر ئىدى، چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسىدىكى قىيىنچىلىقنى يەڭگىللىتىپلا قالماستىن، بەلكى فېئودال كۈچلەرنىڭ يېڭى سىياسىي تەرتىپكە بولغان قارشىلىقىنى زور دەرىجىدە پەسەيتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى سىياسىي مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىشقا پايدىلىق ئىدى.

### 3. يەر ئىسلاھاتى ۋە يەر بېجى ئىسلاھاتى

يېڭى ھۆكۈمەت بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇردى. 1868 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سودا مونوپوللۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سودا ئەركىنلىكىگە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. 1871 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن زىرائەت تېرىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى، بارگاھنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قويغان خىلمۇخىل چەكلىمىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. 1872 ـ يىلى «كابۇناكاما» ئەمەلدىن

قالدۇرۇلدى، بۇلار كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى. ئەمما، ھۆكۈمەت ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىبارىنى يەر ئىسلاھاتى جەھەتكە مەركەزلەشتۈردى.

دېھقانلار بارگاھقا قارشى ئىنقىلابتا بارگاھنى ئاغدۇرغۇچىلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا تۆت كۆزى بىلەن تەشنا ئىدى. يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن يومېيشچىكلار پۈتكۈل يەرلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە ئوخشمايدىغان يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. مېيجى يېڭى ھۆكۈمىتىمۇ بارگاھ، ۋاسساللارنىڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يەر مۇلۇكچىلىكىنى ئالاھىدىلىك قىلغان كونا فېئودالىق تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىشتە يەردىن ئامال تېپىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، يېڭى ھۆكۈمەت يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

1872 ـ يىلى ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 1643 ـ يىلدىن بۇيان يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان يەرنى ئېلىپ ـ سېتىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى پەرمانلارنى بىكار قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يەرنى ئەركىن ئېلىپ ـ سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇ يىلى يەرلەرنى ئۆلچەش ھەمدە يەر خېتى تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى پەرماننى چۈشۈردى ۋە كونا فېئودال يەر ئىگىلىرى (بارگاھ سەركەردىسى، شۇنىڭدەك چوڭ سىياگۇنلار)نىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى، يەر ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىق

ھوقۇقى بەلگىلەندى ھەمدە ئۇلارغا يەر خېتى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ بارگاھنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن پومېشچىكلارنىڭ تولۇق يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ يىللاردىن بېرى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ بىۋاستە ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچراپ كەلگەن ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار («يەرلىك پۇقرالار») ھەمدە باي دېھقانلارنىڭمۇ ھەقىقىي يەر ئىگىسىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. دەرۋەقە، ئىلگىرى يېڭى پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئورتاقچى دېھقانلار يەنىلا ئورتاقچى دېھقان پېتى قېلىۋەردى. ئۇلار يەر ئىسلاھاتىدىن بىرەر پايدىغا ئېرىشەلمىدى. ئەمما، يېڭىدىن گۈللەنگەن پومېشچىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا يەنىلا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، چۈنكى پومېشچىكلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكى فېئودال يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن بىر قەدەم ئالغا باسقانلىق ھېسابلىناتتى.

يەر ئىسلاھاتى يەر بېجى ئىسلاھاتىنى مۇقەررەر ئىلگىرى سۈردى. 1873 ـ يىلى ھۆكۈمەت يەر بېجى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پەرمانىنى تارقاتتى. پەرماندا: «يەر ئىگىلىگۈچىلەر بىردەك يەر بېجى تاپشۇرىدۇ، يەر بېجىنىڭ باج نىسبىتى يەر باھاسىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ، مول ھوسۇللۇق يىللىرى باجنى كۆپەيتىشكە، قەھەتچىلىك يىللىرى باجنى ئازايتىشقا بولمايدۇ، يەر بېجى بىردەك نەق پۇل بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ. يەر باھاسىنى ھۆكۈمەت بەلگىلەيدۇ، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن يەر باھاسى يۇقىرى بولسا، يەر بېجىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ھەتتا بارگاھ مەزگىلىدىكى فېئودالىلىق يەر ئىجارىسى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر بېجى ئىسلاھاتى پەرمانىغا ئاساسەن، يەر ئىگىلىرى يەر بېجى تاپشۇرۇشتىن باشقا، يەنە يېزا ھەققى (يەر باھاسىنىڭ 1%نگە

توغرا كېلىدۇ) تاپشۇراتتى، يەر بېجى قوشۇمچە ھەققى يەردىن چىققان يىللىق مول ھوسۇلنىڭ 34% ىگە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، يەر ئىگىلىرىنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. لېكىن، يېڭى پومېشچىكلارنىڭ بۇ يۈكى ئاخىر بېرىپ يەنىلا ئىجارىكەش دېھقانلار ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالاتتى①.

يەر بېجى ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يەر بېجى كىرىمى ئەڭ كۆپ بولغان 1875 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنىڭ 80% ىنى ئىگىلىدى. بۇ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ شىلىۋېلىنغان پۇل ھۆكۈمەتنىڭ كاپىتالىزمنى ئوچۇقشىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇردى، كېلەڭسىز دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى باقتى، «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»، «سامۇرايلار جەمەتى»گە يۈرگۈزگەن سېتىۋېلىش سىياسىتىگە پايدىلىق بولدى. بۇ دېھقانلاردىن ئېلىپ بۇرژۇئازلارغا ئىشلىتىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا، يەر بېجى ئىسلاھاتى ياپونىيە كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانمىسىنىڭ مۇھىم پىشاڭلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، زور تۈركۈمدىكى دېھقانلارنىڭ يەردىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالىنى پەيدا قىلدى. 1883 ـ يىلدىن 1885 ـ يىلغىچە ھەر يىلى سېتىۋېتىلگەن يەرنىڭ كۆلىمى پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ 3% ~ 3.5% ىگە يەتتى. يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىشچى بولغانلىرى ئانچە كۆپ بولمىدى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يېزىلاردا ئىجارىكەش دېھقان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، زور تۈركۈمدىكى «سامۇرايلار جەمەتى»دىن بۆلۈنۈپ چىققان يوقسۇللارنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلگەنلىكتىن ئەمگەك كۈچى

① ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ يىللىق ئەمگەك مېۋىسىنىڭ 70% ىنى ھۆكۈمەت ۋە يېڭى پومېشچىكلار تارتىۋالاتتى.

تېجەپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن شەھەر سانائىتىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ ئانچە چوڭ بولمىدى. ئىككىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، تۇغۇلغان يېرىدىن كەتكۇسى كەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن يەر بېجى، يەر ئىجارىسى بەك ئېغىرلىشىپ، دېھقانلارنى نامراتلىققا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك نوپۇسى يېزىلاردا قېپقالدى. ئاقىۋەت ياپونىيەنىڭ ئىچكى بازىرى نىسبەتەن تارىيىپ كەتتى، بۇ ھال ياپونىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق قىلىش تەلىپىنى كۈچەيتىۋەتتى.

## 4 ـ بۆلۈم مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتى

مېيجى ھۆكۈمىتى فېئوداللىق دۆلەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنى قۇرۇش خىزمىتىنىمۇ پائال ئىشلىدى.

يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدىكى سىياسىي ئەربابلار قالاق، ئاجىز ياپونىيەنى قۇدرەتلىك ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربتىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار غەربتىن ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوڭ قول ۋەزىر يىۋاكۇرا كۇشى تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى كىدو تاكايوشى، خەزىنە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئوكوبو توشىمىچى، سانائەت ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى يىتو خىروفومى قاتارلىقلارنى تولۇق ھوقۇقلۇق مۇئاۋىن باش ئەلچى قىلىپ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەمەلدارى، پۈتۈكچى ئەمەلدارى ۋە باشقا خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 كىشىلىك ئەلچىلەر

ئۆمىكىنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىسى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەممە مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ياپونىيەنى قۇرۇش خىزمىتىدە پايدىلىنىش ئىدى. شۇ چاغدا ئىنقىلاب يېڭىلا غەلىبە قازانغان، ياپونىيەنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تېخى مۇقىملاشمىغانىدى، ئەمما سىياسىي ئەربابلار، مۇھىم ۋەزىرلەر قاتناشقان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەۋەتىلىشى ياپونىيە مىيجى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى 1871 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يولغا چىقىپ، 1873 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كەينى ـ كەينىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى، بۇنىڭغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇ سەپىرىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، دانىيە، شىۋېتسىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە ۋە شىۋېيتسارىيە قاتارلىق 12 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى[①]. ئەلچىلەر ئۆمىكى زىيارەت مەزگىلىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى تەكشۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلىتىنىڭ غەربنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن زىيارەت داۋامىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا داۋاملىق خەت ئەۋەتىپ، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى كېچىكتۈرمەي تونۇشتۇردى. ياپونىيەنىڭ مىيجى يىللىرىدا سىياسىي ئەربابلار بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ كەسكىنلىك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ باردى. فېئوداللىق ياپونىيەنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقىش

---

① شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش سۆھبىتى نەتىجە بەرمىدى.

ئۇچۇن كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئوكوبو توشىمىچى باشچىلىقىدىكى سىياسىي ئەربابلار بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىسىغا خاس دانالىق، يىراقنى كۆرەرلىك ۋە غەيرەتكە كېلىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىشتەك روھنى نامايان قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش»، «مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش» ۋە «دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى دۆلەتنى قۇرۇشنىڭ باش فاكچىنى قىلدى. بۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

## 1. «يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش» ۋە كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى

يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنى مېيجى ھۆكۈمىتى ئوكوبو توشىمىچى ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنى تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى 1874 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقتى، ئوكوبو توشىمىچى «يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش تەكلىپنامىسى»دە: «ھەرقانداق چوڭ دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى خەلقنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، خەلقنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكى بايلىق ۋە ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ ـ ئازلىقىغا باغلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بايلىق ۋە ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ ـ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى خەلقنى سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ـ رىغبەتلەندۈرمەسلىكتە. شۇڭا، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى يېتەكلەش ۋە مۇكاپاتلاش كۈچىگە تايىنىش كېرەك» دەپ يازغانىدى. شۇڭا، مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق روھى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ مەزمۇنى:

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن كاپىتالىزمغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش.

1880 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئاساسەن «ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۈلگىلىك زاۋۇت» ۋە «تېخنىكا كۆچۈرۈش» فاڭجېنى يولغا قويۇلدى، يەنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار زور كۈچ بىلەن قۇرۇلدى، دۆلەت مەبلەغ سېلىپ غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى، چەت ئەلنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق «ئۈلگە كۆرسىتىپ» خۇسۇسىيلارنىڭ كاپىتالىستىك كارخانىلىرىنى سانائەتلەشتۈرۈشكە يېتەكلىدى. سانائەت ۋازارىتى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلاردىن تۆمۈريول، كانچىلىق، شۇنىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بار ئىدى. پىششىقلاپ ئىشلەش دېگىنىمىز، ماشىنا، سېمونت، ئەينەك ۋە كېمە ياساشنى كۆرسىتەتتى، سانائەت، كان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سانائەت ۋازارىتى ئەسلىدىكى بارگاھ ۋە ۋاسساللارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى كان ۋە زاۋۇتلار ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكا ھەم ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلغانىدى. ئىچكى ئىشلار ۋازارىتى فىرمىلار ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى ـــ يۇڭ توقۇلما فابرىكىسى، يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى قاتارلىق يېقىنقى زامانىۋىلاشقان زاۋۇتلارنى باشقۇراتتى. ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ بۇ ئىگىلىكلەرنى قۇرۇشقا كىرىشىشىدىكى

مەقسىتى ئېكسپورتنى كېڭەيتىپ، ئىمپورتنى توسۇش ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ تاشقى سودا جەھەتتىكى تاشقى سودا تەتۈر پەرقىنى ئوڭشاش ھەمدە غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاشقى پىرىۋوت جۇغلاش ئىدى.

1880 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مېيجى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنى كۆپلەپ قۇرۇش بىلەن بىللە، خۇسۇسىيلار كاپىتالىغا يار ـ يۆلەك بولدى ۋە ئۇنى قوغدىدى. ھۆكۈمەت «شىركەتكە ياردەم پۇلى» بېرىش نامى بىلەن، چوڭ كاپىتالىستلارغا كۆپ مىقداردا قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىسى ئەڭ كۆپ مىتسۇبىشى شىركىتى، مىتسۇئى جەمەتى، توكيو جەملەش شىركىتى ۋە ياپونىيە تۆمۈريول شىركىتى قاتارلىقلار بار ئىدى. مىتسۇبىشى شىركىتى ياپونىيە ھۆكۈمىتى سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتىكى ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن بىر قوللۇق يۆلەپ تۇرغۇزغان چوڭ سۇ تىرانسپورت شىركىتى ئىدى. مىتسۇئى جەمەتى بارگاھنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېدو، ئوساكا قاتارلىق جايلاردا سودا ئىشلىرى ۋە سەرراپخانا ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 1868 ~ 1869 ـ يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا مالىيە جەھەتتىن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

1880 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىن مېيجى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ خۇسۇسىي كاپىتالىزمغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇنى قوللاش باسقۇچىغا ئومۇميۈزلۈك قەدەم قويۇش ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بەلگىلىدى: بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، يەنى ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ زور تۈركۈمدە تېخنىكا ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئىككىنچىدىن، ئىلگىرىكى

باسقۇچتىكى خۇسۇسىي كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ، يېتەرلىك دەرىجىدە ئاساس ھازىرلىغانىدى. ئۇچىنچىدىن، ھۆكۈمەت باشقۇرغان كارخانا، زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى زىيان تارتىپ، ھۆكۈمەت داۋاملىق باشقۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلارغا بۆلۈپ بېرىشنى قارار قىلغاندا، دەسلەپ سېتىۋېلىش باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، خۇسۇسىي كاپىتالىستلارنىڭ بىرەرىمۇ قىزىقمىدى. شۇڭا، 1884 ـ يىلىغا كەلگەندە سېتىش شەرتىنى تۆۋەنلىتىش، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق كارخانىلارنى تۆۋەن باھا، ئۆسۈمسىز، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش ئۇسۇلى بويىچە سېتىشنى قارار قىلدى. بۇ ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، چۈنكى كارخانىنى سېتىۋالغۇچىلار دەسلەپ نەق پۇل تۆلەپ بۇ كارخانىلارنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھاجەتسىز ئىدى، يەنى كارخانىلاردىن بىرقانچە يىل پايدا تاپقاندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل تۆلىسە بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئاساسلىقى بۇ ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن، شۇنداقلا ئىمتىيازغا ئىگە كاپىتالىستلارغا ۋە ھازىرقى زامان سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز ساندىكى يېڭىچە كاپىتالىستلارغا سېتىپ بەردى. مەسىلەن، مىتسۇئى جەمەتى مىئىكې كۆمۈر كانىنى، شىنماچى توقۇمىچىلىق ئورنى ۋە تومىئوكا يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنى سېتىۋالدى. مىتسۇبىشى شىركىتى ھۆكۈمەتتىن ناگاساكى كېمىسازلىق ئورنىنى، سادو ئالتۇن كانىنى، ئىكۇنو كۈمۈش كانىنى سېتىۋالدى، كېيىن يەنە تاكاشىما كۆمۈر كانىنى، داگې ئالتۇن كانىنى سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدىكى سودا ۋە پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ كاپىتالىستلار سانائەت، كان، كارخانا خوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ،

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە «مالىيە ماگناتى» بولۇشقا ئاساس سالدى.

ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانمىسى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مېيجى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش، خۇسۇسىي كاپىتالىزمنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ھۆكۈمەت مەبلىغى ئاجراتتى. ھۆكۈمەت ئالدىنقىسى ئۈچۈن 1885 ـ يىلىغىچە 210 مىليون يېن چىقاردى؛ كېيىنكىسى ئۈچۈن 1875 ـ يىلىدىن 1885 ـ يىلىغىچە «شىركەتكە ياردەم پۇلى بېرىش» نامى بىلەن 1 مىليون 470 مىڭ يېن چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا، «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»، «سامۇرايلار جەمەتى»نىڭ مائاشىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارغا زور تۈركۈمدە زايوم تارقىتىپ بېرىلگەنلىكتىن، بۇ ئىشتىن كېيىن ھۆكۈمەتمۇ غايەت زور مىقداردا مەبلەغ ئاجراتتى.

ھۆكۈمەت چىقىم قىلغان بۇ نۇرغۇن پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق: ئالدى بىلەن نۇرغۇن پۇل بېسىلىپ تارقىتىلدى، قەغەز پۇلنىڭ قالايمىقان تارقىتىلىشى ئېغىر دەرىجىدە پۇل پاخاللىقىنى، مال باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆرلىشىنى پەيدا قىلىپ خەلقنى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى.

زايوم تارقىتىش ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ جۇغلاشنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەنبەسى. 1874 ـ يىلى ۋە 1876 ـ يىلى تارقىتىلغان زايوم 200 مىليون يېنگە، 1873 ـ يىلى تارقىتىلغان زايوم 23 مىليون يېنگە يەتتى. 1878 ـ يىلى ۋە 1883 ـ يىلى جەمئىي 32 مىليون 250 مىڭ يېنگە تەڭ زايوم تارقىتىلدى. ھۆكۈمەت باج ئارقىلىق زايومنى قايتۇردى ۋە زايومنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلىدى.

باج ئىچىدە دېھقانلاردىن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ئېلىنىدىغان يەر بېجى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. يەر بېجىدىن قالسىلا ئىستېمال بېجى ئىدى. ئىستېمال بېجىنىڭ ئېغىرلىقى يەنىلا

خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى.
شۇنداق قىلىپ، ياپونىيەدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدىكى بايلىق دۆلەت ئاپپاراتى ئارقىلىق كاپىتالىستلار ھەمدە تۆرە، چوڭ سىياگۇنلارنىڭ (ئۇلارمۇ چوڭ كاپىتالىستلارغا ئايلاندى) قولىغا ئۇزۇكسىز توپلىنىپ كاپىتالغا ئايلاندى. شۇڭا، مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى، تەدبىرلىرى كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنىڭ كۈچلۈك پىشاڭلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.
ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلدى ۋە چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقاردى.
ياپونىيە بارگاھىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كاپىتالىستىك ئىش مەيدانى ئاساسىدىكى قول سانائىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بولۇپ، تېخنىكا سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى بەكمۇ ناچار ئىدى. شۇڭا، مېيجى ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ تەسىس قىلغان توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەربتىن بىر يۈرۈش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلغانىدى. ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوتقا موھتاج بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوتقا ئېرىشىش ئۈچۈن خام يىپەك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. خام يىپەك مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەلدىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
لېكىن، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى

كىرگۈزۈشلا كۇپايە قىلمايتتى، يەنە بۇ تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش زۆرۈر ئىدى، شۇڭا ھۆكۈمەت ئىككى تەدبىر قوللاندى: بىرىنچىدىن، غەرب ئەللىرىگە ئوقۇشقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. ئىككىنچىدىن، غەرب ئەللىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭدا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمىدى. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەمىناتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، ئۇلارنىڭ مائاشى ئادەتتە ياپونىيەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمما، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە بولغان باشقۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياپونىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى.

لېكىن، تەجرىبىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، دەسلەپ ياپونىيە ھۆكۈمىتى غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش داۋامىدا بىرمۇنچە مەسىلىلەركېلىپ چىقتى: بىرىنچىدىن، بىر مەزگىل ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە شارائىتىغا قارىماي، چەت ئەلنىڭ ماشىنا، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىماي قارىغۇلارچە كىرگۈزۈلۈپ ۋە كۆچۈرۈپ كېلىندى، ئاقىۋەت نۇرغۇن ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر كارغا كەلمىدى. ئىككىنچىدىن، غەربنىڭ تېخنىكا ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش يۈزەكى تەكىتلىنىپ، غەربنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆگىنىشكە سەل قارالدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن ئېغىر زىيان تارتتى. ئۈچىنچىدىن، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىختىساسلىقلارغا سەل قارالدى. چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارلا كىرگۈزۈلۈپ، تېخنىك خادىملارنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. تۆتىنچىدىن، چەت ئەلنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىۋى،

ئېسىل تېخنىكىسىغا ئېتىبارسىز قارالدى. بەشىنچىدىن، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئېتىبار بېرىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە سەل قارالدى.

ئاخىر ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ خاتالىق ۋە ساۋاقلارنى كۆزدە تۇتۇپ ۋاقتىدا ياخشىلىدى ۋە تۈزەتتى، يەنە كېلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتتى. بۇنىڭ ئۇسۇلى ـ چارىلىرى: بىرىنچىدىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخنىكا تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپلىگەن تېخنىكا مەكتەپلىرىنى قۇردى. ئىككىنچىدىن، چەت ئەلنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشتە، ئالدى بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى، ئاندىن ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى چىڭ تۇتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى دادىل ئىشلەتتى. تۆتىنچىدىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تېخنىكىلىرىنى ياخشىلاشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەردى.

## 2. «مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش» ۋە زور كۈچ بىلەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك دۆلەت سىياسەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇ غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى، مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى، ھەتتا ئالىي ئادەتنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ياپونىيەنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تېزلىكتە كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئۆزگەرتىشتىن دېرەك بېرەتتى. بارگاھنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن مەرىپەتچى فوكۇساۋا

يوكىشى (1834 ~ 1901 ـ يىللىرىغىچە) غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان «غەرب ئەللىرىدىكى ئىشلار» (1866 ـ يىلى)، «غەرب ئەللىرىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى» (1867 ـ يىلى) ھەمدە «غەرب ئەللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكى، يېمەك ـ ئىچمەكى ۋە ئۆي ـ تۇرالغۇلىرى توغرىسىدا» (1867 ـ يىلى) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى. «غەرب ئەللىرىدىكى ئىشلار» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئەتراپىنى بىر مەزگىل زىلزىلىگە سېلىپ بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندى ۋە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 200 مىڭدىن 350 مىڭچە سېتىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1868 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ياپونلار غەرب مەدەنىيىتىگە تەلپۈنەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە مېيجى ھۆكۈمىتى «مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، بىر مەزگىل غەربتىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، بۇ يۇقىرى دولقۇندا ناھايىتى چوڭ ئېغىش كۆرۈلدى، يەنى غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغلىشىدىغان ۋە ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇپ چەت ئەلگە خۇشامەت قىلىدىغان ناچار ئەھۋاللار پەيدا بولدى، ھەتتا بەزىلەر ياپون تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «مەدەنىيەتلىك» ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىنوئۇئې كائورۇ: «دۆلىتىمىزنى ياۋروپا ئىمپېرىيەسىگە، كىشىلىرىمىزنى ياۋروپا خەلقىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئىمپېرىيەمىز غەرب دۆلەتلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرالايدۇ» دېگەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى دەرھال ياپونىيەدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. كىدوتاكايوشى مودا قوغلىشىدىغان بۇنداق خاھىشقا ھوشيار تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە «سىرتقى كۆرۈنۈشى بېزەلگەن مەدەنىيلىشىش»كە قارشى تۇرۇپ، ياپونىيە غەربتىن ئۆگىنىشتە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. فوكۇساۋا يوكىشى:

«مەدەنىيەتنى ھەقىقىي گۈللەندۈرۈشتە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان ئىلمىي روھىنى، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، مېدىتسىنا، ئىقتىساد ۋە پەلسەپە قاتارلىق تەبىئىي پەن ھەم ئىجتىمائىي پەنلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

لېكىن، غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىلىم ـ پېننى ھەقىقىي ئىگىلەش ئۈچۈن ئىشنى مائارىپتىن باشلاش كېرەك ئىدى، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش بىلەن مائارىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى — بۇ جەھەتتە مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئىدى. يىتو خىروفۇمى: «ياپونىيە دۆلىتىنى باي، قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا ماڭغۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۇيغىتىپ، ئاندىن مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ساھەسىگە قەدەم قويۇش كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە: «دۆلەتنىڭ يىمىرىلمەس مۇستەھكەم ئاساسىنى ... قۇرغۇچىلار خەلقتۇر، ئىختىساسلىقلارنىڭ مەنبەسىنى ئۇزاق يىللارغىچە ئۇزۇلدۇرمەسلىك مائارىپقا باغلىقتۇر» دېدى. ئۇلار مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ھەمدە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىش ۋە قوللىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، دەپ ھېسابلىدى.

ئەھۋال دەل شۇنداق بولغاچقا، يېڭى ھۆكۈمەت مائارىپ خىزمىتىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالسىمۇ، لېكىن ئاياناستىن ئەڭ كۆپ مەبلەغنى مەكتەپ قۇرۇشقا سەرپ قىلدى. مائارىپقا مەسئۇل مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىدى.

يېڭى ھۆكۈمەت مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە مائارىپ قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. بارگاھ دەۋرىدە يولغا قويۇلغىنى فېئوداللىق مائارىپ بولۇپ، ئىنتايىن قالاق، ھۆكۈمران

سىنىپىنىڭ ئاز ساندىكى ئادەملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى ساۋاتسىز ئىدى. مېيجى يىللىرىدا سىياسىي ئەربابلار بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆلگە قىلىپ، ياپونىيە مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

1871 ـ يىلى مەدەنىيەت ۋازارىتى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنلەر ئىككىنچى يىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېيجى ھۆكۈمىتى فېئوداللىق مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە ئاساسەن، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مۇكەممەل يېقىنقى زامان مەكتەپ تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭدەك باشلانغۇچ مەكتەپ پىرىنسىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، چوقۇم «مەھەللە ـ مەھەللىلەردە ئوقۇمايدىغان ئائىلە بولماسلىق، ئۆي ـ ئۆيلەردە ئوقۇمايدىغان ئادەم بولماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بېكىتتى. 1873 ـ يىلى يەنە سودا ـ سانائەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا تايانچ كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كانچىلىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا قاتارلىق سودا ـ سانائەت مەكتەپلىرىنى ئېچىپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ تېخنىكا تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، يىغىلىقا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن ئادەتتىكى مەكتەپ، پېداگوگىكا مەكتەپ ۋە سودا ـ سانائەت مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا تېنىنونىڭ يېقىن ۋەزىرى موتودا ئېيفۇ ۋەكىللىكىدىكى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن يىتو خىروفۇمى باشچىلىقىدىكى يىغىلىقا كۆچۈش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش يۈز بەردى، ئالدىنقىسى غەرب

ئەللىرىنى ئۆلگە قىلىپ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشقا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلىش شەرقنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقنى بۇزۇۋېتىش ھېسابلىناتتى، مۇتەئەسسىپلەر توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، مېيجىنىڭ بىرىنچى يىلى يېڭى ھۆكۈمەت مەكتەپ قۇرۇش مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ «پادىشاھ مەكتىپى»نى ئاساس، غەرب مەكتىپىنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، مائارىپ ئىسلاھاتى ئەمەلىيەتتە بۇ پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىپ، نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە لىبېرالىزملىق سىياسىتىنى قوللاندى، نەتىجىدە يېڭىلىرىنى ئۆلگە قىلىدىغان، كونىلىرىنى چەتكە قاقىدىغان، ياپونىيەنىڭ كونا ئەخلاقىدىن ۋاز كېچىدىغان ھادىسە كۆرۈلدى. موتودا ئېيفۇ قاتارلىق مۇتەئەسسىپلەر 1879 ـ يىلى بۇ مائارىپ فاڭجېنىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلىپ، قانداقتۇر ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى پۈتۈنلەي غەربلەشكەن تەرەققىيپەرۋەر سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن گەپلەرنى قىلدى ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ «رەھىمدىل، دىيانەتلىك، ساداقەتمەن بولۇش» ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاقىۋەت ھۆكۈمەت بىلەن مۇتەئەسسىپلەر مۇرەسسە قىلدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە گېرمانىيەدىن ئۆگىنىش باشلىنىپ، «دۆلەت مەدەنىيەت جەۋھىرى» تەشەببۇس قىلىندى. 1890 ـ يىلى «مائارىپ پەرمانى» تارقىتىلىپ، كۆڭۈزىچىلارنىڭ ئېتىكا ئۆلچىمى «رەھىمدىللىك، دىيانەتلىك، ساداقەتمەن بولۇش» ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىزانى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى مەكتەپلەردە «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيەۋى تەربىيە مەجبۇرىي يولغا قويۇلدى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي شوۋىنىزملىق سىڭدۈرۈلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى. بىرىنچىدىن،

مەدەنىيەت بىلىملىرى خەلققە ئومۇملاشتى، خەلقنىڭ ساپاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. بۇ جامائەت ئەخلاقى قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىككىنچىدىن، زور تۈركۈمدە پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملار ھەمدە سودا ـ سانائەتنى باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈلدى، بۇ ياپونىيەنىڭ فېئودال، قالاق بىر دۆلەتتىن بىراقلا ئىلغار، كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز ئىجابىي رول ئوينىدى.

### 3. «دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ۋە يېڭى ئارمىيە، ساقچى تۈزۈمىنى ئورنىتىش

دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويغان بىر قاتار ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى. لېكىن، دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەربىي، دۆلەت مۇداپىئەسى كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈچنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كونا ھەربىي تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى ھەربىي تۈزۈمنى ئورنىتىشقا توغرا كېلەتتى. 1870 ـ يىلى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ياۋروپادىن قايتىپ كەلگەندە، ياماگاتا ئارىتومو ھەربىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭدەك ھەربىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مەقسىتى «ئىچكى جەھەتتە توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش، سىرتقا قارىتا تىركىشىش كۈچىنى كېڭەيتىش» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان غەربتىكى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بوزەك تېپىشىغا جاسارەت بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغداشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە

ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى جەھەتتە خەلقنى باستۇرۇش، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىشنىمۇ مەقسەت قىلغانىدى. مانا بۇنى دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش سىياسىتىنىڭ پاسسىپ تەرىپى، يەنە كېلىپ بۇ پاسسىپ تەرىپى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ھۆكۈمەت ياماگاتا ئارىتومونىڭ تەكلىپىنى رەسمىي قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بەزى خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى. 1871 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ياساۋۇللار قىسمىنى قۇرۇش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بارگاھنى ئاغدۇرۇش ھەربىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان ساتسۇما، ناگاسۇ ۋە توسادىن ئىبارەت ئۈچ ۋاسساللىنىڭ ئارمىيەسىدىن تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەم تاللىنىپ، مەخسۇس تېننونى قوغدايدىغان ياساۋۇللار قىسمى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى ھەرقايسى ۋاسساللارغا قاراشلىق قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، بۇ پەقەت ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى. دۆلەتنى بېيىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن غەرب بۇرژۇئازىيە دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي تۈزۈمىنى ئۈلگە قىلىپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېڭى مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا، مېيجى ھۆكۈمىتى ياماگاتا ئارىتومونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 1872 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تارقىتىشنى قارار قىلدى. 1873 ـ يىلى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش پەرمانى تارقىتىلىپ، يېڭى مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش ئىشىغا رەسمىي تۇتۇش قىلىندى.

ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەربىي جەھەتتە كونا فېئودال سامۇراي ئارمىيەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بۇرژۇئازىيە ئارمىيەسىنى قۇرۇش، سامۇرايلار مونوپول

قىلىۋالغان ھەربىي ئىمتىيازنى تارتىۋېلىپ خەلق ئىچىدىن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بەردى. ئەمما، سامۇرايلار تەرەپتىن كېلىدىغان قارشىلىقنى ئازايتىمىش ئۈچۈن يەنە «سامۇرايلار جەمەتى» يېڭى ئارمىيەدە تايانچ ئوفىتسېرلىققا قويۇلدى.

يېڭى ئارمىيەنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ 1875 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ۋاسساللارنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن كونا قوشۇنى قەدەممۇ قەدەم تارقىتىۋېتىلدى. 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە يېڭى ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇق قىسمىدا 53 مىڭ كىشىلىك يەتتە دىۋىزىيە بار بولۇپ، زاپاس ئەسكەر 265 مىڭغا يەتتى. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 25 ھەربىي پاراخوتى ۋە 10 تورپېداسى بار بولۇپ، 50 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

مېيجى ھۆكۈمىتىمۇ ساقچى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. يەنە يېقىنقى زامان ساقچىسى تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورناتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. 1873 ـ يىلى باش ساقچى كاۋاجى توشىيوشى ياۋروپانى تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ساقچى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1874 ـ يىلى مەركەز رەھبەرلىكى ئاستىدا مەملىكەت بويىچە «دۆلەت ئىشلىرى ساقچى» تۈزۈمى ئورنىتىلدى. بۇ تۈزۈم ئاستىدا مەركەزنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋازارىتى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساقچىلارغا قوماندانلىق قىلدى. بۇ ساقچى تۈزۈمى چەت ئەلنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلغان ھەم ياپونىيەنىڭ فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئەنئەنىسىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغانىدى. ساقچى كاتىپېشى كاۋاجى توشىيوشى ساتسۇما ۋاسسالىنىڭ فېئودال سامۇرايىدىن كېلىپ چىققان، يەنە كېلىپ مېيجى يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ساقچىلار پۈتۈنلەي فېئودال سامۇرايدىن كېلىپ چىققان «سامۇرايلار جەمەتى»دىن تەركىب تاپقانىدى.

ياپونىيەنىڭ يېڭى قوشۇنى ۋە ساقچى تۈزۈمى پۈتۈنلەي

فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقى بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى. يېڭى ئارمىيە «پادىشاھ قوشۇنى» دەپ ئاتالدى، يەنى تېننونىڭ قوشۇنى بولۇپ، ئەسكەرلەرگە تېننوغا سادىق بولۇش، بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدىيە سىڭدۈرۈلدى. 1878 ـ يىلى تارقىتىلغان «ھەربىيلەرگە نەسىھەت»نىڭ 1 ـ ماددىسىدا ھەربىيلەرنىڭ تېننوغا «ئىلاھ» قاتارىدا چوقۇنۇشى تەلەپ قىلىندى. ئاتالمىش «سامۇرايلىق» روھى بارلىق ھەربىيلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قالدى. «سامۇرايلىق» ئەسلىي ياپونىيە فېئودال سامۇرايلىرىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بولۇپ، «پادىشاھقا سادىق بولۇش»، مۇتلەق بويسۇنۇش، باتۇرلۇق كۆرسىتىش ۋە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق روھىنى، ھەربىيلەر زۆرۈر چاغدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن قىلىچنى ئېلىپ «قورسىقىنى يېرىش»كە كىرەلىشىنى تەكىتلەيتتى، «قورسىقىنى يېرىش» سامۇرايلارنىڭ «سادىق ۋە جەسۇر بولۇش»، «ئادالەت يولىدا قۇربان بولۇش»نىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلاتتى.

مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىنىققا كۆچۈش ھەرىكىتى بىر قېتىملىق ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى①. مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىنىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق فېئودال يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، بارگاھنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھاكىمىيەتنى

① مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىنىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا تارىخ ساھەسىدە ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەر بولدى، بەزىلەر بىر قېتىملىق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دېسە، بەزىلەر ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دېيىشتى، يەنە بەزىلەر ئىنقىلاب ئەمەس، ئىسلاھات، «نوقۇل فېئوداللىق دۆلەت تۈزۈلمىسىدىن فېئوداللىزمنىڭ ئاخىرقى سىياسىي فورماتسىيەلىك ئىستىبدات پادىشاھلىق ھوقۇقىغا ئۆزگىرىشى»، شۇنداقلا كېيىنكى چاغلاردىكى ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى ياپونىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، «مىللىي ھەرىكەت»، «ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھات» دېگەندەك قاراشلارمۇ بار.

فېئودال يەر ئىگىسى سىنىپىدىن بۇرژۇئازىيەلەشكەن تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل بولمىغان ئىنقىلاب دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب خەلقنى دېموكراتىيە ئەكېلىش بوياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئادەتتىكى بۇرژۇئازىيەگىمۇ تولۇق دېموكراتىيە بەرمىدى؛ دېھقانلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر يەر بېجى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنى يوقىتىدىغان چاغدا، ئەمگەكچى دېھقانلارغا يەر ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىلمەي، بەلكى يېڭى پومېشچىكلارنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيەسى ساقلاپ قېلىندى. فېئودال تەبىقە تۈزۈمى يوقىتىلىدىغان چاغدا، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلماي، بەلكى «ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى»، «سامۇرايلار جەمەتى» ۋە «ئاۋام خەلق»نىڭ پەرقى ساقلاپ قېلىندى. بارگاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان چاغدا، تېننولۇق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي، بەلكى تېننو ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلۈپ ھەمدە «ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ»، تېننو مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئورنىتىلدى. بۇ ئەركىن كاپىتالىزم ۋە ئەركىن بۇرژۇئازىيەنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولۇق شارائىت ھازىرلاپ بېرەلمىدى ياكى دۆلەتنىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق فېئودال خاراكتېرىنى، مونوپول خاراكتېرىنى ئالغان دۆلەت كاپىتالى ۋە ئىمتىيازلىق مالىيە زومىگەرىنىڭ كاپىتالى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇ ئىمتىيازلىق كاپىتال ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا، كىچىك كاپىتالنى چەكلىدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب نۇرغۇن فېئودال قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە جاھانگىرلىك باسقۇچىغا ئۆتۈشكە

ئەگىشىپ، ھەربىي فېئودال فاشىست جاھانگىر دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئۇنداقتا، نېمىشقا ياپونىيەنىڭ بۇ قېتىمقى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى شۇ قەدەر ئۆزۈل ـ كېسىل بولمىدى؟ بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچى، ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاساسلىقى خەلق بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنقىلابنىڭ ئىلگىرىلىشىنى سىلجىتالمىدى، ئىنقىلاب مۇساپىسىگە ۋە ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئىككىنچى، ئىنقىلابقا بۇرژۇئازىيە ئەمەس، بۇرژۇئازىيە ئىسلاھاتىنى قوللىغان تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلار رەھبەرلىك قىلدى. بۇ نۇقتىنى ياپونىيەنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتى بەلگىلىدى. ئىنقىلاب ھارپىسىدا ياپونىيەنىڭ كاپىتالىستىك مۇناسىۋىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، بۇرژۇئازىيە يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن، سانىمۇ ئاز، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمۇ ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چەت ئەل كاپىتالىزمى تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىپ، ياپونىيەنىڭ مىللىي كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى. بۇ ھال مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك گۇرۇھ — تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى قاتارىغا چىقىرىپ قويدى ۋە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلدۇردى. تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى بولۇپ قېلىشىدا ئۇلار تۆۋەندىكى بىرقانچە شەرتنى ھازىرلىغانىدى: بىرىنچى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇرژۇئازىيەلەشكەن بولغاچقا، ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئىستىقبالىغا ھەمدە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىككىنچى، ياپونىيە سامۇرايلىرى ئەزەلدىنلا مەدەنىيەتنى مونوپول قىلىۋالغان قاتلام بولغاچقا، تۆۋەن تەبىقىدىكى سامۇرايلار ئىچىدىن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كۆڭۈلى تەلىماتچىلىرى، مائارىپچىلار، رېنگاكوچىلار ۋە ئەجنەبىيچە

ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇچىنچى، تۆۋەن تەبىقىدىكى ساموراپلارنىڭ كۆپىنچىسى مول سىياسىي تەجرىبىگە ۋە سىياسىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلاردىن كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيونلار، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار، ھەربىي ئالىملار ۋە دىپلوماتلار بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىم، مائارىپچى، كارخانىچى ۋە سانائەتچى ئىدى.

لېكىن، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيەلەشكەن ساموراپلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈلسىمۇ، رىشتىسى ئۈزۈلمەيدىغان بىرخىل ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆپىنچىسى كۆڭزىچىلىق تەلىماتى، گۇمانىستار پەنلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قويۇق فېئوداللىق ئاڭ ــ پادىشاھقا سادىق بولۇش ئىدىيەسى بار ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ قېتىمقى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى نۇرغۇن فېئودالىزم قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىشتىن قۇتۇلالمىغانلىقتىن، ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بولماسلىقىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى چوڭ نەتىجە قازاندى ۋە قالاق فېئوداللىق ياپونىيەنى كاپىتالىستىك ئىلغار دۆلەت ئورنىغا ئۆتۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش تەقدىرىدىن ساقلاپ قالدى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب جەريانىدا، تۆۋەن تەبىقىدىكى ساموراپلار قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەش، ئىلغار دۆلەتلەردىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشتەك ئالغا ئىنتىلىش روھىنى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ھايات - ماماتلىق پەيتلەردە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى نامايان قىلدى. بۇ روھ مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا

كۆچۈش ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن قىممەتلىك مەنىۋى مىراس ئىدى.
مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى جۇڭگودا ھەرخىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىكى جاھىللار گۇرۇھى مېيجى يىللىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشنى «ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش» دەپ ئەيىبلىدى. ئەجنەبىيپەرەسلەر مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ غەربنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆگىنىش تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سىياسىي ئىسلاھات تەرىپىنى ئىنكار قىلدى. لېكىن، خۇاڭ زۈنشيەن، جېڭ گۇەنيىڭ، ۋاڭ يەن، كاڭ يۇۋېي ۋە لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلار يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرى مەيدانىدا تۇرۇپ، مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىگە يۇكسەك باھا بەردى.
مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى. كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلار قانۇن ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللاندى، شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن ئىلھام ئالدى. خۇاڭ زۈنشيەن «ياپونىيە دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھەمدە ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ ئۆتتى، شۇنىڭدەك يېڭىلىققا كۆچۈش مەزگىلىدىكى ياپونىيەنىڭ سىياسىتى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ۋە ھەربىي ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتىنى تەھلىل قىلدى ھەم ئۇنىڭغا باھا بەردى. ئۇ بولۇپمۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان «مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش، سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش» سىياسىتىنى قوللىدى. كاڭ يۇۋېي «ياپونىيەنىڭ

ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن كىتابنى يېزىپ، يېڭىلىققا كۆچۈش مەزگىلىدىكى ياپونىيەنىڭ چوڭ ۋەقەلىرىنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇپ، مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتىدا كۆرۈلگەن پايدا ـ زىيانلارنى ئالاھىدە تەھلىل قىلدى. خۇاڭ زۇنشيەن ۋە كاڭ يۇۋېينىڭ بۇ ئىككى كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتى ياپونىيەنىڭ مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى ئۈلگە قىلىپ، جۇڭگودا بۇرژۇئازىيە خاراكتېرلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىدى. مەسىلەن، كاڭ يۇۋېي «ياپونىيەنىڭ ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىنى گۇاڭشۈيخانغا يوللاپ، جۇڭگونىڭ «كۈچلۈك دۈشمەننى ئۇستاز تۇتۇپ»، قانۇن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جۇڭگونى «ئاجىز دۆلەتتىن كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش» تەكلىپىنى بەردى.

ئون تۆتىنچى باب

## 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئاسىيا

قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئاسىيا قۇرۇقلۇقى 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز ۋە قۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالدى بىلەن پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، ئارقىدىنلا گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىقلار چىقتى، ئۇلار تويچى پاراخوت سىياسىتىنى قوللىنىپ، پىلە قۇرتىدەك تەدرىجىي يەپ تۈگەتمەكچى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، ھىندىستان ۋە سىبىرىيە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى، كۆچلۈك دۆلەتلەر كەينى ـ كەينىدىن ئوسمان ئىمپېرىيەسى، ئىران ۋە جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى زورلاپ تېڭىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە قۇل قىلىشىغا قارشى كۈرىشى ئۈزۈكسىز بولۇپ تۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ كۈرەش مۇستەملىكە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھىندونېزىيەدىكى ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى (1825 ~ 1834) بۇ قېتىمقى يۇقىرى دولقۇننىڭ مۇقەددىمىسى بولدى، بۇ يۇقىرى دولقۇننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن ئىران بابىيە مەزھەپچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى

(1848 ~ 1859)، جۇڭگونىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى (1851 ~ 1864)، ھىندىستان خەلقىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى (1857 ~ 1859) مۇستەملىكىچىلىك ۋە فېئودالىزمغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئېنگېلس بۇ كۆلىمى چوڭ، دائىرىسى كەڭ، ۋاقتى ئۇزۇن ئىنقىلاب بورىنىغا باھا بېرىپ، بىر قانچە يىلغا قالمايلا «پۈتكۈل ئاسىيانىڭ يېڭى ئېراسىنىڭ تاڭ نۇرىنى»① كۆرگىلى بولىدۇ، دېدى.

# 1 ـ بۆلۈم ھىندونېزىيەنىڭ گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيەگە قارشى كۈرەشلىرى

## 1. گوللاندىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى

ھىندونېزىيە 3000دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ئاراللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۆلۈنمە ھالەتتە ئىدى. تاقىم ئاراللىكى ئىسلام فېئودال پادىشاھلىقلاردىن شەرقىي ياۋادىكى ماتاراند، غەربىي جاۋادىكى بانتېن، سۇماتېرادىكى ئاتسېخ ۋە سۇلاۋېسىدىكى گوئا قاتارلىقلار بار ئىدى. كالىمانتان قاتارلىق ئاراللاردا قېپقالغان بىر قىسىم ھىندى دىنى پادىشاھلىقلىرىمۇ بار ئىدى.

ھىندونېزىيەنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز بولدى. ياۋادا بولسا فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيتتى،

① ئېنگېلس: «پېرسىيە ۋە جۇڭگو»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 712 ـ بەت.

دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ۋە قول سانائەت خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. فېئودال پومېشچىكلار سودىگەرلەرگە باجنى يىغىشقا ھۆددىگە بېرىپ، ناتۇرال باجنىڭ ئورنىغا پۇل ئارقىلىق باج تاپشۇرىدىغان بولدى، باشقا ئاراللاردا ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئارقىدا قالغانىدى، بەزى رايونلاردا (مەسىلەن، سۇلاۋېسى) قۇللۇق تۈزۈم كەڭ ئومۇملاشقان بولسا، بەزى رايونلار (مەسىلەن، يېڭى گىۋىنىيە) يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى باسقۇچىدا ئىدى.

ھىندونېزىيە، بولۇپمۇ مولۇككا تاقىم ئاراللىرىدىن چىقىدىغان قىممەتلىك دورا - دەرمەكلەر (قاقىلە، قارىمۇچ، قەلەمپۇر قاتارلىقلار) شەرق ۋە ياۋروپا بازارلىرىدا داڭلىق بولغاچقا، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئارالغا بۇرۇنلا چىشىنى بىلەپ كېلىۋاتاتتى. پورتۇگالىيەلىكلەر دورا - دەرمەك سودىسىنى مونوپول قىلىش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ ھىندونېزىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. 1511 - يىلى ئامبون ئارىلىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. مانا بۇ ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

گوللاندىيەلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. 1596 - يىلى 6 - ئايدا كورنىلىس دې خوتمان باشچىلىقىدىكى گوللاندىيە فىلوتى تۇنجى بولۇپ ھىندونېزىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. خوتمان بانتېنغا كېلىپ ئۆكتەملىك قىلدى ۋە قورال كۈچى بىلەن ياۋانىڭ ئىككى كېمىسىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، بانتېننىڭ سۇلتانى ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، جەرىمانە قويغاندىن كېيىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇلار بانتېندىن ئايرىلغاندىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مولۇككا تاقىم ئارىلىغا كەلدى ۋە سودا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاخىر بۇ يولسىز تەلىپى رەت قىلىنىپ ئىلاجسىز دۆلىتىگە قايتتى. 1598 - يىلى گوللاندىيەلىكلەر يەنە ئىككىنچى قېتىم يىراقتا يۈرۈش قىلدى. فاننېك باشچىلىقىدىكى سەككىز كېمە 11 -

ئايدا بانتېنغا يېتىپ كەلدى. دەل بۇ چاغدا بانتېن بىلەن پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش بولۇۋاتاتتى، گوللاندىيەلىكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بانتېن سۇلتانىغا ياردەم بەردى. پورتۇگالىيەلىكلەر چېكىندۇرۇلگەندىن كېيىن گوللاندىيەلىكلەر باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇشقا ئىجازەت ئالدى. زور مىقداردا قارىمۇچ سېتىۋېلىپ، تۆت كېمىگە لىق قاچىلاپ دۆلىتىگە قايتتى، بۇنىڭدىن 400% پايدىغا ئېرىشتى. قالغان تۆت كېمە ياۋا قىرغاقلىرىنى بويلاپ مېڭىپ باندا، ئامبون قاتارلىق جايلاردىن دورا ـ دەرمەك سېتىۋالدى ۋە ئامبوندا سېتىۋېلىش پونكىتى قۇردى. گوللاندىيەلىكلەر بۇ قېتىمقى يىراققا سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىندونېزىيەگە بارىدىغان دېڭىز يولىنى بىلىۋالدى ھەمدە ئىككى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىدى.

1599 ـ يىلىدىن 1601 ـ يىلىغىچە گوللاندىيەلىكلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دورا ـ دەرمەك سېتىۋالغىلى ئون نەچچە قېتىم ھىندونېزىيەگە باردى. بىر مەزگىل شەرقنىڭ مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەر كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىپ بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن رىقابەتكە چۈشتى. 1602 ـ يىلى گوللاندىيە پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ ھەرقايسى شىركەتلەرنى قوشۇپ بىرلەشمە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى، قىسقارتىپ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى دەپ ئاتىدى. بۇ شىركەتنىڭ توپلىغان مەبلىغى 2 مىليون 500 مىڭ گۇئىلدېر (گوللاندىيە پۇلى)غا يەتتى، پارلامېنت تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىجازەتنامە بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر شىركەت پارلامېنت نامىدا ئۇرۇش قوزغاش، شەرتنامە ئىمزالاش، يەرلەرنى ئىگىلەش ۋە زەمبىرەك ئىستىھكاملىرىنى ياساش قاتارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن پورتۇگالىيەلىكلەر ۋە ئىسپانىيەلىكلەردىن ھىندونېزىيەدىكى تايانچ بازىلىرىنى تارتىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرى ھەرقايسى شىركەتلەر ئايرىم - ئايرىم تەسىس قىلغان سېتىۋېلىش پونكىتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلەشمە شىركىتىنىڭ سودا مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. 17 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىركەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مولۇككا تاقىم ئارىلىدىكى كىچىك سۇلتانلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، دورا - دەرمەكلەر كۆپ چىقىدىغان ئامبون، تېرنات، دىدلې ۋە باندا تاقىم ئاراللىرىنى كونترول قىلدى. 1610 - يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھىندونېزىيەدە باش ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇپ، پىتېر بوشنى باش ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. ئۇ 2700 گۇئىلدېرغا جاكارتادىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ، ئۆي، ئىسكىلات ۋە قەلئە ياساتتى. 1619 - يىلى گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى جاكارتانى تالىشىپ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلدى، ئاقىۋەت ئەنگلىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى، شەھەر رايونى كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى. گوللاندىيەلىكلەر جاكارتانى ئىشغال قىلدى. 1621 - يىلى جاكارتانىڭ ئىسمى باداۋىغا ئۆزگەرتىلىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندونېزىيە ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىكى باش ئىشتابىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىسى ياۋا ئارىلىغا يۆتكەلدى. ئۇلار كۈچلۈك ماتارام پادىشاھلىقى بىلەن بانتېن پادىشاھلىقىغا «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، «بۇ ئىككى پادىشاھلىقنى بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى...»

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جاكارتانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ماتارام بىلەن شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ

زىددىيىتى كۆنسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. سۇلتان ئاگۇڭ گوللاندىيەلىكلەرنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوشۇن تارتىپ مادۇرا، سۇرابايا ۋە سىرېبون قاتارلىق ئەللەرنى بېسىۋالدى ھەمدە مەخسۇس سېتىش سىياسىتىنى بەلگىلەپ خەلقنىڭ گوللاندىيەلىكلەرگە گۈرۈچ سېتىپ بېرىشىنى چەكلىدى. 1628 ـ يىلىدىن 1629 ـ يىلىغىچە ماتارام قوشۇن چىقىرىپ باداۋىيغا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما نەتىجە قازىنالمىدى. ئاگۇڭنىڭ ۋارىسى ئاماڭكۇرات I زالىم سۇلتان ئىدى. 1674 ـ يىلى مادۇرا شاھزادىسى تىرونوجويو قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جاۋاغا يۈرۈش قىلدى ۋە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى «ياردەم بېرىش» نامى بىلەن قول قىلىش نىيىتىگە يەتمەكچى بولدى، ئەمما ترونوجويونىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچىلار ياۋروپا قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ماجاپاخىت دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شوئارىنىڭ ئىلھامى بىلەن، كەينى ـ كەينىدىن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندى. ئاماڭكۇرات I ئالاقزادىلىك ئىچىدە قېلىپ، پايتەختتىن قېچىپ ئۆزىنى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قوينىغا ئاتتى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاماڭكۇرات II 1677 ـ يىلى شىركەت بىلەن ۋەتەن ساتقۇچلۇق كېلىشىم تۈزۈپ، شىركەتنىڭ ماتارام زېمىنىدا باجسىز سودا قىلىشىغا قوشۇلدى ۋە كاراخىن، پىرىياڭئان رايونى ھەمدە ياۋانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سىماراڭنى بۆلۈپ بېرىپ، شىركەتنىڭ قىلغان ياردىمىدە ئىشلەتكەن بارلىق خىراجىتىنى قايتۇردى، ماتارامدىكى پورتلارنىڭ ھەممىسىنى شىركەتنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوشۇن چىقىرىپ ترونوجويو قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قوشۇلدى. 1678 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى نۇرغۇن قوشۇنلارنى يۆتكەپ ماتارامغا تاجاۋۇز قىلدى. قوزغىلاڭچىلار

قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. 1679 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قوزغىلاڭ تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن باستۇرۇلدى، تىرونوجويو ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماتارامنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بانتېنغا تاجاۋۇز قىلدى. 1651 ـ يىلى سۇلتان ئاگۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن گوللاندىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توستى ۋە جەڭگىۋار قېيىق ئەترىتىنى قۇرۇپ گوللاندىيەلىكلەرنىڭ دېڭىزدىكى ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك تەھدىت سالدى. سۇلتان ئاگۇڭنىڭ ياۋروپاچە يەلكەنلىك كېمىلىرى بولغاچقا، ھىندىستان بىلەن فىلىپپىنغا سەپەر قىلدى. شۇ چاغدا بانتېن تازا روناق تاپقان، سودىسى تەرەققىي قىلغان، پورتلىرىدا ياۋروپاچە زەمبىرەك ئىستىھكاملىرى ياسالغان بولۇپ، مۇداپىئەگە تولىمۇ قولايلىق ئىدى. ئەمما، 70 ـ يىللاردىن كېيىن بانتېن پادىشاھلىقى بارا ـ بارا زاۋاللىققا قاراپ ماڭغانىدى. خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تالىشىش تۈپەيلىدىن بانتېن ئوردىسى ئىككى گۇرۇھقا، يەنى دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى قوللايدىغانلار بىلەن شاھزادە سۇلتان ھاجىنى تەختكە چىقىشىنى قوللايدىغانلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئىككى گۇرۇھنىڭ ئىچكى تالاش ـ تارتىش قىلىشى بىلەن بانتېن پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئوبدان پۇرسەت يارىتىلدى. 1680 ـ يىلى سۇلتان ھاجى دادىسىنىڭ بادداۋىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئىككى يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىت تىغ كۆتۈرۈشۈپ توختىمىدى. سۇلتان ھاجى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىدىن ياردەم سورىدى. گوللاندىيە ئارمىيەسى 1681 ـ يىلى بانتېن پورتىغا كىرىپ بىرنەچچە ئاي كەسكىن جەڭ قىلدى، ئاخىر سۇلتان ئاگۇڭ گوللاندىيە ئارمىيەسىگە ئەسىرگە

چۈشۈپ قالدى. سۇلتان ھاجى 1684 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىلەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە تۈزۈپ، بانتېن ۋە سۇماتېراغا قاراشلىق لامپۇڭدا سودا مونوپوللۇق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە نۇرغۇن ھەربىي خىراجەت تۆلىدى، شۇنىڭ بىلەن بانتېن گوللاندىيەنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماتارام ۋە بانتېن پادىشاھلىقى فېئوداللىرىنىڭ ئىچكى تالاش ـ تارتىشىدىن يەنە پايدىلىنىپ، ئىككى پادىشاھلىقنى يەر بۆلۈپ بېرىش، تۆلەم تۆلەش ھەققىدە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، قەدەممۇ قەدەم پۈتۈنلەي مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قىلدى، ئاخىر ئىككى پادىشاھلىق شىركەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ياۋادا شىركەتكە بىۋاستە قاراشلىق مۇستەملىكە ۋە بېقىندى ئەلدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشغالىيەت تۈزۈمى ئورناتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بىۋاستە قاراشلىق جاي ياۋا ئومۇمىي تېررىتورىيەسىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. بىۋاستە قاراشلىق جايغا شىركەت گوللاندىيەلىكنى ئۆلكە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، ئالىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، ئەسلىدىكى ھىندونېزىيە فېئودال خان ـ تۆرىلەرنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى ھەر دەرىجىلىك مۇستەملىكە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىدى. بېقىندى ئەللەردىن ياۋادا بانتېن، سىربون، سۇرا، جوگياكارتا ۋە ماڭكۇنېكاران قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار نامدا «مۇستەقىل» بولغىنى بىلەن، ھەرقايسى ئەل سۇلتانى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئەمما شىركەت تەرىپىدىن ئەللەردە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ئىنتايىن چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ئۇلار خانلىق تەختىگە

ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشاتتى، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىلەن تۈزۈشكەن قول قىلىش خاراكتېرىدىكى شەرتنامىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلاتتى.

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى يۇقىرى پايدىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مونوپول سودا تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئىگىلىۋالدى. سېتىۋېلىش جەھەتتە شىركەت تېرىشقا بولىدىغان زىرائەتلەرنى رايونلارغا ئۆزى بەلگىلەپ بەردى، مەسىلەن، ئامبون ئارىلىدا قەلەمپۇر تېرىلدى، باندا ئارىلىدا جۇزبۇۋا ئىشلەپچىقىرىلدى، پىرىياڭگانىدا قەھۋە تېرىلدى، ئاخىرىدا بۇ مەھسۇلاتلار تۆۋەن باھادا شىركەتكە سېتىپ بېرىلدى. شىركەت «ئەتكەسچىلىك» سودىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر يىلى تەرەپ ـ تەرەپكە پاراخوتلارنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تۇردى. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالاندى. چۈنكى، باندا ئارىلىنىڭ ئاھالىلىرى جۇزبۇۋانى گوللاندىيە تەۋەلىكىدە بولمىغان سودىگەرلەرگە سېتىپ بەرگەچكە، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى باندا ئارىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك (تەخمىنەن 15 مىڭ ئادەم) ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئېلىپ ـ سېتىش جەھەتتە شىركەت بەزى سودىگەرلەرنىڭ مونوپول تىجارەت ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى. شىركەت بېقىنىدى بەگلىكلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ پاختا رەخت، ئەپيۇن قاتارلىق تاۋارلارنى شىركەت ئىمپورت قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مونوپول سودا تۈزۈمى شىركەتكە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك پايدا يەتكۈزدى. شىركەت ئامبون ۋە باندادا يەتتە تىيىنغا سېتىۋالغان بىر قاداق دورا ـ دەرمەكلەرنى گوللاندىيەگە ئاپىرىپ 300 تىيىن (ئۈچ گۇئىلدېر)غا ساتتى. ياۋادا بىر دادەن تۈزنى ئالتە گۇئىلدېرغا سېتىۋالدى، سۇماتراغا ئاپىرىپ ساتسا 50 ~ 70 گۇئىلدېرغا يارايتتى.

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق

جايلاردا ناتۇرال نورمىلىق باج تاپشۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى ئىشتاتلار مەلۇم مىقداردىكى سوۋغاتنى ئۇستىگە ئېلىشنى ۋە بۇ سوۋغاتلارنى ھەرقايسى يېزىلارغا بۆلۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى. بىقىندى ئەللەردە مەجبۇرىي تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇلدى. مەجبۇرىي تەمىنلەش تۈزۈمى ئالدى بىلەن ماتارامدا يولغا قويۇلدى، ماتارام ھەر يىلى شىركەتنى ئەڭ تۆۋەن باھادا گۈرۈچ (مەلۇم مىقداردا) بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى بەلگىلەندى. بۇ تۈزۈم كېيىن باشقا ئەللەردىمۇ يولغا قويۇلۇپ، يانتېن قارىمۇچ، سىرىبون نىل بوياق، قىزىلچا، گۈرۈچ، ياغاچ ماتېرىياللىرى، پىرىياڭئان ياغاچ ماتېرىياللىرى، گۈرۈچ، قارىمۇچ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە سوۋغات ياكى تەمىنلەش بۇيۇملىرى بولسۇن، ھەرقايسى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار جاكارتاغا توشۇشقا مەسئۇل بولدى. بەلگىلىمە بويىچە شىركەت سوۋغات ۋە تەمىنلەش بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقانلارغا ناھايىتى تۆۋەن ھەق بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئازغىنە ھەقنىڭ كۆپ قىسمى گوللاندىيەلىك خىزمەتچىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ ھەميانىغا كىرىپ كېتەتتى.

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھىندونېزىيەدە ئادەم ئوغرىلاش ۋە قۇللارنى ئېلىپ ـ سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ماركس: «گوللاندىيەلىكلەر ياۋا ئارىلىدا قۇللارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سۇلاۋېسىدا ئادەم ئوغرىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئادەم ئوغرىلايدىغان بىر تۈركۈم ئوغرىلارنى تەربىيەلىدى. ئوغرى، تەرجىمان، ئادەمنى ئېلىپ ـ ساتقۇچىلار بۇنداق سودىنىڭ ئاساسلىق گۇماشتىلىرى، يەرلىك شاھزادىلەر بولسا ئاساسلىق ئادەم ئېلىپ ـ ساتقۇچىلار ئىدى. ئوغرىلاپ كېلىنگەن ياشلار چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكۈچە، يەنى قۇللار كېمىسىگە قاچىلىنىشتىن ئىلگىرى سۇلاۋېسىدىكى

مەخپىي تۈرمىگە تاشلىنىدۇ»① دېدى. شىركەت يەنە بالى قاتارلىق ئارال‌لاردىكى فېئودال‌لار بىلەن قۇللارنى تەمىنلەش كېلىشىمى تۈزدى ھەمدە جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدىن جۇڭگو ئاھالىلىرىنى بۇلاپ، ھىندونېزىيەگە ئەكېلىپ قۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جاكارتا بىر مەزگىل قۇللارنى ئېلىپ - سېتىش چوڭ بازىرىغا ئايلىنىپ قالدى. 1778 - يىلى بالىدا قۇللارنىڭ سانى 13 مىڭغا يەتتى. قۇللار ھەرخىل ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىناتتى، ياۋروپالىقلار ئاچقان ئېكىنزارلىقلاردا جاپالىق ئىشلارنى قىلاتتى. مەسىلەن، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى باندا ئارىلىدىكى ئاھالىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن باندا ئارىلىدىكى يەرلەرنى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن گوللاندىيەلىك ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى. بۇ گوللاندىيەلىك ئېكىنزار خوجايىنلىرى قۇللارنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ بېيىپ كەتتى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قۇل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھىندونېزىيەدىن نۇرغۇن بايلىقلارنى بۇلاپ ئېلىۋالدى. 1602 - يىلدىن 1615 - يىلغىچە شىركەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32.5% پايدىغا ئېرىشتى، 1650 - يىلى ئېرىشكەن پايدىسى 500% كە يەتتى. 1750 ~ 1759 - يىللىرى ھىندونېزىيەدىن گوللاندىيەگە ئەۋەتىلگەن پۇل يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 500 مىڭ گۇئىلدېرغا، 1770 - يىلدىن 1779 - يىللىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب 4 مىليون گۇئىلدېرغا يەتتى. بۇلاپ كېلىنگەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە گۆھەر - ياقۇتلارنىڭ قىممىتى ئەۋەتىلگەن پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھىندونېزىيە خەلقى ئاچارچىلىق، نامراتچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ئاھالە ئازلاپ تېرىلغۇ يەرلەر چۆلدەرەپ كەتتى.

① ماركس: «ئاتالمىش ئىپتىدائىي جۇغلىنىش»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە 1 - نەشرى، 256 - بەت.

## 2. سۇراباتى قوزغىلىڭى ۋە «قىزىل ئېقىن ۋەقەسى»

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى جاۋا خەلقىنىڭ ئۈزۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى سۇراباتى باشچىلىقىدىكى گوللاندىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. سۇراباتى ئەسلىي بالى ئارىلىدىن، ئىسمى ئۇندون ئىدى. بىر قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ گوللاندىيەلىكلەرگە سېتىۋېتىلگەن، باتاۋىيەگە ئاپىرىلىپ قۇل قىلىنغان، كېيىنكى چاغلاردا شىركەتنىڭ ئارمىيەسىدە ئەسكەر بولغان ۋە ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بانتېن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، گوللاندىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ خورلىشىغا چىدىمىغان سۇراباتى ھەمراھلىرىنى باشلاپ پىرىياڭئاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى چىقتى، سۇلتان بانتېن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، سۇراباتى ماتارامغا يۆتكىلىپ ئاماڭكۇرات II نىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. گوللاندىيە قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى، كارتاسۇرا جېڭىدە ماتارامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن سۇراباتى گوللاندىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. كېيىن سۇراباتى پاسۇرۇئەننى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭغا قاراشلىق رايونلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيدى.

1703 ـ يىلى ئاماڭكۇرات II ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئاماڭكۇرات III تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئاماڭكۇرات III دادىسىدىنمۇ بەكرەك سۇراباتى بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىگە قارشى تۇردى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ تاغىسى باڭگىران پۇگىر باشچىلىقىدىكى فېئودال

شاھزادە ـ بەگلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. باڭگىران پۈگىر سىماراڭغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆزى خان بولۇۋالدى. 1705 ـ يىلى ئۇ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىلەن يېڭى ئەھدىنامە تۈزۈپ، سىرىبون، پىرىياڭئان ۋە مادۇرانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قوشۇن چىقىرىپ ئۇنىڭ سۇراباتى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشىغا، ئاماڭكۇرات Ⅲ كە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەردى. 1706 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئارمىيەسى پاڭچىغا ھۇجۇم قىلدى، سۇراباتى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، گوللاندىيە ئارمىيەسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. سۇراباتى بۇ قېتىمقى جەڭدە يارىلىنىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پاسۇرۇئىندا ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككىنچى يىلى، گوللاندىيە ئارمىيەسى داۋاملىق تۇردە سۇراباتىنىڭ ئۇچ ئوغلى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، پاسۇرۇئەننى بېسىۋالدى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قالغان قىسمى مالاڭغا چېكىندى. 1708 ـ يىلى ئاماڭكۇرات Ⅲ گوللاندىيەگە تەسلىم بولۇپ، سىرى لانكىغا سۈرگۈن قىلىندى. سۇراباتىنىڭ نەۋرىلىرى تاكى 1767 ـ يىلىغىچە گوللاندىيەگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى.

سۇراباتى قوزغىلىڭى تېخى بېسىقماي تۇرۇپ، يەنى 1740 ـ گوللاندىيەگە قارشى بىرلەشمە كۈرەش پارتلىدى. گوللاندىيە باتاۋىيەنى بېسىۋالغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇچۈن جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى پۇتۇن كۈچى بىلەن قىزىقتۇرۇپ ۋە بۇلاپ ئەكېلىپ قول سانائىتى، شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندۇردى. 1706 ـ يىلى جاكارتادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى، 1720 ـ يىلى كۆپىيىپ 60

مىڭغا يەتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى جوڭگو مۇھاجىرلىرى بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. جوڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىشى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. گوللاندىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە باي جوڭگو مۇھاجىرلىرى رىقابەتلىشىدىغان رەقىبى بولسا، كەمبەغەل جوڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆزلىرىگە قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋەھشىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جوڭگو مۇھاجىرلىرىنى چەتكە قېقىش، ئۇلارغا زەربە بېرىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۆتتى.

1706 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى جوڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، «چېگرادىن كىرىش گۇۋاھنامىسى» بار ئادەملەرنىلا چېگرادىن كىرگۈزۈشنى بەلگىلىدى. چېگرادىن كىرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر ئون گۇئىلدېر تاپشۇرىدى؛ چېگرادىن كىرگەنلەر «تۇرۇپ قېلىش گۇۋاھنامىسى» ئېلىش ئۈچۈن بەش گۇئىلدېر تاپشۇرىدى. 1722 ـ يىلى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى جاكارتادىكى ئاتالمىش «ئىشسىز جوڭگو مۇھاجىرلىرى»نى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدى ۋە جوڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ يول بويلىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى ئېچىشىنى، سىرتلارغا ئۆز ئىختىيارى ساياھەت قىلىشىنى چەكلىدى. قولغا ئالغانلارنىڭ بىر قىسمىنى دۆلىتىگە قايتۇرىدى، يەنە بىر قىسمىنى سەيلون ئارىلى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىغا ئەۋەتىپ قۇل قىلدى. 1727 ـ يىلى مۇستەملىكىچىلەر ئاتالمىش تۇرۇپ قېلىش گۇۋاھنامىسى يوق جوڭگو مۇھاجىرلىرىنى يەنە قولغا ئالدى. 1740 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىك باش ۋالىيسى نامىرات جوڭگو مۇھاجىرلىرىنى تىزىمغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئېغىر ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن سەيلونغا ئەۋەتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن بارلىق جوڭگو مۇھاجىرلىرى تىزىمغا ئېلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن،

مۇستەملىكىچىلەر «مۇستەملىكىچىلىك ھاكىمىيەت گۇمانلىق دەپ قارىغانلىكى كىشىلەر مەيلى نامرات بولسۇن ـ بولمىسۇن ياكى تۇرۇپ قېلىش گۇۋاھنامىسى ئالسۇن ـ ئالمىسۇن، ھەممىسى بىردەك قولغا ئېلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ» دەپ ئېلان چىقاردى. ئاقىۋەت، نۇرغۇن تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قولغا ئېلىندى، ھەتتا قوللىرىغا كويزا سېلىنىپ سەيلون ئارىلىغا يالاپ ئاپىرىلدى. ئۇلار يول بويى شەپقەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ، مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئازاب دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈمدىن ئامان قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى جاكارتاغا قېچىپ باردى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دەرغەزەپكە كېلىپ، ھەممە بىردەك ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆلۈمدىن ئامان قالغىنىمىز تۈزۈك، دېگەن تونۇشقا كەلدى. ئاخىر چوڭ قوزغىلاڭنىڭ پۈرسىتى پىشىپ يېتىلدى.

ئەسلىي قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى ليەن خۇەي، لىن چۇ قاتارلىقلار قوشۇننى ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈپ، بىر يۆنىلىشتىكى قوشۇن تىنگالاندىن ۋېيندېن خارابىسىدىكى زەمبىرەك ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشنى، يەنە بىر يۆنىلىشتىكى قوشۇن گوللاندىيەنىڭ ھەربىي گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى، ئاندىن ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ باتاۋىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەربىي ئۇۋۇسىنى يوقىتىشنى پىلانلىدى. ئەمما، لىن چۇ پارە يەپ قوزغىلاڭ پىلانىنى دۈشمەنگە سېتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوشۇنلىرىنى خاتىرجەم ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييارلىق كۆردى. شۇڭا، گوللاندىيەنىڭ ھەربىي گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، زەمبىرەك ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچراپ نەتىجە قازىنالمىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە زەمبىرەك ئىستىھكامىغا ھۇجۇم

قىلغان قوشۇن جەڭ پۇرسىتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇدۇل باتاۋىيەگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ۋەھشىي گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر تەرەپتىن تۈرمىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى قىرغىن قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئولتۇراقلاشقان رايوننى توپقا تۇتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇن يۆتكەپ لۈكچەك ـ مۇشتۇمزورلارنى تەشكىللەپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ دۇكانلىرىنى، قورۇ ـ جايلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن باتاۋىيەنىڭ غەربىي دەرۋازىسى، جەنۇبىي دەرۋازىسى، ۋېيىدىن خارابىسى ئەتراپلىرىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ بوششىپ كېتىشى، قورال ـ ياراغنىڭ ناچارلىقى، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوق ـ دورىلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە ئۆلۈم ـ يىتىمنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن باشقا جايغا يۆتكەلدى. شۇ قېتىمقى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بىر قوللۇق پەيدا قىلغان چوڭ قىرغىنچىلىقىدا جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن 10 نەچچە مىڭى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى، ئاققان ئىسسىق قانلار دەريا سۈيىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ «قىزىل ئېقىن جېڭى» دەپ ئاتالدى.

قىزىل ئېقىن ۋەقەسىدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار خۇاڭ بەن قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ھىندونېزىيە خەلقى بىلەن بىرلىشىپ زابالا، دېماك قاتارلىق جايلاردىكى گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ تايانچ بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. تېگال، سېمارالڭ، سۇرابايا قاتارلىق جايلاردا جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ بىرلىشىپ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرىشى قوزغالدى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رېمباڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى، قوزغىلاڭ سۇر ـ ھەيۋەت بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئارالنى قاپلىدى، ھەتتا فېئودال شاھزادە، بەگلەر،

مەسىلەن، ماتارام سۇلتانى پاكۇبۇۋانا Ⅱ قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن ئاستىرتىن ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ، ھەرىكەت قىلىشقا پۈرسەت كۈتتى. كېيىن پاكۇبۇۋانا Ⅱ ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزگىرىۋالدى، ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ماس كاراندى يېڭى سۇلتان بولۇپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن بىللە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە داۋاملىق قارشى تۇردى. 1742 - يىلى 6 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن پايتەختنى ئالدى، پاكۇبوۋانا گوللاندىيە ئەلچىسى بىلەن بىللە پونوروكقا قېچىپ كەتتى. گوللاندىيە ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باداڭ، دېماك ۋە زابالالارنى ئىشغال قىلدى. 1743 - يىلى ماس كاراندى سۇرابايادا تەسلىم بولۇپ، قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ مۇستەملىكە قىلىشقا قارشى كۈرىشى تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

## 3. گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەنىڭ ھىندونېزىيەنى تالىشىشى

ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ توختاۋسىز قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى خارابلىشىشقا قاراپ ماڭدى. شىركەت مالىيەسى كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماسلىق دەرىجىگە يېتىپ، قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلدى. 1780 - يىلىغا كەلگەندە، شىركەت قەرزى 25 مىليون گۈلدېرغا يېتىپ، ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندونېزىيەگە قاراتقان مونوپوللۇق ئېكسپلاتاتسىيەسى گوللاندىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار ھىندونېزىيەگە ئەركىن

سودىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، گوللاندىيە ھۆكۈمىتى 1796 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ تىجارىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1800 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى رەسمىي تارقىتىۋېتىلىپ، گوللاندىيە ھۆكۈمىتى شىركەتنىڭ پۈتكۈل مال ـ مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەممە قەرزىنى ئۈستىگە ئالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ھىندونېزىيە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ تالىشىش نىشانى بولۇپ قالدى. 1806 ـ يىلى ناپولېيون گوللاندىيەنى ئىشغال قىلىپ، فىرانسىيەپەرەس گوللاندىيەلىك داندېلسنى ھىندونېزىيەگە باش ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتكەن گوللاندىيە ھۆكۈمرانى ۋىللىيام ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھىندونېزىيەنى تالىشىشتىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. 1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى جاكارتا پورتىدىكى گوللاندىيە فىلوتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەنگلىيە فىلوتى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

1808 ـ يىلى داندېلس ھىندونېزىيەگە كەلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قوشۇننى كۈچەيتىپ، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىدى. داندېلس ھەرقايسى فېئوداللارنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تەمىنلەشكە قىستاپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىنى 4000 كىشىدىن 19مىڭ كىشىگە كۆپەيتتى؛ ياۋادا شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشيول ياساتتى؛ سۇرابايا، بانتېن، مادۇرا قاتارلىق جايلاردا ھەربىي پورت ۋە زەمبىرەك سۇپىسى ياساتتى. بۇ چوڭ قۇرۇلۇشلار يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە پۈتكەن بولۇپ، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان دېھقانلار دەھشەتلىك ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. مەسىلەن، بانتېندا ئىنستىھكام ياسىغان 1500 دېھقاندىن بىرىمۇ ئۆلۈمدىن ئامان قېلىپ يۇرت ـ ماكانىغا قايتىپ كېتەلمىدى. داندېلس ياۋا خەلقىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ بارلىق كونا

ئۇسۇللىرىنى ساقلاپ قېلىشتىن سىرت، يەرلەرنى ياۋروپالىق سودىگەرلەر ۋە جوڭگو مۇھاجىر سودىگەرلىرىگە سېتىپ بەردى، ھۆكۈمەتتىن يەر سېتىۋالغۇچىلار سېتىۋالغان يەردىن ئەركىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يەرنىڭ دېھقانلىرىنىمۇ قول قىلدى. ياۋا خەلقى ھاشار ۋە ئېغىر ئالۋان - سېلىقتا چىدىمىدى، ئاخىر بانتېن ۋە سىرېبون قاتارلىق جايلاردا مۇستەملىكىچىلىك ئىستېداتلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1811 - يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى مىندو 100 ھەربىي پاراخوتنى باشلاپ ياۋاغا ھۇجۇم قىلدى. خەلق گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوللاشنى رەت قىلدى، ئاخىر مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە چاقىرىلغان قوشۇن بىر زەربىدىلا تارمار بولۇپ كەتتى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن گوللاندىيەنىڭ ھىندونېزىيەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە تەسلىم بولۇپ، ياۋاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەنگلىيەلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەنگلىيە ھىندونېزىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، رافلېسنى باش ۋالىيلىققا ئەۋەتتى. ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بۇ گۇماشتىسى ھىندونېزىيەگە كېلىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، بىر قاتار يېڭى مۇستەملىكىچى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى: بىرىنچى، پۈتۈن يەرنى مېتروپولىيەنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى، دېھقانلار ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىجارىكەش دېھقانلىرى بولۇپ قالدى؛ ئىككىنچى، مەجبۇرىي تەمىنلەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ۋە يەر بېجى تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ھوسۇلغا قاراپ باج نىسبىتىنى بېكىتتى، باج سوممىسى تۆتتىن بىردىن ئىككىدىن بىرگىچە بولۇپ، باج كەنت - يېزىنى بىرلىك قىلىش ئاساسىدا مۇستەملىكىچى مالىيە ئورگىنىغا بىۋاسىتە تاپشۇرۇلىدىغان، يەر بېجى پۇل ياكى گۈرۈچ بىلەن تۆلىنىدىغان بولدى؛ ئۈچىنچى،

مونوپول سودا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىچكى جازا بېجى بىكار قىلىندى، خۇسۇسىي كاپىتال بىلەن ئىكىنزارلىق ئىچىش ئىلھاملاندۇرۇلدى؛ تۆتىنچى، جاۋا 18 ئىشتاتقا بۆلۈندى، ھەربىر ئىشتاتقا ئىشتات باشلىقى تەيىنلەندى، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشتۇرۇلدى؛ بەشىنچى، زاسپداتېل تۈزۈمى تەسىس قىلىندى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇستەملىكىنىڭ تاۋار ــ پۇل مۇناسىۋىتىنى جانلاندۇردى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى ئاشۇرۇپ، ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى كېڭەيتتى. ھىندونېزىيەدىكى پورتلار ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ياۋا ئارىلىغا كېلىدىغان چەت ئەل سودا كېمىلىرى قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە ئون ھەسسە كۆپەيدى.

ناپولېيون ئىمپېرىيەسى يوقالغاندىن كېيىن گوللاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئەسلىگە كەلدى. 1814 ــ يىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە تۈزۈشكەن شەرتنامىگە ئاساسەن، ھىندونېزىيە گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى يېڭىباشتىن باستۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ سودا جەھەتتىكى رىقابىتىگە دۇچ كەلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر ئاجىز بولغاچقا، سانائەتتە تەرەققىي تاپقان ئەنگلىيە بىلەن رىقابەتلىشىشكە قۇربى يەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن كونا يولدا مېڭىپ قوغداش تاموژنا بېجىنى يولغا قويدى. 1824 ــ يىلى گوللاندىيە پادىشاھى نېدېرلاند شىركىتىنى تەشكىللەپ، ھىندونېزىيەنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇدى ۋە ساتتى. يەنە يېڭى تاموژنا بېجى قانۇنىنى يولغا قويۇپ، ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەلنىڭ ماللىرىغا ئېغىر باج قويۇپ، گوللاندىيەنىڭ سودا جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيە فېئوداللىرىنىڭ يەرلەرنى چەت

ئەل ئېكىنزار ئىگىلىرىگە ئىجارىگە بېرىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇلاردىن ئىجارە كېلىشىمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كۆچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چەتكە قاقتى. مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى ئەنگلىيە يولغا قويغان يەر بېجى تۈزۈمىدىن داۋاملىق پايدىلاندى، شۇنىڭدەك شەرقىي ھىندىستان شىركىتى مەزگىلىدىكى مەجبۇرىي تەمىنلەش تۈزۈمى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قەھۋە تېرىش كېڭەيتىلدى. ھىندونېزىيە خەلقى ھەرخىل ئالۋان ـ ياساقلارنى، يەنى نوپۇس بېجى، ھويلا ـ ئارام بېجى، چارۋا بېجى، زىرائەت بېجى، كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش بېجى ۋە يەر سودا بېجى قاتارلىقلارنى مەجبۇرىي تاپشۇردى، ھەتتا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىشكىمۇ باج تاپشۇردى، خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. يەرنى ئىجارىگە بېرىشنى مەنئى قىلىش فېئوداللارنىڭ كىرىمىگە تەسىر يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن فېئوداللار ئالدىن ئالغان ئىجارە پۇلىنىمۇ قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلدى، ئاخىر ئۇلارنىڭمۇ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىققا ئۆچمەنلىكى پەيدا بولدى. ھىندونېزىيەدىكى ھەرقايسى سىنىپلار بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئاخىر 1825 ~ 1830 ـ يىللاردىكى ياۋا چوڭ قوزغىلىڭنىڭ پارتىلىشىغا سەۋەب بولدى.

## 4. دىپو نېگورو رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى

دىپو نېگورو (1785 ~ 1855) سۇلتان جوگياكارتانىڭ شاھزادىسى بولۇپ، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا مومىسى بىلەن بىللە دىكارلىزۇ (جوگياكارتانىڭ ئەتراپى) دا تۇرغانىدى. دىپو نېگورو ۋەتىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى غەربتىن كەلگەن كۆچلەرنىڭ ئاياغ ئاستى ۋە ۋەيران قىلىشىغا ناھايىتى قاتتىق

غەزىپى بار ئىدى، شۇڭا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندونېزىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھوقۇقىنى بارغانسېرى تارتىۋالغانلىقىغا كۆچلۈك نارازى بولدى. ئۇ ماجاپاخىت پادىشاھلىقى تازا روناق تاپقان مەزگىلىنى سېغىنىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىر كۈچلۈك ئىسلام فېئودال پادىشاھلىقىنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى دىپو نېگورو ئەمەلىيەتتە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ گوللاندىيەگە قارشى تۇرۇش گۇرۇھىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى گوللاندىيەگە قارشى زاتلارنىڭ يىغىلىدىغان جايى ئىدى.

دىپو نېگورونىڭ گوللاندىيەگە قارشى ھەرىكىتى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ھەرخىل ئۇسۇللار ئويلاپ گوللاندىيەگە قارشى بۇ كۈچنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دىپو نېگورونىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن جوگياكارتادىكى ئوردىغا كۆچۈپ بېرىشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇنى نازارەت قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. دىپو نېگورو دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى بىلىۋېلىپ، جوگياكارتاغا كۆچۈپ بېرىشنى رەت قىلدى. ھىيلە ـ مىكرى مەغلۇپ بولغان گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوراللىق باستۇرماقچى بولدى. ئۇلار 1825 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاشيول ياساشنى باھانە قىلىپ قوشۇن ئەۋەتتى ۋە دىپو نېگورونىڭ تۇرالغۇسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇنى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇندى. دىپو نېگورو دەرھال ئادەملىرىنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئارقىدىنلا دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقتى. بۇ ۋەقە ياۋا خەلقىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

1825 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دىپو نېگورو ئادەملىرىنى باشلاپ جوگياكارتاغا تەخمىنەن 11 كىلومېتىر

كېلىدىغان سىرالىنىي مەركەز قىلىپ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ئىسلام دىنىنى قوغداش يولىدا غازات قىلىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى يوقىتىشقا چاقىرىق قىلدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە 60 مىڭغا يېقىن دېھقان چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى، جوگىياكارتا خان جەمەتىنىڭ 70 تىن كۆپرەكى قوزغىلاڭغا قاتناشتى، سولو پادىشاھلىقىنىڭ مەشھۇر ئاخۇنىمۇ سىرالانغا كېلىپ، دىپو نېگورونىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىسى بولدى. نۇرغۇن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۇرۇشقا قاتناشتى ياكى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار بىلەن تەمىنلىدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھەممە يەردە گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق جازالاپ، گوللاندىيەلىكلەرنىڭ تۇرار جايلىرىنى، ئىسكىلاتلىرىنى، چارۋىلىرىنى، ئېكىنزارلىقىنى كۆيدۈردى ۋە بۇزۇۋەتتى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جوگىياكارتا ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ماگېلاڭ ۋە گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتابىنى قورشىۋالدى. شۇ چاغدا گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى سۇماترا، كالىمانتان، سۇلاۋېسى قاتارلىق جايلاردىكى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ياۋا ئارىلىدا قېپقالغان گوللاندىيە قوشۇنى كۆپ ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا، ياۋادىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جوگىياكارتانى قورشىۋالغاندا، جوگىياكارتا قەلئەسىگە قاپسىلىپ قالغان گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قورقىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ، باش ۋالىي فون دېر كابرونغا: «بىزنىڭ يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچىمىز يوق، چىڭ تۇرۇشقا ماجالىمىز يەتمەيدۇ... بىز قەلئە ئىچىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق، تەقدىرىمىز نېمىدېگەن پاجىئەلىك ـ دە، بىزنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز !» دەپ ھەسرەت چەكتى.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھەربىي كۈچىنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، جوگياكارتانى مۇھاسىرە قىلىشنى بىكار قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇئاۋىن باش ۋالىي ۋە گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى دې كوك سولوغا كېلىپ ئۇرۇشنى نازارەت قىلدى ۋە سولو پادىشاھلىقىنى كونترول قىلىپ، سولودىكى پادىشاھ جەمەتلىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىشىنى توسۇدى. يەنە سىماراڭدىن قوشۇن ئەۋەتىپ جەنۇب تەرەپتىن جوگياكارتاغا ياردەم بەردى، ئەمما بۇ ياردەمچى قوشۇن مۇرىيۇ سىنىدىكو باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. كېيىن مۇستەملىكىچىلەر يەنە قوشۇن تەشكىللەپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باش ئىشتابى سىرالانغا ھۇجۇم قىلدى، دىپو نېگورو كەڭ كۆلەملىك جەڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى، شۇنداق قىلىپ، مۇستەملىكىچى قوشۇن قۇرۇق جايغا ھۇجۇم قىلدى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىشى ياۋانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى خەلق ئاممىسىغا زور ئىلھام بولدى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەش جوگياكارتا پادىشاھلىقىدا ئەۋج ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا رايونلارغىمۇ كېڭەيدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شىمالدا پېكالونگان، سىمارالڭ، رېمبالڭ، دىماكىچە، غەربتە بانيۇماسقىچە، شەرقتە مادىئۇنغىچە، ئىشقىلىپ، ياۋا ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىنى قاپلىدى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، 1825 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دىپو نېگورو ئىسلام پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ ئۆزى سۇلتان بولدى. 1827 ـ يىلىدىن باشلاپ دىپو نېگورو قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى بىرقانچە مۇقىم ئەترەتلەرگە بۆلۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى كۈرەشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تايانچ

كۆچىگە ئايلاندۇردى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن باتاۋىيە، سۇرابايا ۋە سۇلاۋېسى قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن مۇنتىزىم قوشۇنلارنى يۆتكىدى، سېماراڭدا گوللاندىيە مۇھاجىرلىرىدىن «پىدائىيلار ئەترىتى» تەشكىللىدى، يەنە سولو سۇلتانلىقى، مادۇرا سۇلتانلىقىنى ئەسكەر چىقىرىپ ياللانما قوشۇن تەشكىللەشكە مەجبۇرلىدى، كېيىن مۇستەملىكىچى قوشۇن گېنېرال پولكوۋنىڭ فون شىننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەسكىرىي كۆچىنى توپلاپ پېكالونگان ۋە سېماراڭ رايونىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا مۇستەملىكىچى قوشۇننىڭ باش قوماندانى دې كوك زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكىچى قوشۇننى باشلاپ سىرالانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە دىپونېگورونى ئەسىرگە ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاللىقاچان يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، سىرالان قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. كېيىن دې كوك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بىلەن بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە قازىنالمىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ دۈشمەنگە چەبدەسلىك بىلەن زەربە بېرىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قوشۇننى ھالسىرىتىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى.

1828 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، باش ۋالىي ۋان دېر كابولۇن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەختىدىن مەجبۇرىي چۈشتى، دې كوك ۋاكالىتەن ئىش باشقۇردى (كېيىن دې بېس باش ۋالىي بولدى). دې كوك بىر تەرەپتىن ئىستىھكام تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلاردىكى ھەر 20 كىلومېتىردىن 30 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىستىھكام ياساتتى ھەمدە 14 ھەرىكەتچان قىسمنى تەشكىللەپ،

ھەرقايسى ئىستىھكاملار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى بىر ـ بىرلەپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى. يەنە بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدا تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم فېئوداللارنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇلار ئەل بولغاندىن كېيىن «خائىن»لارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىشىگە رۇخسەت قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى بەزى فېئودااللارغا تەسىر كۆرسەتتى، يەنى 1828 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دىپو نېگورونىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى كىئاي موجو مۇستەملىكىچى ئارمىيەگە تەسلىم بولدى. 1829 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى شىنتوت ۋە باشقىلار كەينى ـ كەينىدىن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. لېكىن، دىپو نېگورو مۇشكۇل شارائىتتا دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەنگە باش ئەگمەسلىكتەك قەھرىمانلىق غەيرەت ـ شىجائىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكمەي، ئۇلارنىڭ ئالداپ تەسلىم قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۆپ قېتىم رەت قىلدى، ھەتتا مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى ئەسىرگە ئېلىۋالغان چوڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق دىپو نېگورونى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى، ئەمما ئۇ قىلچە تەۋرەپمۇ قويمىدى.

1830 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دىپو نېگورو گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى دې كوك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماگېلاڭغا ئالداپ ئاپىرىلدى. ئۇ سۆھبەتتە تەسلىم بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىپ، ياۋادا مۇستەقىل ئىسلام پادىشاھلىقىنى قۇرۇشتا چىڭ تۇردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى دىپو نېگورونى ئالداپ قىلتاققا

چۈشـۈرەلـمەي، ۋەدىـسـىـگە خـىـلاپ قـىلـىـپ ئۇنى ۋە بـاشـقـا هەمراھلىرىنى قولـغا ئېلـىپ باداۋىيـەگە يالاپ ئاپـاردى، كېيىـن مانادوغا سۈرگۈن قىلـدى، 1834 ـ يىلى مـاكاسسارغـا ئاپىرىـپ قويۇلدى.

دىپو نېگورو رەھبەرلىكىدىكى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىد ـ رىگە قارشى قوزغىلاڭ كەڭ دېھقانلارنىڭ قولـلىشى ئـارقىسـىدا، يېزىلارنى تايانچ بازا قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇ ـ رۇپ، بەش يىل ئىچىدە مۇستەملىكىچى ئارمىيەنىـڭ 15 مىڭدىـن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيە مـۇستەملى ـ كىچى ھـۆكۈمەت دائىـرىلىرى ئـۇرۇش خىراجىـتى ئۈچـۈنلا 20 مىليون گۇئىلدېر چىقىم قـىلدى، كۆپـلىگەن مـۇستەملىكىچـى ئەمەلدارلارنى جازالىدى، نۇرغـۇن قەھۋە ئېـكىنزارلـىقى كۆيـدۈ ـ رۈلۈپ ۋەيران قىلىندى، بۇ گوللاندىيە مۇسـتەملىـكىچىلىرىگـە قاقشاتقۇچ زەربە بولدى. بۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭى ھىندونې ـ زىيە خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش تارىخىدىكى شانلىق سەھىپىسى، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئـوتتۇرا مەزگىـ ـ لىدە ئاسىيا خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنـىڭ يۇقىـرى دولقۇنغـا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھـۆكۈمەت دائىـرىلىرى يـاۋا خەلـقىنىـڭ چوڭ قوزغىـلىڭىـنى دەھشـەتلىك بـاسـتۇرغانـدىـن كېيىـن، ئۇرۇشتا تارتقان زور ھەربىي چىقىمنى تولدۇرۇۋېلىش ھەمدە دۆلىتىنىڭ ئىچىدە ئۇچرىغان مالىيـە قىيىـنچىلىقىنـى يېڭىش ئۈچۈن، ھىندونېزىيەگە قاراتقان ئېكسپـلاتاتسىـيەسىنـى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1830 ـ يـىلـىـدىـن 1870 ـ يـىلـىـغىـچە گـولـلانـدىـيـە مۇستەمـلىكـىچىلـىرى ھىندونـېزىيەدە «مـەجبۇريـي تـېرىتـىـش تۈزۈمى»نى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆچتىن بىردىن ئىككىدىن بىر قـىسـىمـىغىچە يېرىنى ئـاجرىتـىـپ، ياۋروپا بـازارلـىرىنـىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شېكەر قومۇشى، نېل بوياق، قەھۋە، تاماكا

قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى بەلگىلىدى. ئېلىنغان پۈتكۈل ھوسۇل بەلگىلەنگەن باھا بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تېرىلغان يەرلەردىن باج تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىندى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا ماس كەلمەيدىغان رايونلاردىكى دېھقانلار كىشى بېشىدىن ئېلىنىدىغان باجنى تاپشۇرۇشى ياكى بىر يىلنىڭ بەشتىن بىر قىسىم ۋاقتىنى چىقىرىپ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە ھاشارغا ئىشلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى مەجبۇرىي تېرىتىش تۈزۈمىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويۇش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىقىنى نازارەت قىلىدىغان فېئوداللار ۋە ئەمەلدارلارنى ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىدىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا يەر ياكى ھەرخىل ئىمتىيازلارنى بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

دېھقانلار بۇ تۈزۈم ئاستىدا ناھايىتى ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىدى. فېئوداللار ئوتتۇرىدىن تېخىمۇ كۆپ نەپ ـ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دېھقانلارنى يېرىنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىغا ئەمەس، بەلكى ئۈچتىن بىر قىسمىغا، ئىككىدىن بىر قىسمىغا، ھەتتا ھەممىسىگە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تېرىشقا مەجبۇرلىدى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت مەھسۇلاتلارنى ئىنتايىن تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىشنى بەلگىلىدى. بۇ ئادەتتە ئەمگەك خىراجىتىگىمۇ چىقىش قىلمايتتى. ھاشارغا تۇتۇلغان دېھقانلار يۇرتىدىن يىراقلارغا بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى، بىر يىلدا ئەمگەك ۋاقتى 100 كۈن، ھەتتا 200 كۈنگە يېتەتتى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىيدىغان يېرى ئازىيىپ، تەبىئىي ئاپەت بولغان يىللىرى ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن نۇرغۇن دېھقانلار ئۆلۈپ كەتتى. مەسىلەن، شەرقىي ياۋانىڭ دېماك دېگەن جايىدا ئەسلىي 336 مىڭ ئادەم بار ئىدى، 1848 ـ يىلىدىكى ئاچارچىلىقتا ئاران 12 مىڭ ئادەم قالدى. كىروبوئاندا ئەسلىي

89 مىڭ 500 ئاھالە بار ئىدى، 1849 ـ يىلىدىكى ئاچارچىلىقتا ئاران 9000 ئادەم ھايات قالدى. دېھقانلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

بۇ تۈزۈم گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە مۆلچەرلىگۈسىز پايدا بەردى. ھىندونېزىيەنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 1830 ـ يىلىدىكى 12 مىليون 700 مىڭ گۇئىلدېردىن كۆپىيىپ 1840 ـ يىلىدىكى 74 مىليون گۇئىلدېرغا يەتتى، يەنى بەش ھەسسىسىگە يېقىن ئاشتى. 40 يىل ئىچىدە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى مەجبۇري تېرىتىش تۈزۈمى ئارقىلىق ھىندونېزىيە خەلقىدىن جەمئىي 800 مىليون گۇئىلدېر كېلىدىغان نۇرغۇن كىرىمنى شىلىۋالدى. بۇ مەبلەغ مېتروپولىيەنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ، كاپىتالىنىڭ جۇغلىنىشىنى تېزلىتىپ، گوللاندىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىق دائىرىسىمۇ تېزلىكتە كېڭەيدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ئىلگىرى، گوللاندىيەنىڭ ھىندونېزىيەگە قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ياۋا، شۇنىڭدەك مادۇرا ئارىلىنى مەركەز قىلغان، باشقا ئاراللارغا يېتەرلىك دىققەت قىلمىغانىدى، شۇ چاغدا گوللاندىيەلىكلەر تېخى بويسۇندۇرالمىغان كۆپلىگەن ئاراللارنى «سىرتتىكى سۆيۈرغاللىق زېمىن» دەپ ئاتىدى. ئۇلار «سىرتتىكى سۆيۈرغاللىق زېمىن»دىن يەر تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلماي، بەلكى بۇ جايلاردا ئىدارە قىلىش باشقارمىسى ۋە ئىستىھكام قۇرۇش ئارقىلىق فېئوداللارنى كونترول قىلدى، خەلققە قاراتقان تالان ـ تاراجنى كۈچەيتتى. لېكىن، 1840 ـ يىلى ئەنگلىيە كۈچلىرى شىمالىي بورنېئو ئىشتاتىغا تاجاۋۇز قىلدى، سۇۋەيش قانىلى ئېچىلغاندىن كېيىن ھىندونېزىيە بىلەن ئاسىيا بازارلىـ

ـرىنىڭ قاتناش ئارىلىقى قىسقاردى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا كاپىتالىستلىرى ھىندونېزىيەگە كۆپلەپ كىرىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باشقا ئاراللارنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنى تېزلىتىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. 1846 ـ يىلىدىن 1849 ـ يىلغىچە گوللاندىيە بالى ئارىلىغا ئۈچ قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئاقىۋەت يەرلىك شاھزادە ـ بەگلەرگە گوللاندىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇردى، ئارقىدىنلا تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى غەربىي كالىمانتانغا قاراتتى. بۇ يەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ھىندونېزىيە خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، گوللاندىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بەردى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداش تەشكىلاتى لەنفاڭ شىركىتى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن تاكى 1886 ـ يىلىغىچە جەڭنى داۋاملاشتۇردى. 1860 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇبىي كالىمانتاندىكى ماچىن پادىشاھلىقىنى يۇتۇۋالدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى سۇماترا ئارىلىدا بىرمۇنچە مۇستەقىل بەگلىكلەرنى قوشۇۋالدى. 1870 ـ يىللارغا كەلگەندە، ھىندونېزىيەدە پەقەت ئاچېلا سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغانىدى.

## 2 ـ بۆلۈم ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشلىرى

### 1. موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھىندىستان

1525 ـ يىلى موغۇل ئاقسۆڭەك تېمۇرنىڭ ئەۋلادى بابۇر ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ دېھلى سۇلتانىنى مەغلۇپ قىلىپ

موڭغۇل[1] سۇلالىسىنى قۇردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، موغۇل ئىمپېرىيەسى يەنىلا ھىندىستاندىكى بىرقانچە فېئودال دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى موغۇل ئىمپېرىيەسى كاۋېرى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈردى.

موغۇل ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللىرى، يېزا ئىگىلىكى ھىندىستان فېئودال ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىدى. تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ يېزىلارغا سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە فېئوداللىق دۆلەتنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنى ۋە يېزا جامائەسىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەشتى. جاگىردار ۋە زېمىندار[2] ئوردىغا سوۋغا ـ سالام بېرىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ۋارىسلىق قىلىنمايدىغان سۇيۇرغاللىق يەرنى ياكى بېجى كۆتۈرە ئېلىنغان يەرلەرنى بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ چوڭ فېئوداللارغا ئايلاندى. يېزا جامائەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. كۆپ ساندىكى دېھقانلار فېئودال، پومېشچىك ۋە سودا جازانىخور كاپىتالىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسى ئاستىدا نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇپ كەتتى، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرىنى ۋە ئادەملىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، يېزا ئاھالىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، يېزا جامائەسىدىكى قۇللارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، تەييارغا ھەييار كىچىك فېئوداللارغا ئايلاندى.

① بابۇر ئۆزىنى موڭغۇل دەپ ئاتايدۇ. «موغۇل» بولسا «موڭغۇل» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى.

② جاگىردار ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىش (ھەربىي ئەمەلدار) شەرتى بىلەن يەر ئىگىلىگەن فېئودالنى كۆرسىتىدۇ. زېمىندار دەسلەپ دۆلەت بېجىغا مەسئۇل باجگىر بولۇپ، كېيىن يەر ئىگىلەشكە ۋارىسلىق قىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

ھىندىستان ئەزەلدىنلا قول سانائىتىگە ماھىرلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، مىسكەرچىلىك، ھەربىي قورال ـ ياراغ ياساش، ياغاچ ئويما، تاش ئويما تېخنىكىسى جەھەتتە ئىنتايىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ھىندىستاننىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى پاختا ۋە يىپەكتىن ھەرخىل رەختلەرنى، قوي يۇڭىدىن ئېسىل، چىرايلىق گىلەم ۋە رومالLARنى توقۇيتتى. 17 ـ ئەسىردىن بۇيان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قول سانائىتى يېزا ئىگىلىكىدىن يەنىمۇ ئايرىلىپ چىقتى. كۆپلىگەن يېزىلاردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا جامائەسىنىڭ ئەزالىرىنى تەمىنلەشتىن باشقا، بازارلاردا ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا باشلىدى. سودا يولىغا يېقىن جايدىكى دېھقانلار يېزا جامائەسىدىن ئايرىلىپ، توقۇمىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىنى قۇردى. شەھەردىكى باي سودىگەرلەر ئالدىن بېرىلىدىغان نەق پۇل قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قول سانائەتچىلەرنى تىزگىنلىدى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سانائەتكە مەبلەغ سېلىشقا ئۇرۇندى. مەسىلەن، مادراستىن تارتىپ ئارماگونغىچە بولغان كەڭ رايوندىكى رەخت ئىشلەپچىقارغۇچىلار يەرلىك سودىگەر قازى ۋىلانانىڭ قولىدا ئىدى. بالاسور ـ سوخلو شەھىرى رايونىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ توقۇغان نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىشنى شۇ يەرلىك ئوتتۇرا سودىگەر كايىم چاندا مونوپول قىلىۋالغانىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بەزى چوڭ سودىگەرلەر گولكوندادا ئالماس كېنى ئاچتى، ياللاپ ئىشلەتكەن ئىشچىلار 60 مىڭغا يەتتى، ئەمگەك تۈزۈمى نىسبەتەن قاتتىق ئىدى. ناراساپۇردىكى كېمە ياساش تەجرىبىسى بار بەزى ھۆددىگەرلەر يېقىن ئەتراپتىكى ياغاچچى، تۆمۈرچى ۋە ئىشچىلارنى ياللاپ ئىشلىتىپ كېمە ياسىدى، رېمونت قىلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى سەئىد ئاباد شەھىرىدىكى يىپەك تارتىش فابرىكىسىدا 30 دىن ئارتۇق

غوزەك قايىنتىش قازىنى ئورنىتىلدى، بۇنىڭدا 10 نەچچە ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىلدى، ئۇلارغا ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېقىنقى زامان باشلانغان مەزگىلدە، ھىندىستان يەنىلا فېئودال يېزا ئىگىلىكى دۆلىتى بولسىمۇ، لېكىن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىزم بىخلىرى پەيدا بولغانىدى. ئەگەر غەرب كاپىتالىزمى بېسىپ كىرمىگەن بولسا، ھىندىستانمۇ ئاستا ـ ئاستا كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

ھىندىستان تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر تۈزۈمىنىڭ ۋەيران بولۇشى موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەۋرىتىپ، فېئوداللىق تەبىقە كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بەردى. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىشتەك تارىخىي شارائىت ئاستىدا ئاۋرائىزېب دادىسى (شاھ جاھان)نى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇكىسى(دارا شىكو)نى ئۆلتۈرۈپ، 1658 ـ يىلى پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋالدى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن (1658 ~ 1707) يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئىسلام چوڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى جاھىللىق بىلەن قوغدىدى. فېئودالىق ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى كېڭەيتىش، ھىندى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش، خەلق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1665 ـ يىلى ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ ئىسلام سودىگەرلىرى ئىمپورت قىلغان تاۋارلار ئۈچۈن 2.5% ئىچكى گۇمرۈك بېجى، ھىندى سودىگەرلىرى 5% باج تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن ئىسلام سودىگەرلىرىدىن ئېلىنىدىغان گۇمرۈك بېجى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. 1669 ـ يىلى ئاۋرائىزېب ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرىغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ «غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ مەكتەپ ۋە ئىبادەتخانىلىرىنى چېقىۋېتىش»نى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھىندى ئىبادەتخانىلىرى مەسچىت قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسالدى ياكى تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. 1671 ـ يىلى تارقىتىلغان پەرماندا كۆپ قىسىم ھىندى ئەمەلدارلىرىنى دۆلەتنىڭ مەھكىمىسى ۋە باج ئورگانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بەلگىلەندى، كېيىن يەنە ھىندى ئەمەلدارلىرىنىڭ پەقەت يېرىمىنى ئىگىلىسە بولىدىغانلىقىغا ئۆزگەرتىلدى. 1679 ـ يىلى، ئۇ ئىلگىرى بىكار قىلىنغان يات دىندىكىلەرنىڭ جان بېجىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېزا نوپۇسىنىڭ 80%ىنى تەشكىل قىلىدىغان ھىندىستان دېھقانلىرىنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئۈچتىن بىر ھەسسە كۆپەيتتى. ئۇ دېڭىز بويىدىكى پورتلارنى كونترول قىلىپ، سودا بېجى كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبقا زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلدى، ئاخىر 1686 ـ يىلى ۋە 1687 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بىجاپۇر ۋە گولكوندانى بېسىۋېلىپ، ئىمپېرىيەنىڭ زېمىنىنى كىرىشنا دەرياسىغىچە كېڭەيتتى.

ئاۋرالگزېبنىڭ تەتۈر ئىش قىلىشى سىنىپىي زىددىيەتنى، مىللىي زىددىيەتنى ۋە دىنىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

1656 ~ 1674 ـ يىللىرىغىچە ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماراتالار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ماراتالار دېككان ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان مىللەت بولۇپ، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى ئۇ يەرنى موغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە بىجاپۇر بۆلۈۋالغانىدى. 1656 ـ يىلى ماراتالار رەھبىرى سىۋاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى. سىۋاجى دېھقانلاردىن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، قۇدرەتلىك يېنىك ئاتلىقلار قوشۇنىنى قۇردى. مىللىي تەركىبنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئازادلىق خاراكتېرىنى ئالغانلىقى سىۋاجى ئارمىيەسىنى يۇكسەك ئىنتىزامچانلىققا ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلدى. 1661 ـ يىلى سىۋاجى موغۇل ۋە بىجاپۇرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى. 1664 ـ يىلى ۋە 1670 ـ يىلى ئۇ

ئىككى قېتىم قوشۇن باشلاپ ھىندىستاننىڭ بايلىقى مول ۋە ئادىمى زىچ پورت شەھىرى سۇراتقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 1674 ـ يىلى سىۋاجى ئۆزىنى مەخاستىرا پادىشاھى دەپ ئېلان قىلدى.

1666 ~ 1678 ـ يىللىرى سۇرىمەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئافغانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلار ئاساسلىقى دېھقانلار بولۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاۋرائگزېب ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭنى باستۇردى.

1669 ~ 1705 ـ يىللىرىغىچە دېھلى ـ ئاگرا رايونلىرىدىكى زادلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. زادلار ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئىسلام فېئوداللىرىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغالدى. قوزغىلاڭچىلار جۇمنا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كەڭ رايوننى ئىشغال قىلىپ، كۆپلىگەن فېئوداللار ۋە باجنى كۆتۈرە ئالغۇچىلارنى قوغلاپ چىقاردى ھەمدە دېھلىغا قىستاپ كەلدى. پايتەخت زىلزىلىگە كېلىپ ئوردا ئىچى ساراسىمىگە چۈشتى. ئاۋرائگزېب قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. قوزغىلاڭچىلار كۈرەشنى 50 يىل داۋاملاشتۇردى.

1705 ~ 1715 ـ يىللىرى پەنجئاب رايونىدا شىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. شىك دىنى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا پەيدا بولغان، ئەڭ دەسلەپ ھىندى دىنىنىڭ بىر ئەقىدىسى ھېسابلىناتتى. شىك دىنىنىڭ ئىجادچىسى ۋە بىرىنچى ئەۋلاد گۇرۇسى ① پىر نانەك (1469 ~ 1539) ئىدى. شىك دىنى دەسلەپ شەھەر سودىگەرلىرى ۋە جازانىخورلار قاتارلىق بايلار قاتلىمىنىڭ

① «گۇرۇ» — شىك دىنىنىڭ باشلىقى دېگەن مەنىدە.

مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇردى. شىك دىنى بىر تەرەپتىن تەبىقە پەرقىگە قارشى تۇرۇپ، ئىسلام دىنى ۋە ھىندى دىنى راھىبلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى ئەيىبلەپ، ھەممە ئادەمنىڭ تەڭرى ئالدىدا تەڭ ـ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن كەلگۈسى دۇنيا توغرىسىدىكى ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى تەشۋىق قىلىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنى قوللىنىشقا چاقىرىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان دېھقانلار ۋە ۋەيران بولغان قول سانائەتچىلەر شىك دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. 10 ـ ئەۋلاد گۇرۇ گىۋېن شىك دىنىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلدى، مەسىلەن، گۇرۇنىڭ ئىستىبداتلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، شىك مۇرىتلىرى جامائەسىنى قۇردى. مۇرىتلار تەبىقىگە ۋە قەبىلىگە ئايرىلماي، ھەممىسى باراۋەر بولدى. «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك»تىن ئىبارەت دىنىي ئەقىدىنى تەنقىد قىلىپ، قورال كۈچى بىلەن ئەزگۈچى موغۇل ئىمپېرىيەسىنى پاچاقلاپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، «ھەقىقەت پادىشاھلىقى» قۇرۇپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە چاقىردى. شۇنداق قىلىپ، شىك دىنى پەنجئاب دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللارغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيەۋى قورال ۋە تەشكىلىي شەكلى بولۇپ قالدى. شىك مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى 1705 ـ يىلىدىن 1715 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى، قوزغىلاڭچىلار تېز پۇكمەي، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ كۈرەش قىلىپ دېھلى بىلەن لاھور ئارىلىقىدىكى كەڭ رايوندىكى فېئوداللارنى بىر مەزگىل قوغلاپ چىقاردى. قوزغىلاڭ ۋاقتىنچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پەنجئاب موغۇل ئىمپېرىيەسىدىن قۇتۇلدى.

ئاۋراڭزېب پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىغان خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۇدا بىرقانچە يىل

سەركەردە ـ ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالدى، ئاقىۋەت دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ، دىككان بىر پارچە قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتتى. ئىتالىيەلىك ساياھەتچى مانۇسى خاتىرىسىگە «1705 ـ يىلى ئاۋراڭزىپ مارات پادىشاھلىقىدىن چېكىنگەندە، بېسىپ ئۆتكەن ئۆلكە، دالالاردا دەل ـ دەرەخ، زىرائەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ھەممە يەرنى ئادەم بىلەن ھايۋانىڭ سۆڭەكلىرى بىر ئالدى» دەپ يازدى. دېھقانلار قوزغىلىڭنى باستۇرۇش داۋامىدا ئارمىيە ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان باش ۋالىي شەھەر ۋە مەمۇرىي ئۆلكىلەرنىڭ تولۇق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خۇددى مۇستەقىل فېئودال پادىشاھتەك كۆندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى موغۇل پادىشاھىغا مەجبۇرىي «ئېتىراپ قىلدۇردى». 89 ياشقا كىرىپ قالغان ئاۋراڭزىپ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىغا يازغان خېتىدە ھەسرەت چېكىپ: «مەن تىكەندەك يالغۇز قالدىم، ئۆزۈم كىم، قانداق ئىشلارنى قىلدىم، بىلمەيمەن... قىممەتلىك ھاياتىم نېمىشقا جىممىدە يوقىلىپ كېتىمدۇ، بۇ ئالەمدىكى ھاياتىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ ئىزناسىمۇ قالمايدۇ. كەلگۈسىمدىن ئۈمىد قالمىدى. جايلاردا قىلغان ئۇرۇشلىرىم چۈشكۈن، ئالاقزادىلىك كەيپىياتقا چۆمدى، خۇددى سىمابتەك غىلدىرلاپ ئاداقتىكى سەپەرگە قەدەم قويغان ئۆزۈمگىلا ئوخشاپ قالدى» دېدى. 1707 ـ يىلى ئاۋراڭزىپ ئۆلگەندىن كېيىن ئىمپېرىيە چەك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. ئورد، بېنگال، روھىلكەند ۋە دېككان قاتارلىق ئۆلكە ـ رايونلارنىڭ باش ۋالىيلىرى مۇستەقىل پادىشاھلارغا ئايلاندى. ماراتلار زېمىن كېڭەيتمىچىلىك قىلىش يولىدا مېڭىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇجەرەت، مارۋا، بىلار قاتارلىق رايونلارنى ئىشغال قىلدى، دېككان ئېگىزلىكى ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاننى تىزگىنلىدى. بۇ كەڭرى زېمىندا ناگپۇر، گۋالىيور، ئىندور ۋە بارودادىن ئىبارەت تۆت ماراتلار بەگلىكى قۇرۇلدى، بۇ بەگلىكلەر

ماخاراشترا بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

يىمىرىلگەن موغۇل ئىمپېرىيەسى غەربىي شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. 1738 ـ يىلى ئىراندىكى نادىرشاھ كۆچمەن چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلدى. ئىككىنچى يىلى دېھلىنى ئىشغال قىلىپ خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئون يىلدىن كېيىن، يەنى 1748 ـ يىلى ئافغانىستاندىكى ئەخمەدشاھ قوشۇن باشلاپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ دېھلىنى بېسىۋالدى. 1761 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ كۆچمەن چارۋىچى قوشۇنى بانىپات دېگەن جايدا شىمالىي تەرەپتە دېھلىنى تارتىۋالغان ماراتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قاتتىق جەڭ بولدى. ماراتلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. بانىپات جېڭى ھىندىستان زېمىنىدا ئەڭ ئاخىرقى غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاتتى. ئافغانلارمۇ ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ھىندىستاننى يەنە بېسىۋېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ھىندىستاندىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىستېلا قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

## 2. ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشى

ئەڭ دەسلەپ ھىندىستانغا كەلگەن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى يېڭى دېڭىز يولىنى ئاچقان پورتۇگالىيەلىكلەر بولدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى مالابار دېڭىز بويىدىكى گوئا، دامان ۋە دىئۇ قاتارلىق جايلاردا تايانچ پونكىتى قۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ غەرب بىلەن بولغان سودىسىنى ئىگىلىۋېلىپ ھىندى دېڭىزىغا زومىگەر بولۇۋالدى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە

گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شەرققە كېلىپ، ھىندىستاندا مۇستەملىكە قىلىش ئۇستۇنلۇكىنى تالىشىش كۇرىشىنى باشلىۋەتتى. 1600 ـ يىلى قۇرۇلغان ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى، 1602 ـ يىلى قۇرۇلغان گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى، 1664 ـ يىلى قۇرۇلغان فىرانسىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قاتارلىقلار ياۋروپا مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئاساسلىق قورالىدۇر.

گوللاندىيە 1638 ـ يىلىدىن 1658 ـ يىلىغىچە سىرى لانكىنى ئىشغال قىلدى. كېيىن ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇب دېڭىز قىرغىقىدىكى كوللام، كوچىن قاتارلىق تايانچ پونكىتلارنى ئىگىلىۋالدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1613 ـ يىلى موغۇل پادىشاھىدىن سۇراتتا سودا سارىيى تەسىس قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، كېيىن مادراستا (1640 ـ يىلى)، بومبايدا (1668 ـ يىلى) ۋە كالكۇتتادا (1690 ـ يىلى) مۇداپىئە شەھىرى قۇردى. فىرانسىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچى ھەربىكىتىنىڭ مەركىزى ئۆزى 1674 ـ يىلى قۇرغان پوندىچېررى شەھىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ماسۇلىپاتام، گاللىكوت، مائې، كارىكارا ۋە چاندىرناگوردىمۇ سودا سارىيى قۇردى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى بۇ تايانچ پونكىتلار ۋە مۇداپىئە كۆرۈش بازا تورلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ھىندىستان قول ھۈنەرۋەنلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل بولۇشقا قىزىقتۇردى، دېڭىز بويىدىكى ئاھالىلەرنى بۇلاپ قۇل ئورنىدا ساتتى، ھىندىستاننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ياۋروپا، ئاسىيا بازارلىرىغا ئاپىرىپ ساتتى. يېقىن ئەتراپتىكى فېئودال، بەگ ـ تۆرىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ھىندى دېڭىزىدىكى كېمىلەرنى بۇلىدى. ئاخىر ئۇلار جىنايى تالان ـ تاراج خاراكتېرىنى ئالغان سودا ۋە دېڭىز قاراقچىلىرىدەك شۇملۇق

قىلمىشلىرىدىن قاتتىق بىيىپ كەتتى.

18 ـ ئەسىر ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ھىندىستاننى تالىشىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىستان باش ۋالىيسى قۇۋلۇق ـ شۇملۇق قىلىپ، ھىندىستاندا تۇنجى بولۇپ «ھىندىستانلىقلار ئارقىلىق ھىندىستانلىقلارنى باپلاش» تىن ئىبارەت زەھەرخەندە سىياسەتنى يولغا قويدى. ھىندىستانلىقلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ تاجاۋۇزچىلىقنىڭ چاپارمىنى ئورنىدا ئىشلەتتى ھەمدە دېككان ئېگىزلىكىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگ ـ تۆرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن «ھەربىي خىراجەت ياردەم پۇلى شەرتنامىسى»[1] تۈزۈپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاۋستىرىيە خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇرۇشى (1740 ~ 1748) مەزگىلىدە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندىستاندىكى ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فىرانسىيەلىكلەر ئەنگلىيەنىڭ كۆپلىگەن تايانچ نۇقتىلىرىنى (مەسىلەن، 1746 ـ يىلى مادراسنى ئىشغال قىلدى) ئىشغال قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى كارناتىك ئارمىيەسىنى تارمار قىلدى ۋە فىرانسىيەپەرەس قورچاقنى تەختكە يۆلەپ چىقاردى. لېكىن، 1748 ـ يىلى سۈلھى كېلىشىمى تۈزگەندە، فىرانسىيە مادراسنى ئەنگلىيەگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

يەتتە يىللىق (1756 ~ 1763) ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن

---

[1] ھەربىي خىراجەت ياردەم پۇلى شەرتنامىسى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوللانغان سىياسەتلىرىدىكى ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. شەرتنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھەربىي ئېتتىپاق شەرتى ھىندىستاندىكى بەگ ـ تۆرىلەر ئۆز سۈيۈرگاللىق يېرىدە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قوشۇنىنىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلاتتى ھەمدە دۆلەت خەزىنىسىدىن قوشۇمچە ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىلاتتى.

ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ھىندىستاننى تالىشىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالدا 150 سودا پونكىتى ۋە 15 چوڭ سودا ئورنى تەسىس قىلدى. 1756 ـ يىلى بېنگال باش ۋالىيسى شىراجى ئۇددورا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ كالكوتتادا شەھەر مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىپ، بېنگال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارشى سۇيىقەستچىلەرنى پاناھىغا ئالغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىركەت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، ئاخىر شىراجى ئۇد دورا قوشۇن تارتىپ كاسىمباجار ۋە كالكوتتاغا كەينى ـ كەينىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ھەم ئۇ جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. شىركەت روبېرت كىلىۋى باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، 1757 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كالكوتتانى يەنە ئىشغال قىلدى. 3 ـ ئايدا، روبېرت كىلىۋى فىرانسىيەنىڭ بېنگالدىكى مۇستەملىكىچى بازىسى چاندېرناگورنى بېسىۋالدى. قايتۇرما ھۇجۇمغا قۇربى يەتمىگەن فىرانسىيە شىراجى ئۇددورا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئەنگلىيەگە بىرلىكتە قارشى تۇردى. 1757 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ كالكوتتانىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدىغان پىلاسسېي يېزىسىدا قاتتىق ئېلىشتى. ھىيلىگەر روبېرت كىلىۋى بېنگال سەركەردىسى مىر جەفەرنى پارا بېرىپ سېتىۋالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بېنگال باش ۋالىيلىق ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىغا قوشۇلدى. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن جەفەر قوشۇننى ئىشغا سالماي جىم تۇرۇۋالدى، ئاقىۋەت 800 كىشىلىك ئەنگلىيە قوشۇنى ۋە 2000 كىشىدىن ئوشۇق ياللانما قوشۇنغا ئىگە روبېرت كىلىۋى قىسمى تەخمىنەن 70 مىڭ كىشىلىك بېنگال ئارمىيەسى بىلەن ياردەمگە كەلگەن فىرانسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. جەفەر بېنگالنىڭ باش ۋالىيسى بولدى، روبېرت كىلىۋى شەرقىي ھىندىستان

شىركىتىنىڭ بېنگالدا تۇرۇشلۇق ئۆلكە ۋالىيسى بولدى. پىلاسسىي جېڭى ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. 1761 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ماسلىشىپ، پوندىچېررى ۋە مائې قاتارلىق فىرانسىيەنىڭ تايانچ پونكىتلىرىنى بېسىۋالدى. 1763 ـ يىلى ئىمزالانغان پارىژ سۈلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، فىرانسىيە ھىندىستاندىكى پوندىچېررى قاتارلىق بەش شەھەردىلا سودا قىلىش، مۇداپىئەدە تۇرماسلىق ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، فىرانسىيەنىڭ ھىندىستاندىكى كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى سودا زوراۋانلىقىدىن ھەربىي ۋە زېمىنغا ئىگە زوراۋانغا ئايلاندى، دەل شۇ چاغدا ھازىرقى مانا بۇ شەرق بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسى سېلىنغانىدى.»①

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بېنگالنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بولۇشىغا تالان ـ تاراج قىلىپ، بېنگال خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1763 ـ يىلى بېنگال باش ۋالىيسى مىر كاسىم باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 5000 دىن ئوشۇق قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە دېھقانلار بۇ قوزغىلاڭغا كەينى ـ كەينىدىن ئاۋاز قوشتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى داككا قاتارلىق شەھەرلەردە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى يوقاتتى، ئەنگلىيەنىڭ سودا سارايلىرىنى چېقىپ ئەتراپقا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. 1764 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇكسار جېڭىدە مىر كاسىم مەغلۇپ بولۇپ بېنگالغا قېچىپ كەتتى. بۇكسار جېڭىدىن كېيىن فېئوداللار ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى، لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، ئاخىر بۇ

① ماركس: «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى، ئۇنىڭ تارىخى ۋە نەتىجىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 168 ـ بەت.

قوشۇن كېڭىيىپ 50 مىڭ ئادەمگە يەتتى. 1774 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تارمار قىلىندى. شۇ يىلى ئەنگلىيە بېنگالنىڭ غەربتىكى قوشنىسى ئودنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالنىڭ مالىيە ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ھىندىستاننى بارا ـ بارا ئىشغال قىلدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، ھىندىستان زېمىنىدا بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئىككى مۇستەقىل پادىشاھلىق بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، جەنۇبىي ھىندىستاندىكى مىسۇر، يەنە بىرى، ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى ماراتا ئىتتىپاقى ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇبىي ھىندىستاندىكى بېسىۋالغان زېمىننى بىرلەشتۇرۇش ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى مىسۇرغا قاراتتى. 1767 ـ يىلىدىن 1799 ـ يىلىغىچە مۇستەملىكىچىلەر مىسۇرغا تۆت قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئۇرۇش داۋامىدا مۇستەملىكىچىلەر سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ئاباد ماراتا، ھەيدەرئاباد قاتارلىق بەگلىكلەرنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بەگلىكلەرنىڭ فېئودال بەگ ـ تۆرىلىرى مەجبۇرىي قوشۇن چىقاردى، مۇستەملىكىچىلەر بۇ ئارقىلىق «ھىندىستانلىقلارنىڭ قولى بىلەن ھىندىستانلىقلارنى باپلاپ» ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش مەقسىتىگە يەتتى. مۇستەملىكىچى ئارمىيە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان ھەيدەر ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان تىپپۇ (1782 ~ 1799 ـ يىللىرىغىچە) خەلققە تايىنىپ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ تالاي قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان تىپپۇ 1799 ـ يىلىدىكى پايتەخت سېرىنگا پاتامنى قوغداش جېڭىدە ئۈچ قېتىم يارىدار بولۇپ جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. مىسۇر ھالاك بولغاندىن كېيىن

مۇستەملىكىچىلەر 1802 ـ يىلى ماراتادىكى بەگلىكلەر ئارىسىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ماراتا مەزھىپىدىكى سىۋاراجى رائو بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، 6000 ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ماخاراشتىرادا تۇرغۇزۇشنى، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرقانداق سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارماسلىقنى، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مۇداپىئەلىنىش ئىتتىپاقىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقنى بەلگىلىدى. ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان بۇ كېلىشىم ماراتا خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، سىندىيە قاتارلىق بەگلىكلەر ماراتا ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇردى. ئەنگلىيە كەينى ـ كەينىدىن ئۇرۇش قوزغاپ، ھەرقايسى بەگلىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى، ئاخىر 20 ـ يىللىرى ھىندىستاننىڭ ئىچكى رايونلىرىنى ۋە دېھلىنى ئىشغال قىلدى. 40 ـيىللىرىنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيەنىڭ مەركىزىي ئاسىيا، ئىراندىكى قوراللىق ئېلىشىشى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى كۈچەيدى. 1843 ـ يىلى دېھلىنى يۇتۇۋالدى. 1845 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى شىكلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۆرسەتكەن قارشىلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ پەنجئابنى بېسىۋالدى. 1848 ـ يىلى شىكلار يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە چىلئانۋا ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ئەنگلىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، دۈشمەننىڭ 3300 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، ئاخىر ئەنگلىيە توپچى قىسمىنى يۆتكەپ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. 1849 ـ يىلى ئەنگلىيە پەنجئابنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە ھىندىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستاننى بويسۇندۇرغاندىن

كېيىن، «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ هۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار ھىندىستاننى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلار ۋە ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلارغا بۆلدى. بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلار پۈتۈن يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، ئاھالىسى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلاردا 500 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بەگلىكلەر بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەر تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نازارەت ۋە كونترول قىلىشى ئۈچۈن، بۇ ئىككى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلار بىر ـ بىرىگە ئىت چىشىدەك گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

### 3. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە ھىندىستاننى بۇلاڭ ـ تالان قىلىشى

ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم بارلىققا كەلگەنىدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ناۋاب (ئۆلكە باشلىقى)نى قورچاق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئارقىدىنلا «قوش باشقۇرۇش تۈزۈمى»نى يولغا قويدى، يەنى ناۋاب خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى، شىركەت يەر بېجىنى يىغىدىغان ھوقۇقنى قولغا ئالدى. 1773 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى «ھىندىستاننى باشقۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان زېمىنىنىڭ باش ۋالىيسىنى تەيىنلەيدىغانلىقى «قوش باشقۇرۇش تۈزۈمى»نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بەلگىلىدى. 1784 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى يەنە «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ۋە بىرىتانىيەنىڭ ھىندىستاندىكى خوجىلىق زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنىنى ئىسلاھ

قىلىش»نى ماقۇللىدى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن، ھىندىستاننىڭ بارلىق مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئىچكى كابىنېت تەيىنلىگەن بىر تەكشۈرۈش كومىتېتى بىر تەرەپ قىلاتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بارلىق مەمۇرىي خادىملار ۋە ھەربىي خادىملارنىڭ ھوقۇقى يەنىلا شىركەت مۇدىرىيىتىگە تەۋە ئىدى، لېكىن ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئالىي ھوقۇق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ ئىدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھىندىستاننى تالان ـ تاراج قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلە-رىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان ھەربىي ئىستىبلا قىلىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئەنگلىيە دەل كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدە تۇرغان بولۇپ، مۇستەملىكىلەرگە نىسبەتەن ئاساسلىقى قاراقچىلىق شەكلىدىكى بۇلاڭچىلىق، تەڭ قىممەتسىز سودا ۋە بىۋاسىتە شىلىۋېلىشتىن ئىبارەت تالان ـ تاراج قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللاندى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالنى بىسىۋالغاندىن كېيىن 37 مىليون فوندستېرلىڭ بايلىقنى بۇلاپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 21 مىليون فوندستېرلىڭ شىركەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى، روبېرت كىلىۋى ئۆزىلا 234 مىڭ فوندستېرلىڭغا ئىگە بولۇۋالدى. ئەنگلىيەلىكلەر مىسۇر پايتەختىنى ئىشغال قىلغاندا، بۇلاپ كەتكەن خان جەمەتىنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىنىڭ قىممىتى 15 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى، «قوش باشقۇرۇش تۈزۈمى» ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستاندىن بىۋاسىتە يەر بېجى شىلىۋېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالنىڭ باج ئېلىش ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋې-لىشتىن ئىلگىرى بېنگالنىڭ ئەمەلىي ئېلىنىدىغان يەر بېجى

810 مىڭ فوندستېرلىڭغا يېتەتتى، ئەمما شىركەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى بىر يىل (يەنى 1764 ~ 1765) ئىچىدە يەر بېجى سوممىسى 1 مىليون 470 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى، 1792 ~ 1793 ـ يىللىرىغىچە 3 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى. شىركەتنىڭ قول ھۈنەرۋەنلەرگە قاراتقان ئېكسپلاتاتسىيەسىمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى. شىركەت يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى سودا سارايلىرى ۋە ھىندىستاندىكى ۋاستىچىلىرى ئارقىلىق تۆرغۇن قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزلىرى زاكاز قىلغان ماللارنى مەجبۇرىي پىششىقلاپ ئىشلەتكۈزدى، بۇنىڭدىن باشقا، شىركەت يەنە تۇز، تاماكا ۋە ئەپيۇن قاتارلىق سودىلارنىمۇ مونوپول قىلىۋالدى، پەقەت تۇز پاتېنتى تۈرىدىلا يىلىغا 800 مىڭ فوندستېرلىڭ پايدا ئالدى. شىركەت بېنگال دېھقانلىرىنى ئەپيۇن تېرىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتكەسچىلىك ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگوغا يۆتكەپ، ئوتتۇرىدىن ناھايىتى كۆپ پايدا ئېلىپلا قالماستىن، جۇڭگو خەلقىنى زەھەرلىدى، ئەپيۇندىنلا كىرگەن كىرىم شىركەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى ئىگىلىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستاندىن بۇلاپ ـ تالىغان زور مىقداردىكى بايلىق ئەنگلىيەگە ئۈزۈكسىز ئاقتى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بېنگالنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى 58 يىل (1757 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە) ئىچىدە ئەنگلىيە ھىندىستاندىن 1 مىليارد فوندستېرلىڭغا يېقىن بايلىقنى تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ بايلىقلار ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەنگلىيەنى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. لېكىن، ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاننى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە تالان ـ تاراج قىلىشى ھىندىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيران قىلدى، ئاخىر ھىندىستان ئېغىر نامراتچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ھەممىلا يەرنى ئاھ ـ زار قاپلىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ

قالدى. ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋىلىيام فۇللاردىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ بېنگالنى تالان ـ تاراج قىلغانلىق ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ: «بېنگال ئىلگىرى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئاشلىق ئامبىرى، شەرق سودىسىنىڭ بايلىقى ۋە ئۇستىخانا ـ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى مەركەزلەشكەن جاي ئىدى... قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە بۇ جاينىڭ كۆپ يەرلىرى قۇملىشىپ كەتتى. ئېتىزلار قاقاسلىشىپ، كەڭرى كەتكەن يەرلەرنى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتتى. دېھقانلار تالان ـ تاراج قىلىندى، قول ھۈنەرۋەنلەر ئېزىلدى، ئاچارچىلىق كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ نوپۇس ئازلاپ كەتتى» دېدى. 1770 ـ يىلى بېنگالدا بىر قېتىم ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، بېنگال نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. 1789 ـ يىلى ئەنگلىيە باش ۋالىيسىمۇ: «بۇ شىركەتنىڭ ئىگىلىگەن ھىندىستان زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان دەشت ـ چۆلگە ئايلىنىپ كەتتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى. ئۇلار ھىندىستان بازارلىرىنى ئېچىپ، ھىندىستاننى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا قاتنىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. 1813 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان سودا مونوپولىيە ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەنگلىيە سانائەت كاپىتالىنىڭ ھىندىستاننى تالان ـ تاراج قىلىشىنىڭ يېڭى باسقۇچى باشلىنىپ، ھىندىستان بارغانسېرى ئەنگلىيەنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىش بازىرى ۋە خام ئەشيا مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى.

1814 ـ يىلدىن 1835 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە تۆۋەن تاموژنا بېجىدىن پايدىلىنىپ (پاختا توقۇلمىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج 3.5%، يۇڭ توقۇلمىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج 2%) ھىندىستانغا

كىرگۈزگەن پاختا توقۇلمىلىرى 1 مىليون ياردتىن كۆپىيىپ 51 مىليون ياردتىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى دۇنيادا پاختا توقۇمىچىلىق چوڭ دۆلىتى دەپ ئاتاپ كەلگەن ھىندىستاننىڭ ھەممىلا يېرىنى ئەنگلىيەنىڭ پاختا توقۇلمىلىرى قاپلاپ كەتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئەرزان باھالىق تاۋارلىرىنىڭ زەربىسىدە، ھىندىستاننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ، مىليونلىغان قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشسىز قېلىپ مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مەشھۇر توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزى داككا ناھايىتى تېزلا خارابلاشتى. 1827 ~ 1837 ـ يىللىرىغىچە نوپۇسى 150 مىڭدىن ئازلاپ 30 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. باش ۋالىي بىنتىنىڭ «پاجىئەلىك ئەھۋال سودا تارىخىدا تەڭداشسىز بولدى. پاختا توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرى ھىندىستان تۈزلەڭلىكىگە ئاپپاق يېيىلىپ كەتتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى باج مەنبەسى ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھىندىستاندا يېڭى يەر بېجى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1793 ـ يىلى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدى بىلەن بېنگال، بىخار، ئورىسسا قاتارلىق جايلاردا «مۇقىم زېمىندارلىق تۈزۈمى»نى يولغا قويۇپ، يېزا جامائەسىنىڭ يەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، يەرلەرنى زېمىندارلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. زېمىندارلار دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى ئېلىپ، يەر بېجىنىڭ 90% ىنى شىركەتكە تاپشۇراتتى. ئېلىنغان يەر ئىجارىسى مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، زېمىندارلار 1790 ـ يىلى شىركەتكە تاپشۇرغان ئۆلچەم بويىچە تاپشۇراتتى، بۇ مەڭگۈ «مۇقىم» بولۇپ ئۆزگەرمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، دېھقانلار ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلاندى، زېمىندارلار بولسا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان پومېشچىكلاردىن بولۇپ قالدى. 1818 ـ يىلىدىن باشلاپ

مۇستەملىكىچىلەر ئالدى بىلەن مادراستا، ئاندىن بېنگالدا «رىيوتۋارى تۈزۈمى»نى يولغا قويدى. بۇ تۈزۈم دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن دېھقانلار شىركەتكە پۈتۈن يىللىق ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدىغان قىسمىنى يەر ئىجارىسى ئورنىدا تاپشۇراتتى، ئەمەلىيەتتە دېھقانلار شىركەتنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1822 ـ يىلى ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردا «مۇقىم بولمىغان زېمىندارلار تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، زېمىندارلار دېھقانلاردىن باج ئېلىشقا مەسئۇل بولۇش، باج سوممىسىنى مۇقىم قىلماي، ھەر 25 ~ 30 يىلغىچە بىر قېتىم قايتىدىن بېكىتىش بەلگىلەندى. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا يولغا قويغان يەر بېجى تۈزۈمىنىڭ شەكلى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ماھىيىتى بىر، يەنى ئەڭ زور چەكتە دېھقانلارنى ئېزەتتى. ماركس بۇ تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز، ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭ ئىچكى زىددىيەت بار. ھەر ئىككىلا تۈزۈم يەر تېرىغۇچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى، شۇنداقلا يەر ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەردىن باج ئالىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ»① دېدى. يېڭى يەر بېجى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ يەر بېجى كىرىمى تېز ئاشتى. 1800 ـ يىلىدىن 1801 ـ يىلىغىچە يەر بېجى ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 200 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى، 1857 ~ 1858 ـ يىللىرىغا كەلگەندە 15 مىليون 600 مىڭ فوندستېرلىڭغا كۆپىيىپ، مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى. ماركس:

① ماركس: «ئورۇش مەسىلىسى ــ پارلامېنت ئەھۋالى ــ ھىندىستان»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 242 ~ 243 ـ بەتلەر.

«مەيلى بېنگالدىكى زېمىندارلار تۈزۈمى ئاستىدا ياكى مادراس ۋە بومبايدىكى رىيوتۋارى تۈزۈمى ئاستىدا بولسۇن، ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ ئون ئىككىدىن ئون بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان رىيوتۋارى دېھقانلىرى قورقۇنچلۇق ھالدا نامراتلىشىپ كەتتى»① دەپ كۆرسەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ھىندىستاندا كەينى ـ كەينىدىن يەتتە قېتىم ئېغىر دەرىجىدە ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ھىندىستان دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىمۇ بىر قىسىم ھىندىستان فېئودال بەگلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ھىندىستاندىكى بەگلىكلەرنىڭ فېئودال بەگ ـ تۆرىلىرى ئەسلىي ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تايانچلىرى ئىدى. لېكىن، مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلارنىڭ يېرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم فېئودال بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېتىش سىياسىتىنى قوللاندى. 1848 ـ يىلى دالخۇزى باش ۋالىي بولغاندىن كېيىن، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاتالمىش «ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇش تەلىماتى» بويىچە بەگ ـ تۆرىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئەگەر بىۋاستە ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولمىسا، ئۇنىڭ يېرىنى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قايتۇرۇۋالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ساتارا، ناگپۇر ۋە جەنسى قاتارلىق ئوندىن ئوشۇق بەگلىكنى قوشۇۋالدى. 1846 ـ يىلى مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى ئود بېگىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يوق ئىكەن، دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى مەجبۇرىي قوشۇۋالدى. ئۇنىڭدىن

① ماركس: «ئۇرۇش مەسىلىسى — پارلامېنت ئەھۋالى — ھىندىستان»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 244 ـ بەت.

باشقا، ماراتا بېگى نانا ساھىبنى يىللىق پۇل ئالىدىغان ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتخانا ـ مەسچىتلىرىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى تارتىۋالدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ سىياسەتلىرى بەگلىكلەردىكى بەگ ـ تۆرىلەر، شۇنىڭدەك ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ راھىبلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ھىندىستان «ئەسكەرلىرىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. 1850 ـ يىللىرى ئەنگلىيە، ھىندىستان قوشۇنىدا جەمئىي 280 مىڭ ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەسكەر» 230 مىڭدىن ئاشاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران بولغان دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، تىرىكچىلىك دەستىدىن شىركەتكە ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدى. ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا، مۇستەملىكىچىلەر ئاز ـ تولا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتتى ۋە سېتىۋالدى. مەسىلەن، ئۇلارغا بىرقەدەر يۇقىرى تەمىنات بەردى، تاپشۇرىدىغان بېجىمۇ سەل ـ پەل يېنىكلىتىلدى ۋە باشقىلار. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بەزى ھوقۇقلىرى ۋە ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىندى، مائاشى تۆۋەنلىتىلدى، ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمى تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ تەدبىرلەر ھىندىستان «ئەسكەر»لىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۇلار كېيىنكى چاغلاردىكى مىللىي چوڭ قوزغىلىڭنىڭ يادرولۇق كۈچىگە ئايلاندى.

قىسقىسى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يولغا قويغان ھەرخىل سىياسەتلىرى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى:

بىرىنچى، ھىندىستاننىڭ يېزا جامائەسىنى يىمىرىپ تاشلاپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائىتى زىچ بىرلەشكەن فېئودال ناتۇرال ئىگىلىكىنى بۇزۇپ، ئەنئەنىۋى قول سانائەتنى ۋەيران قىلدى. لېكىن، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر كونا جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلمىدى، شۇڭا ھىندىستان تېخىمۇ ئېغىر بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى. ئىككىنچى، ھىندىستان ئەمگەكچى خەلقى تېخىمۇ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچراپ، ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن نارازىلىقى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ھىندىستاندىكى مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئاخىر بۇ ئەھۋاللار ھىندىستاندىكى مىللىي چوڭ قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

## 4. 1857 ~ 1859 - يىللاردىكى ھىندىستان مىللىي - چوڭ قوزغىلىڭى

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى قاتلاملار ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭغا مەخپىي تەييارلىق قىلدى. 1856 - يىلىدىن باشلاپ خەلق قوزغىلىڭى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ بەلگىسى بولغان قوتۇرماچ يېزىلاردا قولدىن - قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا بۇ سىرلىق قوتۇرماچ شىمالدىكى يېزىلارغا تارقالدى. ھىندىستان «ئەسكەر»لىرى ئىچىدە مەخپىي تەشكىلاتلار پەيدا بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ بەلگىسى بولغان قىزىل نىلۇپەر پولكلاردا قولدىن - قولغا ئۆتتى. ھەرقايسى پولكلاردا مەخپىي ئالاقىلىشىش

مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشكە ئىلھام بېرىلدى. بالاكىپۇرنىڭ «ئەسكەر»لىرى باشقا پولكلارغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «ئەگەر بىز قوزغالساق، غەلىبە قىلىپ كالكوتتادىن پىشاۋەرگىچە مۇستەھكەم جەڭگاھ قۇرالايمىز» دەپ يېزىلغانىدى. پولكلار بايرامدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىپ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى ياكى يېرىم كېچىدە مەخپىي يىغىلدى، بەزى پولكلار ھەربىي باشقۇرۇش كومىتېتىنى مەخپىي تەشكىللەپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى.

ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان بەگلىكلەرنىڭ بەگ ـ تۆرىلىرىمۇ ئەنگلىيەگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ماراتا بېگى نانا ساھىب قاتارلىقلار ئالاقە باغلاشقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىسيان كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلىدى. بەزى مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرى، مەسىلەن، ئەخمەد شاھ قاتارلىقلار شەھەر ـ يېزىلارغا بېرىپ، خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. لۇكناۋ ۋە ئەگرە قاتارلىق شەھەرلەردىكى نۇرغۇن ئامما ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىدى. ئەخمەد شاھ ھىندىستاننىڭ 100 يىلدىن بېرىقى مۇنقەرىز بولۇشتەك تارىخى ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ 1857 ـ يىلىنىڭ باشلىرى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. خەلق سەنئەتكارلىرىمۇ مەدداھلىق قىلىش، غەزەلخانلىق قىلىش، قورچاق ئويۇنى ۋە دىراما قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاچ كۆز، ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلاپ، خەلقنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ھارپىسىدا پىلاسسىي جېڭىنىڭ 100 يىللىقىدا، يەنى 1857 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر ھەممىلا يەرگە تارقىلىپ كەتتى. دېھلى، مادراس قاتارلىق شەھەرلەردە دائىم

دېگۇدەك خەلقنىڭ قوزغىلىپ ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولۇپ تۇردى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىگە: «كۆپچىلىك بىر نىيەتكە كېلىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى! ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەققانىي تەلەپلىرىمىزنى دەپسەندە قىلدى، ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى تارتىۋېلىپ دۆلىتىمىزنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر بىردىنبىر يول ياتلارنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن قۇتۇلۇپ قانلىق غازات قىلىش!» دەپ يېزىلغانىدى.

1857 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى كالا مېيى ۋە چوشقا مېيى سۈرتۈلگەن قەغەزلەرگە ئورالغان بىر خىل يېڭى ئوقلارنى تارقاتتى، ئەسكەرلەر ئوقنى ئىشلەتكەندە چىشى بىلەن چىشلەپ ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان «ئەسكەر»لەر بۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت دەپ قاراپ (ھىندى دىنىي سىيىرنى مۇقەددەس بىلەتتى، ئىسلام دىنىدا چوشقا گۆشى مەنئى قىلىناتتى) قاتتىق غەزەپلەندى. ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان «ئەسكەر»لەر گانگ دەرياسى سۈيىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان «ئەسكەر»لەر «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يىقىتىپ تاشلاشقا قەسەم قىلىشتى. 1857 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى باراكپۇردىكى 34 ـ پىيادىلەر پولكى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، بىر ياش «ئەسكەر» مانگال پاندى مۇستەملىكىچىلەرگە تولۇپ تاشقان غەزىپى بىلەن: «قوزغىلايلى! بۇرادەرلەر، ئەركىنلىك ئۈچۈن ياۋۇز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلايلى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى ھەمدە ئەنگلىيەلىك ئۈچ ئوفىتسېرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەنگلىيە ئارمىيەسى دەرھال يېتىپ كېلىپ ئۇنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بەردى. كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ پىيادە ئەسكەرلەر

پولكىنى تارقىتىۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مىرۇتتا «ئەسكەر»لەرنىڭ يېڭى ئوقنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. مۇستەملىكىچىلەر يېڭى ئوقنى ئىشلىتىشنى رەت قىلغان 85 نەپەر «ئەسكەر»گە يەتتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئەنگلىيە پۈتۈن بىرىگادا ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 85 «ئەسكەر»نىڭ ھەربىي فورمىسىنى سالدۇرۇپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تارتىۋالدى، ئاندىن پۇت ـ قوللىرىغا كىشەن ـ كويزا سېلىپ تۈرمىگە ئېلىپ ماڭدى. «ئەسكەر»لەر بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي، گازارمىغا قايتىپ مەخپىي يىغىن ئېچىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن ھىندىستاندىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىگە يەتكەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان «ئەسكەر»لىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت مىلتىق ئاۋازى مىللىي چوڭ قوزغىلاڭنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (يەكشەنبە) كەچتە ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى چېركاۋدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، مىرۇتتىكى 3 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىدىكى «ئەسكەرلەر» شەھەر خەلقى ۋە شەھەر رايونىدىكى قوراللىق دېھقانلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار تۈرمىلەرنى ئېچىپ قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇپ بەردى، قاتناش تۈگۈنلىرىنى قامال قىلدى. «پىلاسسېينىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى!» «ئەنگلىيەلىكلەرنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن كۈچلۈك شوئار سادالىرى مىرۇت ئاسمىنىدا ياڭرىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ۋە خەلق ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۇرالغۇسى، چېركاۋى، گازارمىسى ۋە مۇستەملىكىچىلىك مەھكىمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئەنگلىيە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق جازالىدى ھەمدە شۇ

كۆنى كەچتىلا دېھلىغا جىددىي يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىر كېچە جىددىي يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە دېھلى شەھىرىگە يېتىپ باردى، دېھلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەدىكى ھىندىستانلىق ئەسكەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار تېزلىكتە قەدىمكى پايتەخت دېھلىنى ئىشغال قىلدى.

دېھلىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇنجى تەنتەنىلىك غەلىبىسى بولدى، شۇنداقلا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بولدى، كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىشەنچىسىگە زور ئىلھام بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىغا نارازى بولغان ئاقسۆڭەكلەر، راھىبلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرخىل كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيەگە قارشى سەپ شەكىللەندى. دېھلىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئەنگلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئىسمى بار، جىسمى يوق موغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى باھادۇر شاھنى ھىندىستان پادىشاھى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مەمۇرىي كېڭەش قۇردى، بۇ مەمۇرىي كېڭەش قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى سۈپىتىدە ئەمەلىي ھوقۇقنى بىۋاستە قولىغا ئالدى. مەمۇرىي كېڭەش بەخت خان قاتارلىق ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان، ئەزالىرىنىڭ كۆپى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەرلەر ئىدى. قوزغىلاڭچىلار مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ھىندى دىنىي مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىرىق قىلدى. مۇراجىئەتنامىدە يەنە پۈتۈن خەلق بىر تۇغ ئاستىدا كۈرەش قىلىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، باي ـ كەمبەغەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا

قاتناشتى. مەمۇرىي كېڭەش بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، زېمىندارلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، كەمبەغەللەرنى باج ـ سېلىقتىن ئازاد قىلدى، پومېشچىكلار، باي سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلاردىن ئالاھىدە باج ئالدى.

دېھلى ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي مەركىزى ئىدى، دېھلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى باشقا جايلاردىكى ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، قوزغىلاڭنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنى تېزلا شىمالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاننىڭ كۆپ رايونلىرىنى قاپلىدى. ئود ئۆلكىسىنىڭ لۇكناۋ، كانپۇر ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى جەنسى قاتارلىق جايلار قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلاندى. ئەخمەد شاھ رەھبەرلىكىدىكى ئود قوزغىلىڭى ئون كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسى ئىچىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەمۇرىي تەشكىلاتلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئەمەلدارى لاۋرېنسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى نانا ساھىب ۋە تانتىيا توپى رەھبەرلىكىدە كانپۇرنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قانغا بويىدى. ئايال پادىشاھ لاكشمى باي رەھبەرلىكىدىكى جەنسى قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قورغان ـ ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جەنسىدە داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ غەلىبىنى تەبرىكلىدى. قوزغىلاڭمۇ جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ بەزى رايونلىرىغا كېڭەيدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. باش ۋالىي كۈننىڭ ئەنگلىيەگە ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە ھەسرەت چېكىپ: «ھازىر ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، ئىشلار قانداق ئۆزگىرىدۇ، بىر نېمە دېمەك تەس» دەپ يازدى. شۇ چاغدا

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭنىڭ باشقا رايونلارغا يامراپ كېتىشىدىن بەك قورقتى، بولۇپمۇ غەربىي شىمال چېگرادىكى پەنجئاب شۇنىڭدەك دېھلى بىلەن پەنجئاب ئارىلىقىدىكى بەگلىكلەرنىڭ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىدى. ئەنگلىيە بۇ رايوندىكى بازىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دەرھال قوشۇن يۆتكەپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى ۋە شۇ جايدىكى خەلقنىڭ بارلىق ئىسيانلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى.

ئەنگلىيە ئەسكىري كۈچىنى توپلاپ دېھلىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. ئۇلار ئىرانغا تاجاۋۇز قىلغان قوشۇنىنى ۋە جۇڭگوغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى ھىندىستانغا يۆتكەپ كەلدى، سىرى لانكا باش ۋالىيسى ھىندىستانغا ياردەمچى قوشۇننى كۆپەيتتى، يەنە شىكلار، گۇركالاردىن ياللانما ئەسكەر ئېلىپ ئەسكىري كۈچىنى كۈچەيتتى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى 1857 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى دېھلىغا ھۇجۇم قىلدى. 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇزۇكسىز مەغلۇپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يەنى پىلاسسېي جېڭىنىڭ 100 يىللىقى بولغان كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى دېھلىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيەسى بىلەن بىر قېتىم قانلىق جەڭ قىلدى. ئەنگلىيەلىك بىر ئوفىتسېر كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «تەخمىنەن كەچ سائەت 12 ئەتراپىدا، قوزغىلاڭچىلار بىزنىڭ پۈتكۈل ئارمىيەمىزگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئەسكەرلىرىمىز قوزغىلاڭچىلاردەك باتۇرلۇق كۆرسىتەلمىدى... مەن ئەمدى بىز تۈگەشتۇق، دەپ ئويلىدىم» دېگەنلەرنى يازدى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتمىدى، شەھەر سىرتىدىكى

دۈشمەنىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىنى يوقىتالمىدى، ئاقىۋەت دۈشمەنگە ئارام ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان خان جەمەتىدىكىلەر ۋە فېئوداللار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەقسىتى زادى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، قوزغىلاڭ باشلىنىشى بىلەنلا ئاشكارىلاندى. دېھلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاقسۆڭەكلەر «تەرتىپ»نى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ چاھار باغنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا نارازى بولدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقىمۇ ئۇرۇندى، ئەمما بۇ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. كۈرەش جىددىي بولۇۋاتقان مەزگىلدە شەھەردىكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر، باي سودىگەرلەر ئاشلىقنى بېسىپ قويۇپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، قورال ـ ياراغلارنى يوشۇرۇپ قويدى، ھەتتا دىنىي جېدەل ـ ماجىرالارنى پەيدا قىلىپ، سىياسىي قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش قەستىدە بولدى. ئۇلار بۇزغۇنچىلىق ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلىتىۋەتتى، ئاخباراتلارنى ئوغرىلاپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن مەخپىي ئالاقىدە بولدى. ئۇلارنىڭ ساتقۇنلۇق ھەرىكەتلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچىگە قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شۇ چاغدا دېھلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار 40 مىڭ ئادەمگە يەتتى، لېكىن كۈچلۈك بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك يوق ئىدى. بەخت خان دېھلىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالمىدى، رەھبەرلىكنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكى، تەشكىلىي جەھەتتىكى چېچىلاڭغۇلۇق تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شەھەرگە بېسىپ كىردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن شىددەتلىك كوچا جېڭى قىلدى، ئالتە كۈنلۈك مۇداپىئە جېڭى قىلىش ئارقىلىق دۈشمەن ئارمىيەسىدىن 5000 دىن كۆپرەك ئادەمنى ۋە ئىككى ئوفىتسېرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى دېھلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە ياۋۇزلارچە ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش ۋە تالان ـ تاراج قىلىش ئېلىپ باردى، ھەتتا دوختۇرخانىدىكى يارىدارلارنىمۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. باھادۇر شاھ باشچىلىقىدىكى فېئودال ـ ئاقسۆڭەكلەر گورۇھى مۇستەملىكىچىلەرگە نومۇسسىزلارچە تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى دېھلىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، جۇمنا دەرياسى بىلەن گانگ دەرياسى ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىكتە داۋاملىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى دېھلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى توپلاپ ئۇدىنىڭ مەركىزى لۇكناۋغا ھۇجۇم قىلدى. لۇكناۋنى قوغداش جېڭى ناھايىتى كەسكىن بولدى. 1857 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باشلانغان جەڭ ئالتە ئايغا يېقىن داۋاملاشتى، 1858 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى 40 مىڭغا يېقىن خىللانغان ئەسكىرىي كۈچ ۋە 180 توپ ـ زەمبىرەكنى توپلاپ لۇكناۋغا ھۇجۇم قىلدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئىككى ھەپتە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، لۇكناۋ 6 مىليون فوندستېرلىڭغا يېقىن زىيان تارتتى.

1858 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى جەنسىگە ھۇجۇم قىلدى. جەنسىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئايال پادىشاھ لاكشىمى باينىڭ رەھبەرلىكىدە دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دۈشمەن

ئارمىيەسى شەھەرگە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىردى، جەنسىدىكى ئارمىيە ـ خەلق دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. ئىگىزلىكنى جان تىكىپ قوغداۋاتقان 500 ئەسكەر قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئايال پادىشاھ بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى، جەنسى شەھىرى قولدىن كەتتى.

دېھلى، لۇكناۋ ۋە جەنسى قاتارلىق قوزغىلاڭ مەركىزى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا تارقاق يۈرگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئۆتتى. شۇ چاغدا ھەرقايسى جايلاردا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 120 مىڭ كىشىدىن كەم ئەمەس ئىدى، تانتىيا توپى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى زەربىدار ئەترەت ھېسابلىناتتى. جەنسىنىڭ ئايال پادىشاھى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، تانتىيا توپى بىلەن قوشۇلۇپ، ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى بىر كۈچلۈك پارتىزانلىق قوشۇنغا ئايلىنىپ، گۋاليوردا ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت قۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئايال پادىشاھ لاكشمى باي گۋاليورنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولدى، تانتىيا توپى جەڭنى داۋاملاشتۇردى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوراللىق باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش ۋاستىسىنى قوللاندى. 1858 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باش ۋالىي كۇنىنىڭ ھىندىستاندا ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيەنىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ھىندىستاندىكى چوڭ ـ كىچىك فېئوداللارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىمتىيازىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىقنى يەمچۈك قىلىپ فېئوداللارنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپلىگەن فېئوداللار كەينى ـ كەينىدىن يۈز ئۆرۈپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوزغىلاڭ رەھبىرىنى تۇتۇشىغا ياردەم بەردى. 1859 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تانتىيا توپى فېئودال مان

سىنگىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولدى. لېكىن، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى 1859 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى.

## 5. قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى

1857 ~ 1859 ـ يىللاردىكى ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ دەسلىپىدىلا كەڭ ئاممىۋى خاراكتېرىنى ئالغاچقا، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ھىندىستان «ئەسكەر»لىرى قوزغىلاڭنىڭ قوزغىغۇچىسى ۋە زەربىدار كۈچى ھېسابلانسا، دېھقانلار ۋە شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولدى، بىر قىسىم فېئوداللار قوزغىلاڭغا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى.

ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان مىللىي چوڭ قوزغىلاڭ ئاخىر ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى: بىرىنچى، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان فېئوداللار ئەنگلىيەنىڭ تەھدىتى ئالدىدا تېز پۈكۈلۈپ تەسلىم بولدى. ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى فېئوداللار سىنىپىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، مىللەتنىڭ ھەققانىيەت يولىدىكى ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم تايانچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن بىر قىسىم فېئوداللار ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشىغا يانتاياق بولدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى «ئەگەر پورتىيە ۋە ماندېتۇ خانلىرى بىزنىڭ

دوستىمىز بولمىغان بولسا، شەكىلار بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا قاتناشمىغان، پەنجئاب جىم تۇرمىغان بولسا، دېھلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشىمىز پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەپ ئېتىراپ قىلدى. يەنە بىر قىسىم فېئوداللار ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن مۇستەملىكىچىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقانىدى، لېكىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پارا بېرىپ سېتىۋېلىش سىياسىتى ئاستىدا ئاز ساندىكى بەگلىكلەرنىڭ تۆرە ـ بەگلىرى، مەسىلەن، نانا ساھىب ۋە جەنسىنىڭ ئايال پادىشاھى لاكشىمى باينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇرغۇنلىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ئىككىنچى، ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى قۇدرەتلىك ئىدى، ئۇلار قۇۋ ـ ھىيلىگەر بولۇپ، ئەكسىيەتچىل ئىككى خىل ھۈنىرىنى مەككارلىق بىلەن ئىشقا سالدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنى ئورۇنلاپ بولغاچقا، دۇنياۋى سانائەت مونوپوللۇق ئورنىغا ھەم دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە كۈچى ئىنتايىن قۇدرەت تاپتى. قۇۋ ـ ھىيلىگەر ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستانغا ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا ھىندىستاندىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، قەبىلىلەر، تەبىقىلەر ۋە دىنلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئۆكسىز زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى ھەم بۇ زىددىيەتلەرنى زورايتتى. ئۇلار ھىندىستان خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىللەردە قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئوداللارغا بولغان سىياسىتىنى بارا ـ بارا ئۆزگەرتتى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئود خىتابنامىسى»، «ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيەنىڭ مۇراجىئەتنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، قورال تاشلىغان ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە ھەمكارلاشقان فېئوداللارنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، يەنە ئۇلارنىڭ يەر ۋە ھەرخىل ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا

رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى يوقاتتى. ئۇچىنچى، قوزغىلاڭچىلاردا كۈچلۈك، بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك يوق ئىدى. ھىندىستاننىڭ مىللىي قوزغىلىڭى پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بىرقانچە چوڭ ـ كىچىك رايون گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، شۇڭا بىرلىككە كەلگەن سىياسىي پىروگرامما، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق، بىرلىككە كەلگەن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش بولمىدى، مانا بۇ ئەھۋال دۈشمەننىڭ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ مەغلۇپ قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

1857 ~ 1859 ـ يىللىرىدىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭلىرى ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي چوڭ قوزغىلاڭ، شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ تارىخىي بەتلىرىدە شانلىق سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. قوزغىلاڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا تىز پۈكمەيدىغان قەيسەرانە روھىنى نامايان قىلدى، ھىندىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. قوزغىلاڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئەنگلىيەگە 40 مىليوندىن ئارتۇق فوندستېرلىڭ ئۇرۇش چىقىمى زىيان سالدى، ئەنگلىيەنىڭ كۆپلىگەن مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى، باج ۋە سودا جەھەتتە خېلى چوڭ زىيان سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھىندىستاننىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە تەۋرىتىۋەتتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا

مەزگىللىرىدە ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ماركس بۇ قېتىمقى «ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ئارمىيەسى ئىچىدىكى قوزغىلاڭ ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك نارازى بولغانلىقى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەردى، چۈنكى بېنگال ئارمىيەسى ئىچىدە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ شەك ـ شۈبھىسىزكى، پېرسىيە ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو ئۇرۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بار... شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەقەلەر»① دەپ كۆرسەتتى. ھىندىستان قوزغىلىڭى ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇۋەتتى، ئاخىر ئەنگلىيەنى ئىران ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتكەن ئارمىيەسىنى ھىندىستانغا ياندۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىران بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىگە ۋاستىلىك ھالدا ياردەم قىلغان بولدى. ئەنگلىيەنىڭ ئافغانىستان ۋە بىرمىغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانى كېيىنگە سۈرۈلدى. ھىندىستاننىڭ مىللىي چوڭ قوزغىلىڭى ۋە ئاسىيادىكى باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۈرىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ياپون مىللىتىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ھەم مۇستەقىل بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، ياپونىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ھىندى مىللىتىنىڭ قوزغىلىڭى ياۋروپا پرولېتارلىرىنىڭ ۋە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ماركس ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالى، خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتىنى ياۋروپا، ئامېرىكا پرولېتارلىرىغا يۈكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يالغانچىلىقى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى

---

① ماركس: «ھىندىستان ئارمىيەسىنىڭ قوزغىلىڭى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 12 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 252 ـ بەت.

پاش قىلدى، ھىندى مىللىتىنىڭ قوزغىلىڭىنى ياۋروپا پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقدىشى دەپ ھېسابلىدى. ئۇ 1858 ـ يىلى: «ھىندىستان ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئادەم كۆچى ۋە قىممەت مېتاللىرىنى خوراتتى، ھازىر بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىتتىپاقدىشىمىز»[①] دېدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى جونس ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستان خەلقىنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن ھىندىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ 1857 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە: «ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭغا كەلسەك، پۈتكۈل ياۋروپادا، ئۇ دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ئادىل، يۈكسەك ۋە زۆرۈر بولغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ، دېگەن بىرلا پىكىر بار» دەپ يازدى. ئىتالىيەنىڭ مىللىي قەھرىمانى گارىبالدى «قىزىل كۆڭلەكلىكلەر قوشۇنى»نى تەشكىللەپ ھىندىستاندىكى كۈرەشكە قاتناشماقچى بولۇپ ئوتتۇرا دېڭىزغا كەلگەندە، ھىندىستان قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كەينىگە ياندى.

قوزغىلاڭنىڭ زەربىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى، يەنى 1858 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ ھىندىستانغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى؛ 11 ـ ئايدا ئايال پادىشاھنىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە ئاساسەن، «يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە، ئىززەت ـ ئابرۇيىغا ۋە شان ـ شۆھرىتىگە ھۆرمەت قىلىش» نامى بىلەن، فېئوداللار سىنىپى

① «ماركسنىڭ ئېنگېلسغا يازغان خېتى» (1858 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى)، «ماركس ـ ئېنگېلسنىڭ خەت ـ چەكلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 324 ـ بەت.

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ھىندىستاننىڭ فېئودال كۈچلىرى ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشتى. ھىندىستان «ئەسكەر»لىرىنىڭ يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ئارمىيەسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، يەنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ئەسكەرلەر سانىنى كۆپەيتتى، توپچى ئەسكەر قىسمى ۋە تېخنىكا قىسمى پۈتۈنلەي ئەنگلىيەلىكلەردىن تەشكىل تاپتى، شىمالىي ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن قوراللىق ياش ئوغلانلىرىنى يىغىۋالغان ئەنگلىيەلىكلەر سىخلار، مۇرىتلىرى، باتان، گۇركالاردىن يېڭى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، مۇستەقىل ھىندىستان قىلىپتى قاتارلىقلارنى تارقىتىۋەتتى.

# 3 ـ بۆلۈم مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىران خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى

## 1. قاجار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىراندىكى فېئودال سۇلالىلەر كۆپ قېتىم ئالماشتى، ئىچكى تاشقى ئۇرۇشلار ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇردى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزدا توختاپ قالدى، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى.

1709 ـ يىلى سافىيلار سۇلالىسى (1502 ~ 1722) ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئافغانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ باش ۋالىينى ئۆلتۈرۈپ قەندەھار ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلدى. 1772 ـ يىلى ئافغانىستان فېئودال يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر سافىيلار

سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىسفاھاننى ئىشغال قىلىپ ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئافغانىستان فېئوداللىرىنىڭ ئىران خەلقىنى قانلىق باستۇرۇشى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى ئىران خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى، ئاخىر ئۇلار قوزغىلىپ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆتتى، 1730 ـ يىلى نادىر خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ، ئافغانىستان تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. 1736 ـ يىلى، ئىران ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈپ، نادىر سۇلالىسىنى قۇردى (1736 ~ 1747). نادىر زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى. 1947 ـ يىلى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىراننىڭ ھەرقايسى فېئوداللىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يولىدا ئىچكى ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. قاجارلار ئىچكى ئۇرۇشتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 1796 ـ يىلى ئاغا مۇھەممەد قاجار سۇلالىسىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى، تېھراننى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى.

قاجار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىران كۆپ مىللەتلىك فېئودال ئىستىبداتلىق دۆلەت ئىدى. پادىشاھ ئەڭ چوڭ فېئودال بولۇپ، يۇكسەك ھوقۇقى ئىگە ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت 30 ئۆلكە ۋە ۋىلايەتكە بۆلۈندى، ئۆلكىگە ۋالىي، ۋىلايەتكە ھاكىم قويۇلدى، بۇ ۋەزىپىنى پادىشاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇستىگە ئالدى. بۇ ۋالىي ۋە ھاكىملار ناھايىتى چوڭ مالىيە ھوقۇقى ۋە ھەربىي ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇستەقىل، ئۆزى ئۆزىگە خوجا بەگ ـ تۆرىلەر ئىدى. ئۇلار پادىشاھقا سادىق بولۇپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى، يەنى ھەر يىلى خەزىنىگە مەلۇم باج تاپشۇراتتى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش قىلاتتى ياكى قوزغىلاڭنى

باستۇراتتى. خان جەمەتى ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى. چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ (ئىران ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل تاپىدۇ) ئاقساقاللىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، ئۇلار خۇددى فېئودال خانلىق ئۆزىگە مىراس قالغاندەك تېخىمۇ چوڭ مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىدى، ھەتتا نامدا پادىشاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى[1] ئىران فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. شىئە مەزھىپىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنى ئەمەلىيەتتە چوڭ پومېشچىك ھېسابلىناتتى، ئۇلار فېئوداللىق ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى «قۇرئان كەرىم» بويىچە چۈشەندۈرەتتى. مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، نىكاھ، سودا قاتارلىق ھەق تەلەپ دېلولىرى ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن بىر ياقلىق قىلىناتتى، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىپ خەلقنى ئېزەتتى. مەكتەپ تەربىيەسىدە باشلانغۇچ ئىلاھىيەت دارىلفۇنۇنىدىن يۇقىرى ئىلاھىيەت دارىلفۇنۇنىغىچە پۈتۈنلەي ئىلاھىيەتتىكى ئەقىدىلەر ئۆگىتىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى روھانىيلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولاتتى.

قاجار سۇلالىسى ئىلگىرى ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ فېئودال يەر مۈلۈكچىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئىران پادىشاھى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سۇ بايلىقى ۋە يەرنىڭ ئالىي ئىگىدارى بولۇپ، تاپشۇرۇلغان باج ـ سېلىقلارنى ئوردا، قوشۇن ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتى ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ھەرخىل شەكىلدىكى فېئوداللارنىڭ يەرلىرىگە

---

[1] شىئە مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى.

باغلىنىپ قالغان دېھقانلار ئالغان ھوسۇلىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە تاپشۇراتتى، يەنە قوي يۇڭى، ماي، توخۇ، تۇخۇم، يېقىلغۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى باج ـ سېلىق ئورنىدا تاپشۇراتتى.

ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا، شەھەرلەردىكى قول سانائەتمۇ خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. قول ھۈنەرۋەنلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا ئۇيۇشتى، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى رەھبەرلىك قىلدى، بۇ ئۇيۇشمىدا ھۈنەرۋەن، ياردەمچى ۋە شاگىرتلار بار ئىدى. قول ھۈنەرۋەنلەر نەق پۇل ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ياكى باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارغا باج ـ سېلىق ئورنىدا تاپشۇراتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراندا ئاددىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرى بارلىققا كەلدى. بەزى توقۇمىچىلار كارخانا خوجايىنلىرى تەمىنلىگەن ماتېرىيال ۋە توقۇش ئىستانوكلىرىدىن پايدىلىنىپ كارخانا خوجايىنلىرىغا رەخت توقۇيتتى. بەزى توقۇمىچىلار چوڭ ئۇستىخانىلارغا توپلىشىپ ئىش قىلاتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ گىلەم ۋە رەختلەر كۆپلەپ رۇسىيە ۋە غەربىي ياۋروپاغا توشۇلاتتى. ئىران ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، فېئودال سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرالمىدى.

## 2. ئەنگلىيە، رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىشى

غەرب مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئىرانغا ئەڭ دەسلەپ

پورتۇگالىيەلىكلەر تاجاۋۇز قىلدى. 16 ـ ئەسىردە پورتۇگالىيەلىكلەر پېرسىيە قولتۇقىدىكى هورمۇز قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى گوللاندىيەلىكلەر ئىراندىكى ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، پېرسىيە قولتۇقىدىكى خارك ئارىلىنى تارتىۋالدى. 1763 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىراننى قول قىلىدىغان شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، پېرسىيە قولتۇقى بويىدىكى بۇشىر قاتارلىق جايلاردا سودا پونكىتلىرىنى قۇردى ۋە ئەركىن سودا قىلىش، ئىمپورت بېجىنى تاپشۇرماسلىق قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر تاۋار سېتىش بازىرى ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جاينى كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىران بارا ـ بارا ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تالىشىدىغان نىشانى بولۇپ قالدى.

چاررۇسىيە قوشنىسى ئىراننىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىرانغا ئۈزۈكسىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، هەدەپ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلدى. 1804 ~ 1813 ـ يىللىرى ۋە 1826 ~ 1828 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا چاررۇسىيە ئىراننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىراننى گۈلىستان شەرتنامىسى ۋە تۈركمەنچى شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. گۈلىستان شەرتنامىسىدە ئىران رۇسىيە ئارمىيەسى بېسىۋالغان گىرۇزىيە قاتارلىق جايلارنى رۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىش؛ رۇسىيە زۆرۈر تېپىلغاندا ئىران پادىشاھىنىڭ ئۆز ئورنىغا ۋارىس بەلگىلىشىگە «ياردەم بېرىش»؛ ئىران قارا دېڭىزدىكى ساقلاپ قالغان دېڭىز ئارمىيەسى هوقۇقىدىن ۋاز كېچىش، رۇسىيە قارا دېڭىزدا فىلوت قۇرۇش ئىمتىيازىدىن بەهرىمەن بولۇش؛ رۇسىيە سودىگەرلىرى

كىرگۈزگەن تاۋارلاردىن 5% باج ئېلىش، ئىچكى گۈمرۈك بېجى ۋە باشقا باجلارنى تاپشۇرماسلىق قاتارلىقلار بەلگىلەندى. تۈركمەنچى شەرتنامىسىدە گۈلىستان شەرتنامىسىدىكى رۇسىيەنىڭ ئىراندىكى ئىمتىيازى چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە ئىران كاۋكازدىكى بارلىق هوقۇقىدىن ۋاز كېچىش؛ رۇسىيە ئارمىيەسى بېسىۋالغان يەرلەرنى رۇسىيەنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ ئىككى تەرەپ دۆلەت چېگراسىنى بېكىتىش، يەنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاراس دەرياسىنى پاسىل قىلىش؛ ئىران رۇسىيەگە 20 مىليون رۇبلى تۆلەم بېرىش؛ رۇسىيە ئىراننىڭ هەرقايسى شەهەرلىرىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، رۇسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئىران پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەرز - شىكايەتلەرنى رۇسىيە كونسۇلى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش؛ رۇسىيەلىكلەر ئىراندا ئۆي - جايلارنى ئىجارىگە ئېلىش، سېتىۋېلىش ياكى يۇك ئىسكىلاتى قىلىش هوقۇقى بولۇش؛ ئىراندىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى شەرتنامىگە ئەمەل قىلمىسا، ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. ئېنگېلس دەل جايىدا پاش قىلىپ، تۈركمەنچى شەرتنامىسى ئىراننى «رۇسىيەنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ»① دەپ كۆرسەتتى.

ئەنگلىيە رۇسىيە بىلەن ئىراندىكى كۈچ تەسىرىنى تالىشىش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن 1800 ~ 1841 - يىللىرىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم ئىراننى تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، كونسۇل هۆكۈم قىلىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى، كىرگۈزۈلگەن تاۋارلاردىن 5% باج ئېلىنىدىغان ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى گۈمرۈك باجلىرى ئېلىنمايدىغان بولدى، تەبرىز، تېهران قاتارلىق جايلاردا سودا ۋاكالەتخانىسى قۇردى. كېيىن فىرانسىيە، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ

① ئېنگېلس: «ئەنگلىيە - پېرسىيە ئۇرۇشىنىڭ مەنزىلى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 12 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 135 - بەت.

ئىران بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتنامىلەرنى تۈزدى. بۇ بىر قاتار تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەرنىڭ ئىمزالىنىشى ئىراننى يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى.

تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئىرانغا ئېغىر مىللىي ئاپەت كەلتۈردى. چەت ئەل تاۋارلىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە تاۋارلىرى ئىرانغا خۇددى كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ئىراننىڭ پۈتكۈل ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 90% نى ئىگىلىدى. 1833 ـ يىلى، تەبرىزگە توشۇلغان ياۋروپا تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 15 مىليون رۇبلىغا يېتىپ، 1836 ـ يىلى 40 مىليونغا كۆپەيدى. ياۋروپا تاۋارلىرىنىڭ تۈكمە قىلىپ سېتىلىشى ئىراننىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىكى بىرلەشكەن فېئودال ناتۇرال ئىگىلىكىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، بىخلىنىش هالىتىدە تۇرغان ئىران كاپىتالىستىك قول هۈنەرۋەنلىك ئۇستىخانىلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، زور تۈركۈمدىكى قول هۈنەرۋەنچىلەر ۋە ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشى فېئوداللىق تۈزۈم كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. فېئودال پومېشچىكلار پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى ناتۇرال يەر ئىجارىسى ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، دېھقانلارغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتتى. پادىشاھ، ۋالىي، ۋىلايەت هاكىمى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سېتىپ نۇرغۇن پۇللارغا ئىگە بولدى. ئەمەل ـ مەنسەپ سېتىۋالغانلار دېھقانلارنى ئەسەبىيلەرچە بۇلاپ ـ تالىدى. ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارلار نەق پۇلغا هاجىتى چۈشكەندە سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرنى جازانىخور سودىگەرلەرگە ساتتى، شۇنداق قىلىپ، دۇنيا بازىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن يېڭى پومېشچىكلار قاتلىمى بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى فېئوداللىق

ھەربىي سۈيۈرغال قىلىنغان يەر تۈزۈمى بۆزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى كۈندىن ـ كۈنگە كەڭ ئومۇملاشتى. كۆپلىگەن دېھقانلار تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆلۈم گىردابىدا جان تالاشتى.

فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ يىمىرىلىشى تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلارنىڭ تىرىكچىلىكىنى بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئەسلىي يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلارغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ كىرىمى چىقىمىغا يەتمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلارنىڭ كىرىممۇ بارغانسېرى كاپالەتكە ئىگە بولماي قالدى. كۆپلىگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۇششاق سودىگەرچىلىك، ھەتتا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، كۈنلىرىنى تامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئىران خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاچارچىلىق، چاشقان ۋاباسى، خولېرانىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشى نەچچە مىليون ئىران خەلقىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، ئەزەربەيجان رايونىدىكى ئاھالىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆلۈپ كەتتى، يېزىلاردا يەر ـ ئېتىزلار قاغجىراپ چۆللىشىپ كەتتى؛ شەھەرلەرنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

ئەمگەكچى ئامما فېئودال ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇقىغا، زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋالىدىغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا زادى چىداشلىق بېرەلمىدى. ئاخىر دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن

شەھەرلەردىكى تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى. تۆۋەن دەرىجىلىك بەزى ئاخۇنلار دىن تارقىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي نىقاب ئاستىدا فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. بىر قېتىملىق چوڭ كۆرەشنىڭ بوران ـ چاپقۇنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

## 3. بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى

19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلەشكەن شارائىتتا بابىيە دىنى بارلىققا كەلدى. بۇ دىننى ئىراندىكى شىرازلىق سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان سەيىد ئەلى مۇھەممەد (1820 ~ 1850) ياراتتى. 1844 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى «باب» (ئىماننىڭ ئىشىكى) دەپ ئاتىدى، بۇ كىشىلەر ئارزۇ قىلغان قۇتقۇزغۇچى خۇدانىڭ ئىرادىسى مۇشۇ ئىشىك ئارقىلىق خەلققە يەتكۈزۈلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئەسلىي ئىسلام دىنىدا مۇنداق بىر ئەقىدە بار ئىدى، يەنى ئىسلام دىنىدىكى قۇتقۇزغۇچى خۇدا — 12 ـ ئىمام مەھدىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە 1000 يىل بولغانىدى، لېكىن ئۇ يەنە پەيدا بولاتتى، پانىي دۇنيانى بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىك قاپلىغاندا، ئۇ يەر يۈزىگە چۈشۈپ زېمىندىكى تەڭسىزلىكلەرنى يوقىتاتتى ۋە مۇۋاپىق يېڭى تۈزۈم ئورنىتاتتى. سەيىد ئەلى مۇھەممەد مۇشۇ ئەقىدىگە ئاساسەن مەھدىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈشى يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش ئەمەس، پات ئارىدا يەر يۈزىگە چۈشىدۇ، يەر يۈزىگە چۈشكەندىمۇ باشقا يەرگە ئەمەس، دەل ئىرانغا چۈشىدۇ، مەھدى يەر يۈزىگە چۈشكەندە «ھەققانىي پادىشاھلىق» قۇرۇلىدۇ. بۇ پادىشاھلىقتا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ، فېئودال مۇستەبىتلىك مەۋجۇت بولمايدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. مەھدى يەر يۈزىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى باب

(يەنى سەيىد ئەلى مۇھەممەد)نىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشنى كۈتۈۋېلىشقا ياخشى تەييارلىق كۆرۈشكە چاقىرىق قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1847 ـ يىلى باب قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، تۈرمىدە «بېشارەتنامە»نى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. باب ئىنسانلار جەمئىيىتى ھەرقايسى دەۋرلەردە تەرتىپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئىلگىرىكى دەۋردىن چوقۇم ئېشىپ كېتىدۇ. ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈمى ۋە قانۇنى بولىدۇ، كونا تۈزۈم ۋە قانۇنلار كونا دەۋرنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ يېڭى دەۋرنىڭ قانۇنى ۋە تۈزۈمىگە ئورۇن بېرىدۇ. لېكىن، بۇ يېڭى تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى «خۇدا» ئەۋەتكەن «پەيغەمبەر» تۈزۈپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر كىشىلەرگە كونا كالام ئورنىغا يېڭى كالامنى قويۇش توغرىسىدا بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قارىدى. باب ئۆزىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن يەر يۈزىگە چۈشكەن پەيغەمبەر، «بېشارەتنامە»نى يېڭى كالام، يېڭى كالام يېڭى تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى دەپ ئاتىدى. باب دەھرىي ئەمەلدارلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار كونا تۈزۈمدىن ۋاز كېچىشنى خالىماسلىقى دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكى ۋە پۈت تېپىشىش سەۋەب بولغان دەپ قاراپ، ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى، ئېكسپىلاتاتسىيەگە، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، باب خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويماي، ئەكسىچە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى، ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار كۆپلىگەن تەلەپلەرنى، مەسىلەن، سودا ئۆچۈرىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇش، پوچتا ئىشلىرىنى ياخشىلاش، پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بابىيە دىنى مۇرىتلىرى دەسلەپ يۇقىرى قاتلامدا تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن پائالىيىتىنى خەلق ئاممىسىغا قاراتتى. بۇ چاغدا بابىيە تەلىماتىدىكى فېئوداللارغا قارشى بەزى دېموكراتىك ئىدىيەلەر تېخىمۇ تەرەققىي تاپتى. ئەمگەكچى ئاممىغا يېقىنراق بەزى بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تەشۋىقات ئەربابلىرى (مەسىلەن، ھاجى مۇھەممەد ئەلى، موللا مۇھەممەد ئەلى قاتارلىقلار): يېڭى پەيغەمبەر پات ئارىدا يەر يۈزىگە چۈشۈپ يېڭى بىر دۇنيا ئاپىرىدە بولىدۇ، ئۇ چاغدا بارلىق كونا تۈزۈم ۋە كونا دىنىي دەستۇرلار كۈچىدىن قېلىپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش ۋە ھاشارغا ئىشلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ، ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرى ۋە ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ ئاددىي خەلققە ئايلىنىدۇ، دەپ ئېنىق چۈشەندۇردى. ئۇلار يەنە فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىشنى، بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاممىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈشنى، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇشنى، يەنى فېئوداللارغا قارشى كەسكىن بولغان دېموكراتىك ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى. بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ رەھبىرى كەمبەغەللەرگە: «بېرىڭلار، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى، ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرىدىكى، زالىم پادىشاھنىڭ ساندۇقلىرىدىكى كۆزگەنلىكى نەرسىلەرنى قويماي ئېلىڭلار، ھەممە نەرسە سىلەرنىڭكى، بۇنىڭدىن كېيىن پانىي دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىق سىلەرگە مەنسۇپ» دېدى. بابىيە دىنى مەزھىپىنىڭ بۇ تەشۋىقاتلىرى شەھەر ـ يېزىلاردىكى خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بابىيە دىنى مۇرىتلىرى تېز كۆپىيىپ، كۆپلىگەن قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار بەس ـ بەستە بابىيە دىنى مەزھىپىگە كىردى. 1849 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پۈتۈن

مەملىكەت بويىچە بابىيە دىنى مۇرىتلىرى 100 مىڭ ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى.

1848 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى پادىشاھ سەيىد ئەلى مۇھەممەد قازا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن پۈت تېپىشىشكە باشلىدى. ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خوراسان، ئىسفاھان، شىراز ۋە كېلمون قاتارلىق ئۆلكە ـ شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر ۋە دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن سەپ تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى، مازەندەران ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى قورقۇپ پايتەخت تېھرانغا قېچىپ كەتتى. بۇ ۋەزىيەت بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت بولدى.

10 ـ ئايدا بەرفۇرۇش شەھىرىگە توپلانغان 700دىن كۆپرەك بابىيە دىنى مۇرىتلىرى مۇھەممەد ئەلى بەرفۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىراننىڭ شىمالىدىكى مازەندەران ئۆلكىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنى تارمار قىلغاندىن كېيىن بەرفۇرۇش شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان سەك تەبەرس قەبرىستانلىقىغا غەلىبىلىك يۈتكەلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ جاينى بازا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئۇلار ئىستىھكام ياساپ، خەندەك كولاپ ھۇجۇم قىلغان يەرلىك فېئوداللارنىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈردى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مال ـ مۈلۈككە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ئورتاق ئوزۇقلىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇلار قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي لاۋازىمەتلىكلىرىنى، ئەمگەك قوراللىرىنى ياسىدى، ئۆزلىرى كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكتى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۇلارغا ئۇزۇلدۇرمەي ئات ـ ئۇلاغ،

ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردى. مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بىر قىسىم بابىيە دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئۇلارغا كېلىپ قوشۇلدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان مۇرىتلار ناھايىتى تېزلا 2000 كىشىگە يەتتى.

سەك تەبەرس قەبرىستانلىقىغا توپلانغان بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تېھران ئوردىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى جان قايغۇسىدا قالغان فېئوداللار قىممەت نەرسىلىرىنى يىغىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى. لېكىن، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ھەدېسىلا ئىنقىلابىي كۈچلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى. 1848 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يېڭى پادىشاھ نەسىرىددىن تاغىسىنى 2000 تاللانغان ئەسكەرگە يولباشچى قىلىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار بىرنىم كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ پادىشاھ ئارمىيەسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. 1849 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پادىشاھ 10 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەنى ئەۋەتىپ سەك تەبەرس قەبرىستانلىقىنى قورشىۋالدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتتى. شىئە مەزھىپىنىڭ ئىمامى بابىيە دىنى مۇرىتلىرىغا «غازات» قىلىشنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭچىلار كۈچلۈك ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئالدىدا قىلچە بوشاشمىدى، ئۇلار قوللىرىغا ئۆزلىرى ياسىغان قىلىچ، نەيزە ۋە خەنجەرنى ئېلىپ دۈشمەن بىلەن نەيزىۋازلىق جېڭى قىلىپ، كۆپ قېتىم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. ئاخىر ئىستېھكامنى قوغدىغۇچىلاردىن 250 ئادەم قالدى، لېكىن ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقماي، تەسلىم بولماي ئىستېھكامنى ئاخىرىغىچە قوغداشقا بەل باغلىدى. 1849 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىستېھكامنى ئېلىشقا ئېغىر بەدەل تۆلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئەكسىيەتچىلەر ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى شېپى كەلتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلارنى قورال تاشلاپ جەڭگاھتىن چېكىنسە، ھاياتىغا ۋە ئەركىنلىكىگە

كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ جەڭنى توختاتتى. ئاقىۋەت پادىشاھ ئارمىيەسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي بارلىق قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى. بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەلىنىڭ پۇت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سېلىندى ۋە بەرفۇرۇشقا يالاپ ئاپىرىلىپ قەتلى قىلىندى.

سەك تەبەرس قەبرىستانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇلغاندىن كېيىن بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ھەرىكىتى داۋاملىشىۋەردى. شۇ چاغدىكى رۇسىيەنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى تەشۋىشلەنگەن ھالدا: «تېھراننىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇنداق خەتەرلىك دىنىي مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار بار ئىكەن» دېدى. 1850 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بابىيە دىنى مۇرىتلىرى زەندىجان، يەزد، نىرىز قاتارلىق شەھەرلەردە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. زەندىجاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن 15 مىڭ بابىيە دىنى مۇرىتلىرى شەھەرنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، «ئادىل پادىشاھلىق» قۇردى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئومۇمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى يولغا قويدى. مۇداپىئە ئىستىھكامى ۋە كوچا توسۇقى قۇردى، زەمبىرەك، ئوق ـ دورىلارنى ياساپ ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشكە تەييارلىق كۆردى. تۇرمىدە ياتقان باب يەنە دىنىي مۇرىتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى «ئادىل پادىشاھلىق» قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بابىيە دىنى مۇرىتلىرى قوزغىلىڭىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن پادىشاھ 7 ـ ئايدا تۈرمىدىكى بابنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بابنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ 8000 ئادىمىنى يوقاتتى. كۆپلىگەن خوتۇن ـ قىزلار، ئۈسمۈرلەر ۋە ئەرلەر بىرلىكتە 30 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى بىلەن يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قانلىق

جەڭ قىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قورال تاشلاشقا قىزىقتۇرۇپ، ئاخىر زەندىجان قوزغىلىڭىنى باستۇردى.

نىرىزدىكى بابىيە دىنى مۇرىتلىرى 1850 ـ يىلى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ داۋامىدا قوزغىلاڭچىلار تاغلىق رايوننىڭ پايدىلىق يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، پادىشاھ ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاساسەن ئويلىمىغان يەردىن كېچىلىك ھۇجۇم قوزغاپ، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ قاچقۇدەك ھالىنى قويمىدى. قوزغىلاڭچىلار بىر قېتىملىق كېچىلىك ھۇجۇمدا قانۇننى بۇزۇپ پارا ئالغان ۋىلايەت ھاكىمىنى ئۆلتۈردى. ئاخىر ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ ياردەمسىز قالغان قوزغىلاڭچىلار 1851 ـ يىلىغا كەلگەندە مەغلۇپ بولدى.

1851 ـ يىلىدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، بابىيە دىنى مۇرىتلىرى يوشۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتتى. 1852 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ پادىشاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى كۆپلىگەن بابىيە دىنى مۇرىتلىرى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىندى. ئارقىدىنلا فېئودال ھۆكۈمرانلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە قولغا ئالدى، بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى زەمبىرەك ئاغزىغا باغلاپ پارتلىتىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن خوتۇن ـ قىزلار ۋە باللار بار ئىدى. بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەت فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ يىرگىنچلىك قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ئىران بابىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

1848 ~ 1852 ـ يىللىرىدىكى ئىران بابىيە دىنى مۇرىت ـ

لىرى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئاساسىي كۆچ قول ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە بىرقىسىم دېھقانلار، يەنە كۆپلىگەن ئۇششاق سودىگەرلەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار بار ئىدى. سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭـ غا رەھبەرلىك قىلدى. قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپتىن بولدى. بىرىنچى، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرـ لىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار باشتىن ـ ئاخىر دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىـ سىنى ھەل قىلىدىغان پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى، شۇڭا دېھقانلارنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلالمىدى. ئىككىنچى، قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىنىشى مۇستەھـ كەم بولماي، ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭ يەككە جەڭ قىلىش، ئۆز ئارا ياردەم قىلالماسلىق ھالىتىدە بولدى، ئاقىۋەت دۈشمەننىڭ بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۈچىنچى، قوزغىلاڭچىلار ئىستراتېگىيەدە پاسسىپ ئورۇندا تۇردى، يەنى بىرقانچە مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تەشەبـ بۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتمىدى، بولۇپمۇ كەڭ يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرمىدى، ھەتتا قوزغىلاڭ باشتىن ـ ئاخىر تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بېرىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزغىن پايتىدا بىر قىسىم كىشىلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ قورال تاشلىدى. يەنە بەزىلەر قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە قالدى. ئاخىر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، دەللال سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرى قاتلامدىكى ئايرىم كىشىلەر بابىيە دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك مەزمۇنىنى كۈچىنىڭ بارىچە يوق قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقتى، ماتا بۇ قوزغىلاڭنى ئىچكى جەھەتتىن تەۋرىتىپ

قويدى ۋە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئىران ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر نائىلاج يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بەزى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى، باش ۋەزىر مىرزا تاجى خان ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. مىرزا تاجى خان ئۈچ يىل (1848 ~ 1851) باش ۋەزىرلىك قىلغان مەزگىلدە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى. ئۇ ھەربىي جەھەتتە ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتتى، قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئۈستىخانىلىرىنى قۇردى، ھەربىي مەكتەپ ئاچتى، ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. مالىيە جەھەتتە خىيانەتچىلىك قىلمىشلارنى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ سودىسىنى قەتئىي چەكلىدى، ئەمەلدارلارنى قىسقارتىپ مائاشىنى ئازايتىش ئارقىلىق چىقىمنى تېجەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىرزا تاجى خان بىر قىسىم خان جەمەتى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ تەمىنات يېرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئاز مىقداردا تۇرمۇش تەمىناتى تارقاتتى، باش ۋەزىرگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەمىنات يېرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە مالىيە ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مەركىزىي ھاكىمىيەتنى، فېئوداللىق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ لىڭشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، مىرزا تاجى خان ئىسلاھاتى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار ۋە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىرزا تاجى خان باش ۋەزىرلىك تەختىدىن چۈشۈرۈۋېتىلدى، 1852 ـ يىلى پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، شۇنداق قىلىپ ئىسلاھات ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

شۇ چاغدا ئىران يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، فېئوداللىق سۇلالە ئەمەلىيەتتە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا قوزغىلاڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتە چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئاسىيا خەلقىنىڭ فېئوداللىزمغا، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۇلۇغ كۈرىشىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمىدۇر.

## 4 ـ بۆلۈم ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئىسلاھاتى

### 1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۈركلەر قۇرغان ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە كەڭ زېمىنغا ئىگە ھەربىي فېئودال دۆلەت ئىدى. ئاسىيادا بولسا كىچىك ئاسىيا، ئەرەب، سۈرىيە، پەلەستىن، ئىراق، ئەرمىنىيە ۋە گىروزىيەنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنى؛ ياۋروپادا بولسا ئالبانىيە، سېرۋىيە، بوسنىيە ۋە خېرزېگوۋىنا، مونتېنېگرو، بۇلغارىيە، گىرېتسىيە ۋە دۇناي دەرياسىدىكى ئىككى كىنەزلىك – مولداۋىيە، ۋالاچىيە ھەمدە قىرىم، ئازوۋ دېڭىزى ۋە قارا دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن رايونلارنى، ئافرىقىدا بولسا مىسىر، تىرىپولى، ئالجىرىيە ۋە تۇنىس قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغانىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمى بىرلىككە

كەلمىگەنىدى. ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى، يەنى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە دىنى جەھەتلەردە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيەسى جەھەتلەردە، مەركىزىي ھاكىمىيەتكە تايىنىش ئۆلچىمى جەھەتتە زور پەرقلەر بار ئىدى. تۈركلەر ئىمپېرىيە ئاھالىسىنىڭ ئاز قىسمىنى ئىگىلەيتتى، پەقەت كىچىك ئاسىيا ۋە ئىستانبۇل ئەتراپىدىكى شەرقىي زېمىنلىيە (ياۋروپا تۈركىيەسى)نىڭ بىر قىسمىلا تۈركلەر زىچ توپلاشقان رايون ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان تۈرك فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ئىمپېرىيە زېمىنىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق بىرلەشكەن دۆلەت ئىدى. ئۆزىنى «خۇدانىڭ پانىي ئالەمدىكى سايىسى» دەپ ئاتىغان سۇلتان سىياسىي ۋە دىنىنىڭ باشلىقى ھېسابلىناتتى. ھەرقايسى جايلارنىڭ باش ۋالىي(پاشا) ھەربىي ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇراتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار يېرىم مۇستەقىل فېئوداللار ئىدى. ئىسلام دىنى ئىمپېرىيەدە دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام قانۇنى ئەمر - پەرمان تۈزۈشنىڭ ئاساسى ھېسابلىناتتى. ئىسلام روھانىيلىرى ئەدلىيە ۋە مائارىپنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، غەيرىي دىندىكىلەرنى قاتتىق نازارەت ۋە كونترول قىلاتتى. خىرىستىيان دىنىدىكى دېھقانلار قوش زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. مۇسۇلمانلار بولمىغانلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان جان بېجى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ھەرقانداق بىر مۇھاپىزەتچى مۇسۇلمان بولمىغانلارغا زورلۇق ئىشلەتسىمۇ جازالانمايتتى. مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشىگە، مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش كىيىم ۋە ئاياغ كىيىپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، مەھكىمە شەرئىي «دىنسىز»لارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە

غەيرىي مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان هاقارەتلىك لەقەم بار ئىدى.
مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ ئىمپېرىيەدە سىنىپىي، مىللىي، دىنىي زىددىيەتلەر تولۇپ تاشقان، مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىغان، زوراۋان ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى كەمچىل بولمىغاچقا، پۈتۈنلەي قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرەتتى. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى چېكىگە يەتتى. شەرق تەرەپتە ئوسمان قوشۇنلىرى ئىرانغا كىرەلمىدى، دېڭىزدا يېڭى دېڭىز يولى تېپىلغانلىقى تۈپەيلىدىن دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ياۋروپادا 1529 ـ يىلى ۋېينا شەھىرىدە تۈنجى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ يەنە ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بىر يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان ۋېنگرىيەنى تالىشىشتىن ئىبارەت قىلچە نەتىجە كۆرۈلمىگەن ئۇرۇشتىن كېيىن 1683 ـ يىلى تۈركىيە ئارمىيەسى يەنە بىر قېتىم ۋېينا شەھىرىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، يەنە بۇ قېتىم ئاۋسترىيەگە ياردەمگە كەلگەن پولشا پادىشاھى يان سابىسكىي باشچىلىقىدىكى پولشا ئارمىيەسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. 1686 ـ يىلى ئاۋسترىيە، پولشا ۋە ۋېنېتسىيە تۈركىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. تۈركىيە ئارمىيەسى 1687 ـ يىلىدىكى موخاچ جېڭى ۋە 1697 ـ يىلىدىكى زېنتا جېڭىدە ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولدى. 1699 ـ يىلى كارلوۋىتس سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈنجى قېتىم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە ئىمزالىغان سۈلھى شەرتنامىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئىلگىرى ئىشغال قىلىۋالغان زېمىندىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىلىشقا باشلىدى. ۋېينا شەھىرىدىكى مەغلۇبىيەت ئىمپېرىيەنىڭ ھەربىي سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يېمىرىلگەنلىكى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك، سىياسىي

ۋە ھەربىي ئىشلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەسلەپتىلا ھەربىي فېئوداللىق دۆلەت ئىدى. تۈركىيەدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىشىچە، ئىمپېرىيە «قىلىچ بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، پەقەت قىلىچ بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتتى.» ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى داۋامىدا تارىختا ئۆتكەن سۇلتانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن ھەربىي سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى، يەنى نۇرغۇن يەرلەرنى خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەرگە سۈيۈرغال قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرگە ئىگە بولغان ھەربىي سۈيۈرغال ئىگىسى سۇلتان ئۈچۈن ئاتلىق ئەسكەر تەييارلاپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. 17 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ھەربىي سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئومۇملىشىشى دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ھەربىي خىراجىتىنى ئازايتىپ، ئارمىيەنىڭ تېز سەپەرۋەرلىككە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلغانىدى. 3000 دىن كۆپرەك «زايىم» (يىللىق كىرىمى 20 مىڭ ئاقچا ①دىن يۇقىرى بولغان سۈيۈرغال ئىگىسى) ۋە 50 مىڭدىن كۆپرەك «كىمارى» (يىللىق كىرىمى 20 مىڭ ئاقچىدىن تۆۋەن بولغان سۈيۈرغال ئىگىسى) ئىمپېرىيەنىڭ ھەربىي كۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچى ھېسابلىناتتى.

ئەڭ دەسلەپ سىپاھلار ئىگىلىۋالغان يەرلەردىن ئېرىشكەن ھەربىي ئولجا، قۇل ۋە سوۋغا ـ تارتۇقلارنى بېيىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، سۈيۈرغاللىقتىكى دېھقانلارغا قاراتقان باج ئېكسپلاتاتسىيەسىنى قوشۇمچە كىرىم قىلدى. سىرتقا قارىتا ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە تاۋار، پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، فېئوداللارنىڭ سۈيۈرغاللىقتىكى

① ئاقچا ــ شۇ چاغدىكى تۈركىيەدە ئىشلىتىلگەن كىچىك پۇل.

دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى، قالايمىقان ئالۋان ـ ياساق ئېلىشى كۈندىن ـ كۈنگە كۆچەيدى. 1528 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ھەربىر دېھقان يىلىغا تەخمىنەن 100 ئاقچا ئىجارە پۇلى تاپشۇراتتى، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە 700 ئاقچىدىن 800 ئاقچىغا كۆپەيدى. تۈركىيەدە باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى ئەۋجىگە چىققانىدى. باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئىنتايىن ئاچ كۆز بولۇپ، باج نورمىسىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى، بەزىدە بىرقانچە يىللىق بېجىنى ئالدىن يىغىۋالاتتى. جازانىخورلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ كەتكەن نۇرغۇن دېھقانلار يۇرت ـ ماكانلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مەملىكەت بويىچە تاشلىنىپ قالغان يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

سىپاھىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. ئاز ساندىكى چوڭ سىپاھىلار ھەرخىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كىچىك سىپاھىلارنىڭ يېرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ئىمپېرىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بىر ئادەم بىرقانچە يەردىن سۇيۇرغال ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنئى قىلىش بۇيرۇقى قۇرۇق رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئايرىم چوڭ سىپاھىلار 40 ~ 50 جايدىن سۇيۇرغاللىق يەر ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلارمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ۋەيران بولغان سىپاھىلارنىڭ يېرىنى سېتىۋالدى. ئۇشتۇمتۇت بېيىپ كەتكەن بۇ يېڭى پومېشچىكلار ئىگىلىۋالغان چوڭ كۆلەمدىكى يەرلەرنى شەرتسىز ھالدا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرگە ئايلاندۇرۇۋېلىپلا قالماستىن، يەنە سۇلتاننى ئاتلىق ئەسكەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدە ماھىيەتلىك تۈپكى ئۆزگىرىش بولدى.

دۆلەت خەزىنىسىنىڭ كىرىمى ئازلاپ، ئوردا خىراجىتى كۆپىيىپ مالىيەدە كىرىزىس كۆرۈلدى، بۇ سۇلتاننىڭ ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەبتۇر. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن ھەرقايسى مەزگىلدە ئۆتكەن سۇلتانلار ئۆزىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن يەرلەرنى ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىگە ئىنئام قىلىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى سودىگەرلەرگە سېتىپ بەردى. بۇ ئەھۋال ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ھەربىي ئەسىر ـ ئولجا تەمەسىنىڭ ۋەسۋەسىدە قالغان ئېكسپلاتاتور سىپاھلارنىڭ ئورنىغا دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان يېڭى فېئودال ـ پومېشچىكلار دەسسىدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى پومېشچىكلارنىڭ يەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ پەيدىنپەي يىمىرىلىشىنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى ئەسكەر مەنبەسىنىڭ قۇرۇقدىلىنىپ كېتىشىنى پەيدا قىلىپ، ئىمپېرىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئىمپېراتور سۇلايمان دەۋرىدە سىپاھىلارنىڭ ئارمىيەسى 200 مىڭ ئادەمگە يېتەتتى، كېيىن ئازىيىپ 120 مىڭ ئادەمگە چۈشۈپ قالدى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە زايىم ۋە كىمارىلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 10 مىڭ ئادەمگىمۇ يەتمەي قالدى.

ئىمپېرىيەنىڭ ھەربىي فېئوداللىق تۈزۈمى سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ قالدى. ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى دىققەت ـ ئېتىبارىنى ھەربىي تالان ـ

تاراج قىلىشقا ۋە ئاھالىلەردىن باج شىلىۋېلىشقىلا قارىتىپ، سودا ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى دېڭىز يولى ۋە يېڭى قۇرۇقلۇقنى تېپىشى ئىمپېرىيەنىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە بولدى. شەرق ـ غەرب سودىسىنىڭ مونوپوللۇق ھوقۇقى پەيدىنپەي مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ قولىدىن ياۋروپالىق سودىگەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1625 ـ يىلى ئۆمەر تالىب، «ئىلگىرى ھىندىستان، سىند ۋە جۇڭگونىڭ ماللىرى قائىدە بويىچە ئاۋۋال سۈۋەيشكە توشۇلۇپ كېلىنەتتى، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلاتتى. لېكىن، ئەمدى بۇ ماللار پورتۇگالىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنىپ، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئىشقىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولمىغان ماللارنى ئىستانبۇل ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىگە ئەكېلىدۇ ۋە بەش ھەسسە قىممەت باھادا سېتىپ قاتتىق بېيىپ كەتتى» دەپ يازغانىدى. ئاقىۋەت، تاشقى سودا پۈتۈنلەي دېگۈدەك چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ فىرانسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە كۆپلىگەن ئىمتىيازلارنى بەردى، مەسىلەن، ئۇلار كىرگۈزۈلگەن ماللاردىن بىر قېتىمدا 5% تاموژنا بېجى ئالدى. ئەكسىچە، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سودىگەرلىرى كىرگۈزگەن ماللىرى ئۈچۈن 10% تىن 21% كىچە تاموژنا بېجى تاپشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا ۋە قاراقچىلارچە بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

ياۋروپالىق سودىگەرلەر ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەرزان كۈمۈشلىرىنى ئىمپېرىيەگە كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، تۈركىيەنىڭ مالىيەسىگە قاتتىق زەربە بەردى. چەت ئەلنىڭ تەڭگىلىرى تۈركىيەنىڭ تەڭگىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئوبوروت ساھەسىدىن

سىقىپ چىقاردى. كۈمۈش باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئالتۇن باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، تۈركىيە خام ئەشيالىرى باھاسىنىڭ چۈشۈشى تۈپەيلىدىن ياۋروپا سودىگەرلىرى تۈركىيەنىڭ خام ئەشيالىرى ۋە ئېكسپورت قىلىش مەنئى قىلىنغان دانلىق زىرائەتلىرىنى كۆپلەپ سېتىۋالدى.

ئۇرۇش، ھەربىي خىزمەت ۋە فېئوداللارنىڭ ۋەھشىيانە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى يېزىلاردىكى ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ۋەيران قىلىۋەتتى. شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىنىڭ خىلمۇخىل ئاسارىتىگە ئۇچراپ، قورال ـ سايمان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر ـ تېخنىكىلار بەكمۇ ئارقىدا قالدى. ياۋروپا تاۋارلىرى رىقابىتى ئارقىسىدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قول ھۈنەرۋەنلەر ۋەيران بولۇپ كەتتى. قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە كېمىسازلىق قاتارلىق ھەربىي لاۋازىماتلىرىغا ئالاقىدار ئورۇنلارمۇ ھوشىغا كېلەلمىدى. كۆپ ساندىكى كانلار تاشلىنىپ قالدى، ئۇنى ئېچىشنى كۆتۈرە ئالىدىغانلار چىقمىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ تۈشمۇ تۈشتىن خەۋپ ئىچىدە قالدى.

## 2. بادرونا خەلىل قوزغىلىڭى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ كىرىزىسى

سۇلتان ئەخمەد Ⅲ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلى (1703 ~ 1730) فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى چىرىكلىشىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. پايتەخت ئىستانبۇلدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كاتتا بەگ ـ ئېسىلزادىلەر ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، خەلقتىن شىلىۋالغان بايلىقلارنى ئويۇن ـ تاماشا، كۆڭۈل ئېچىشقا بولۇشىچە سەرپ قىلدى. سۇلتان ئەخمەت Ⅲ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى ئۇرغۇن دېھقان، قول سانائەتچىلەرنى مەجبۇرلاپ ئۆزلىرى ئۈچۈن

ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي، داچىلارنى سالدۇردى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك كاتتا زىياپەتكە قاتنىشىش، شىكارغا چىقىش ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش بېرىلىپ كەتتى. ئاقسۆڭەكلەر بەس ـ بەستە كۈركۈمگۈلى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق باغچە، ھويلا ـ ئاراملىرىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇنداق ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنتايىن نامرات ئىكەنلىكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئىستانبۇلدا تەخمىنەن 600 مىڭ نوپۇس بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ئۇلار ھەربىي لاۋازىمەتلىكلىرى ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنە بىر قىسمى مەدىكار بولۇپ ئىشلەيدىغان دېھقانلار ۋە مۇساپىرلار ئىدى. ئالۋان ـ سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى، يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، جازانىخورلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى ئەمگەكچى ئاممىنى ئاچارچىلىق گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى، ئاخىر ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپقا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. 1730 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئالبان پادرونا خەلىل رەھبەرلىكىدە ئىستانبۇلدىكى قول ھۈنەرۋەن، كەمبەغەل، ئۇششاق سودىگەر ھەمدە قوغدىغۇچى قاتارلىق 3000 ئادەم ئەيت ـ مېدان مەيدانىغا يىغىلىپ، سۇلتان ئەخمەد III دىن خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە قالغان ۋەزىر، ئىلاھشۇناس ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى سوتلاشقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن قورال ـ ياراغلارنى قولغا چۈشۈردى. باش ۋەزىر ئىبراھىم سۇلتانغا ئوردىدىكى قوغدىغۇچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن سۇلتان ئەخمەد III قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پايتەختتىكى پۈتكۈل قوغدىغۇچىلار قوزغىلاڭغا قاتناشتى،

شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 12 مىڭغا يەتتى. قوزغىلاڭ كۆلىمىنىڭ تېز كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى قۇربان قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، باش ۋەزىرى ئىبراھىم ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى قوزغىلاڭچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەخمەد III تەختىنى جىيەنى مەخمۇد I گە مەجبۇرىي ئۆتۈنۈپ بەردى. ھۆكۈمرانىنىڭ ئازغىنە پول قويۇشى قوزغىلاڭچىلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. بادرونا خەلىل قاتارلىقلارنىڭ ساددا قارىشىچە، بارلىق بالايىئاپەتنى شەپقەتسىز سۇلتان ۋە ئۇنىڭ خۇشامەتچى ۋەزىرلىرى پەيدا قىلغانىدى، «رەھىمدىل»پادىشاھ تەختكە ئولتۇرسىلا، مۇستەبىتلىك ۋە بالايىئاپەتلەر ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كېتەتتى. يېڭى سۇلتان قوزغىلاڭ رەھبىرىنىڭ ھوشيار ئەمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بادرونا خەلىل قاتارلىقلار ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي يىغىنغا تەكلىپ قىلىنىپ، بىردەمدىلا ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئارقىدىنلا سۇلتان قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. بىر كۈن ئىچىدىلا 400 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى. 1731 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 300 نەپەر قوغدىغۇچىلار يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛ 8 ـ ئايدا، سۇلتانغا قارشى مەخپىي سۇيىقەستىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ھۆكۈمەت مەخپىي سۇيىقەستكە قاتناشقان 300 ئادەمنى ئۆلتۈردى. 1730 ~ 1731 ـ يىللىرى پايتەختتىكى خەلقنىڭ قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ قىل ئۇستىدە قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ

بەردى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى. ئەرەب ئەللىرى، ئەرمەنىيە ۋە كاۋكازا قاتارلىق جايلاردىمۇ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى قانات يايدى، جۈملىدىن 1769 ـ يىلى ئەلى بېي رەھبەرلىكىدىكى مىسىر خەلقى قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولدى. 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئالبانىيە، سۇرىيە، ئەرمەنىيە، گىرۇزىيە، بالقان ھەمدە ئاناتومىيە قاتارلىق رايونلاردا قوزغىلاڭ يۈز بەردى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى دۇچ كەلگەن كىرىزىس ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بەزى جايلارنىڭ باش ۋالىيلىرى سۇلتاننىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىۋالدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان جانىنانىڭ باش ۋالىيسى ئەلى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئېپىروسنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋالدى، ۋىدىننىڭ باش ۋالىيسى ئوسمان پازاۋانت ئوغلۇ دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بېلگرادتىن دېڭىز بويىدىكى كەڭ رايونلارغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا قىسمى، مىسىر، ئالجىرىيە، تۇنىس، ئىراق، سۇرىيە رايونلىرىدىكى فېئوداللارمۇ مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل بەگلىك بولىۋالدى، ھەتتا كىچىك ئاسىيا ۋە رۇمىلىيەدىمۇ كۆپلىگەن «تاغ – جىلغا پادىشاھى» بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى كونترول قىلىپ سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى، ئاخىر مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارغا يول قويۇش، مۇرەسسە قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

مەسىلەن، زانىكنىڭ باش ۋالىيسى ئەلىنىڭ 1000 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. ئۇ ئون كۈن ئىچىدىلا 60 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن تويلاپ، كۆپلىگەن يەر ۋە نەچچە مىڭ تۇياق چارۋا مالنى ئىگە بولىدى، ئەمەلىيەتتە كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۆت ئۆلكىنى ئىگىلىۋالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سۇلتاننىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى پەقەت پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى كونترول قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى گۇمران بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا ئەگىشىپ، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر «تۈركىيە مىراسى»غا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «شەرق مەسىلىسى» پەيدا بولدى.

تۈركىيەگە ئالدى بىلەن كۈچلۈك قوشنىسى رۇسىيە كۆز تىكتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، رۇسىيە ئازوۋ، قىرىم، كۇبان، بۇگ دەرياسى ۋە دىنېستىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركىيەنىڭ زېمىنى كۈندىن ـ كۈنگە كىچىكلەپ، دۆلەت كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى.

فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپادىكى بارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر 18 ـ ئەسىردە تۈركىيەنى «ئىمتىياز شەرتنامىسى» تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. بۇ شەرتنامىلەردە ئۆزى تۈرۈۋاتقان جايدىكى قانۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئىمتىيازى، ئالاھىدە ئېتىبارلىق سودا قىلىش شەرتى بەلگىلەندى، بۇ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى زېمىنىدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنى مۇستەملىكە، قۇل قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

## 3. فېئودال ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىسلاھاتى

ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىقتا قالغان ۋە تۇشمۇتۇشتىن خەۋپكە دۇچ كەلگەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئىمپېرىيەنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، «دۆلەتنى بېيىتىپ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» يولىدا ماڭماقچى بولدى. بۇ ئىسلاھات ئىسلاھاتچىلار بىلەن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قايتا ـ قايتا، ئەگرى ـ توقاي كۈرەش قىلىشلىرىنى باشتىن كەچۈردى. ئىسلاھاتچىلار ياۋروپا بۇرژۇئازىيە ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم فېئودال ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە كېيىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچى ئاساسلىقى ئىمتىيازغا ئىگە چوڭ فېئوداللار، قوغدىغۇچىلار ۋە ئىسلام شەيخلىرى ئىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىقىقا يۈز تۇتۇشى ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي ئورنى دۆلەتنىڭ گۈمران بولۇپ كېتىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، ئۇلار پەقەت بۇ كىرىزىسنىڭ تاشقى ئىپادىسىنىلا، مەسىلەن، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ كېتىشى، ھەربىي ئىشلاردىكى مەغلۇبىيەت، قوغدىغۇچىلارنىڭ توپىلىڭى، پادىشاھنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىشى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى پارىخورلۇق قىلىش ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش، كۆپلىگەن زېمىننىڭ بۆلۈپ بېرىلىشى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلارنى ھېس قىلالىتتى. ئۇلار ھەربىي تېخنىكا، مەمۇرىيەت ۋە مالىيە

جەھەتلەردە بەزى تەدبىر ۋە ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىمپېرىيەنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇرۇندى.

تۈركىيە ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىچىدە سانائەت ئىنقىلابى بولغان دۆلەتلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان دۆلەت ئىدى. تۈركىيە ئەڭ دەسلەپ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە خاراكتېرلىك زامانىۋىلىشىشنى قانات يايدۇردى، يەنى ئەنگلىيە، فرانسىيەنىڭ ئىلىم - پەن، تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ دۆلەت كۈچىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق فېئوداللىق ئىمپېرىيەنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. تۇنجى قېتىم ئىسلاھاتنى سىناق قىلغان سىياسىيون دامەد ئىبراھىم ئىدى. ئۇ 1718 - يىلىدىن 1730 - يىلىغىچە ۋەزىر بولغان مەزگىللىرىدە پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىگە «مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تەدبىرلەرنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ھەمدە شۇ تەدبىرلەر ئىچىدە تۈركىيەگە قوللىنىشقا بولىدىغانلىرىنى دوكلات قىلىش» ھەققىدە يوليورۇق بەردى. 1727 - يىلى كونستانتىنوپولدا باسما زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، تۈركچە ھەرخىل كىتابلار بېسىلدى. باسما زاۋۇتى 1742 - يىلى پېچەتلىۋېتىلگەنگە قەدەر 17 قىسىم كىتاب نەشر قىلدى. 1720 - يىلى پايتەختتە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى. دېڭىز ئارمىيەسىمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 1734 - يىلى گېئومېترىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. توپچى قىسىم ئوفىتسېرلىرى مەشىق قىلدۇرۇلدى، ئەمما قوغدىغۇچىلار پولكى قارشى چىققانلىقتىن، ئىشىكمۇ تېزلا تاقىۋېتىلدى. ئاساسىي مەقسەتكە مۇناسىۋەتسىز بۇ ئىسلاھاتلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىغا ئۇنچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسەتەلمىدى.

تۇنجى قېتىم ئىسلاھاتنى رەسمىي يولغا قويغان ئادەم سەلىم Ⅲ (1789 ~ 1807) ئىدى. ئۇ 1792 - يىلىدىن 1796 - يىلىغىچە بىر قاتار ئەمر - پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ھەربىي

مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلغان ۋاسساللارنىڭ چوڭ ـ كىچىك سۇيۇرغاللىرىنى مۇسادىرە قىلدى، دېڭىز ئارمىيەسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، ياۋروپا ئۇسۇلى بويىچە مۇنتىزىم قوشۇننى مەشىق قىلدۇردى، يېڭىچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى ۋە دېڭىز ئارمىيە مەكتىپى قۇردى، «12 كىشىلىك كومىتېت» تەشكىللەپ باش ۋەزىرنى نازارەت قىلدى، مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىپ تاماكا، هاراق، قەھۋە ۋە باشقا تاۋارلاردىن باج ئالدى، چەت ئەلگە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچى ئەۋەتتى ۋە باشقىلار. بۇ ئىسلاھاتلار بيۇروكرات ئاقسۆڭەك، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار ۋە قوغدىغۇچى ئوفىتسېرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1794 ـ يىلى ۋىدىننىڭ باش ۋالىيسى ئوسمان پازۋانت ئوغلۇ سەلىم Ⅲ نىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى قورallىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سۇلتاننى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 1806 ـ يىلى قوغدىغۇچىلار رۇمېلىيەدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، يېڭى ئارمىيە تەشكىللەشكە قارشى چىقتى. ئاخىر سۇلتان ئامالسىز رۇمېلىيەدە «يېڭى تۈزۈم»نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. 1806 ـ يىلى رۇسىيە تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. «يېڭى تۈزۈم»گە قارشى فېئوداللار ئىسلاھاتچىلار ۋەزىرى ۋە قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 1807 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قوغدىغۇچىلارنى پايتەختتە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. بەيگە مەيداندا باش ئىشتاب قۇرۇپ، ئىسلاھاتچىلار ۋەزىرىنى ئۆلتۈردى، سەلىم Ⅲ نى سۈرگۈن قىلدى. يېڭى سۇلتان مۇستافا ئىسلاھاتچىلارغا ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىپ، كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

سەلىم Ⅲ نىڭ ئىسلاھاتى مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۇگوسلاۋىيە خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1804 ـ يىلى سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان گېئورگىي پېتروۋىچ

رەھبەرلىكىدە سېربىيەدە خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. دەسلەپ سېربىيە خەلقى قوغدىغۇچىلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئەركىن سايلاش ھوقۇقى ۋە باجنى كېمەيتىشنىلا تەلەپ قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. 1805 - يىلى 9 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار سېربىيە مەمۇرىي كومىتېتىنى قۇرۇپ تۈركىيەلىكلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ئازاد قىلغان زېمىننى ئىدارە قىلدى. 1806 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قوزغىلاڭچىلار ئەڭ ئاخىرقى قورغان بېلگرادنى ئىشغال قىلىپ، تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش تەلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. سەلىم III باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇن كۆپ قېتىم پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1812 - يىلى سۇلتان ھۆكۈمىتى سېربىيە خەلقىگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن سۇلتان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي 1813 - يىلى سېربىيەگە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم قىلدى ۋە سېربىيەنى بېسىۋالدى. قۇل بولۇشقا تاقىتى قالمىغان سېربىيە خەلقى 1815 - يىلى يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلغان جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش ئاخىر سۇلتان ھۆكۈمىتىنى يەنە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1830 - يىلى 8 - ئايدا سۇلتان يارلىق چۈشۈرۈپ، سېربىيەنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە كىنەز سايلاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن بەگ - ئەمەلدارلار سۇلتاننىڭ بېلگراد قاتارلىق شەھەرلەردە قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىشى شەرت ئىدى.

سېربىيە قوزغىلىڭىدىن كېيىن، يەنى 1821 - يىلى گىرېتسىيە قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1830 - يىلى گىرېتسىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى.

بالقان ۋە گىرېتسىيەدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى تۈركىيەنىڭ فېئودال گۈرۈھىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئىسلاھاتچىلار يەنە باش كۆتۈرۈپ، قوغدىغۇچى

ئارمىيەنى يوقىتىش ۋە يېڭى ئارمىيە قۇرۇش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى، ھەتتا بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلارمۇ قوغدىغۇچى ئارمىيەنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى، پەقەت ياۋروپانىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئارمىيەنى قۇرۇپ چىققاندىلا، ئىمپېرىيەنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىسلاھاتچىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سۇلتان مەخمۇد II 1826 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېڭى ئارمىيە قۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، يېڭى ئارمىيەنى مەشىقلەندۈرۈش ئۈچۈن مىسىردىن ئوفىتسېر تەكلىپ قىلدى. سۇلتان مەخمۇد II قوغدىغۇچى ئارمىيە چوقۇم قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلاپ سۇلتاننىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدىكى زەمبىرەكچى قىسىمنى پايتەختكە يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئە تەييارلىقىنى كۆردى. دەرۋەقە، قوغدىغۇچى ئارمىيە 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىسيان كۆتۈردى، زەمبىرەكچى قىسىم ئۇلارنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى. قانلىق جەڭ بىرنەچچە كۈن داۋام قىلىپ، قوغدىغۇچى ئارمىيە مەغلۇپ بولدى، بىرقانچە مىڭ جەسەت مەرمەر دېڭىزى ۋە بوسپورۇس دېڭىز بوغۇزىنى بىر ئالدى. بۇ قېتىمقى شىددەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، سۇلتان قوغدىغۇچى ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىشنى رەسمىي جاكارلىدى. قوغدىغۇچى ئارمىيەنىڭ يوقىتىلىشى خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئەڭ ۋەھشىي فېئودال زومىگەر كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغىنى بىلەن، ئەمما ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ چىرىكلىشىش ۋە گۇمران بولۇش مۇساپىسىنى توسۇپ قالالمىدى.

مەخمۇد II يەنە بىر مۇھىم ئىسلاھاتنى يولغا قويدى، يەنى ئۇ 1831 ـ يىلى ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، چوڭ ـ كىچىك سۇيۇرغاللارنى ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، ئەمما يەر بېجى ئالىدىغان خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. سىپاھىلارنى

پىنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا جەمئىي 75 مىڭ فوندستېرلىڭ كۆتۈنۈش پۇلى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ يەرلىرى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىنى سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى.

مەمۇرىي جەھەتلەردە، مەخمۇد II ياۋروپا دۆلەتلىرىنى دوراپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى بىۋاسىتە سۇلتانغا بېقىنىدىغان تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئۆلكە باشلىقى ۋە ناھىيە ئامبالىلىقىغا مۇلكىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى.

ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە ئىچكى جايلاردىكى ئۆتكەللەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى، پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ گېزىت تارقاتتى، ئىلگىرى توختاپ قالغان ھەربىي مەكتەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى، چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، ھەربىي دوختۇر مەكتىپى، ھەربىي ئاكادېمىيە ۋە ئىمپېرىيە مۇزىكا مەكتىپى قۇردى.

1831 ~ 1833 ـ يىللىرى ۋە 1839~ 1840 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق تۈركىيە ـ مىسىر ئۇرۇشىدا سۇلتاننىڭ ئارمىيەسى مىسىرنىڭ يېڭى ئارمىيەسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇڭا، تۈركىيەدىكى فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى ياۋروپانىڭ تەربىيەسىنى ئالغان ئەمەلدارلار مەخمۇد II نىڭ ئىسلاھاتى ئىمپېرىيەنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، دەپ قاراپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىسلاھاتچىلارنىڭ رەھبىرى 1839 ـ يىلى مۇستاپا رەشىد پاشانى تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. تۈركىيە ئارمىيەسى ئىككىنچى قېتىملىق تۈركىيە ـ مىسىر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر

تەھدىتكە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇستافا رەشىد پاشا سۇلتان ئابدۇل مەجىدنىڭ يېڭى ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشى توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇستافا رەشىد پاشا خان ئوردىسىنىڭ باغچىسىدا ۋەزىر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ئەلچىلىرىگە ئۆزى تۈزگەن بۇيرۇق، يەنى «شاھ باغچىسىدىكى بۇيرۇق»نى ئوقۇدى. ئىمپېرىيەدىكى پۈتكۈل خەلقنى دىنىي ئېتىقادى بويىچە ئايرىماي ئۇلارنىڭ بىردەك جىسمانى، نام ـ ئاتاق ۋە مال ـ مۈلكىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇقىم باج نىسبىتىنى بېكىتىپ، باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى؛ مۇۋاپىق ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتىنى بەش يىل قىلىپ بېكىتتى. بۇيرۇقتا ئەمەل سېتىپ بايلىق توپلاش ۋە خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش قىلمىشلىرى ئەيىبلەندى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. كېيىن مۇستافا رەشىد پاشانىڭ پىلانى بويىچە سوت مەھكىمىسىنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى، ھەربىي ۋە مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرۇلۇق بىر قاتار پەرمانلارنى چۈشۈردى.

رەشىد پاشا ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مائارىپنى ئىسلام دىنىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا تىرىشتى. 1845 ـ يىلى ۋاقىتلىق مائارىپ كومىتېتى تەسىس قىلىپ، مائارىپ ئىسلاھاتى لايىھەسىنى تۈزۈپ بېكىتىشكە مەسئۇل قىلدى. 1848 ـ يىلى چوڭ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مائارىپ تۈزۈلمىسىنى رەسمىي بېكىتتى. 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە كۆپلىگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى، يەنە ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تۈركىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلدى.

1839 ـ يىلىدىكى «شاھ باغچىسىدىكى بۇيرۇق»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان يېڭى ئىسلاھات تۈركىيە يېقىنقى زامان تارىخىدا «تەنزىمات» دەپ ئاتالدى. بۇ قېتىم ئىسلاھات ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمدىكىسىگە ئوخشىمايدۇ، يەنى بۇ قېتىمقى ئىسلاھات تۈركىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرى فېئوداللار گۇرۇھىدىن بولۇپ، مەقسىتى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. تۈركىيە بۇرژۇئازىيەسى تېخى مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنمىگەن، ئىسلاھاتتىدا مۇستەھكەم بولغان يېڭى سىنىپىي ئاساس كەمچىل ئىدى. فېئوداللار گۇرۇھى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈر دەپ قارىدى. زور كۆپچىلىك شەيخلەر، فېئوداللار ئىسلاھات ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، نۇرغۇن تەدبىرلەرنى يولغا قويغىلى مۇمكىن بولمىدى. غەربىتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تۈركىيەدىن ئىبارەت چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كىرىش مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالغاچقا، ئىسلاھاتقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقتى. بۇ ئامىللار ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ جان تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭلا كۈچىگە تايانغان بىلەن ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، ئاخىر ئوسمان ئىمپېرىيەسى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە بۆلۈشۈۋالىدىغان «يېقىن شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى»گە ئايلىنىپ قالدى. تۈركىيە قىرىم ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما باراۋەر بىر ئەزا سۈپىتىدە يىغىنغا قاتنىشالمايتتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، يەنى

1856 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۇلتان يارلىق چىقىرىپ 1839 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتنىڭ تۈرلۈك پىرىنسىپلىرىنى قايتا بايان قىلدى ۋە پارىژ سۇلھى شەرتنامىسىگە كىرىپ تۈركىيە هۆكۈمىتى سۇيىتىدە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1856 ـ يىلىدىكى يارلىق كۆرۈنۈشتە «تەنزىمات»نى داۋاملاشتۇرغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى قۇل قىلىشتىكى بىر سىرتماق ئىدى. يارلىقتا چەت ئەللەرنىڭ تۈركىيەدە كۆچمەس مۈلۈك ئىگىلىشىگە رۇخسەت قىلىندى، ياۋروپانىڭ يەن ـ تېخنىكىسى ۋە كاپىتالىدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، تۆمۈريول ياساش، بانكا قۇرۇش ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بەلگىلەندى. 1856 ـ يىلى ئوسمانىيە بانكىسى قۇرۇش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈلدى، 1863 ـ يىلى مەزكۇر بانكىنىڭ ئىسمى ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسى بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ بانكا ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت كاپىتالى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغىنى بىلەن، پۇل تارقىتىش ۋە باج تۆلىمەسلىك قاتارلىق هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولدى. بۇ بانكا ئۆزىنىڭ مونوپوللۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ تۈركىيەنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سودىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. 1858 ـ يىلى يېڭى يەر قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تولۇق هوقۇقلۇق يەر ئىگىسىگە ئايلاندى. پومېشچىكلار ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە مەدىكارلارنى ئۆز مەيلىچە باشقۇردى. يەنە چەت ئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەدە يەر ئىگىلەش هوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈلدى. قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەنە چەت ئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەدە يەر ئىگىلەش هوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈلدى. قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئوسمان ئىمپېرىيەسى خىراجەت غەملەش ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئەنگلىيە،

فىرانسىيەلەردىن قەرز ئالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تۈركىيەنىڭ مالىيە ئەھۋالى كۈنسېرى يامانلىشىپ كۆپ قەرزگە بوغۇلدى، 1870 ـ يىلىغا كەلگەندە قەرزى 2 مىليارد 500 مىليون فىرانكقا يەتتى. فېئوداللار گۇرۇھى تاموژنا بېجى قاتارلىقلاردىن ئىگە بولغان كىرىمىنى رەنىگە قويدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىقتىسادىي ئورۇنلارمۇ چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قېلىپ، تۈركىيەنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ئون بەشىنچى باب

# 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئافرىقا

17 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر فېئوداللىق تۈزۈمدىن كاپىتالىستىك تۈزۈمگە بولغان ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئافرىقا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىش نىشانىغا ـــ قۇل سودىسى مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. سانائەت ئىنقىلابى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، بۇرژۇئازىيە قارا تەنلىكلەرنى قۇل ئورنىدا سېتىشنىڭ ئافرىقا خەلقىنى قۇل قىلىشقا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئافرىقىنى تاۋار بازىرىغا ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىسىدا، ئافرىقا خەلقى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مىللىي غۇرۇر ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا جەڭ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ مىللەتنى ھالاكەتلىك خەۋپتىن قۇتقۇزماقچى بولدى. بۇنىڭدا مىسىردىكى مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى يول ئېچىپ بەردى.

# 1 ـ بۆلۈم  قارا تەنلىكلەرنى سېتىش

## 1. يېقىنقى زامان باشلانغان مەزگىلدىكى ئافرىقا

كاپىتالىزم تۈزۈمى ياۋروپادىكى چىرىكلەشكەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى باسقان مەزگىلدە، ئافرىقا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. لېكىن، مۇستەملىكىچىلەر بەزى ئاراللارنى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تايانچ پونكىتلارنى بېسىۋالغانىدى، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر يەنىلا بېكىنمىچىلىك ھالەتتە ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىۋاتاتتى.

ئۇ چاغدا ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز ئىدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر، لىۋىيە، ئالجىرىيە، تۇنىس ۋە ماراكەشلەر تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر ئىدى. مىسىرنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى ۋە نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر، مەسىلەن، ئالېكساندىرىيە، قاھىرەلەردە سودا ـ سانائەت گۈللەنگەن ھەمدە ياۋروپا، ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئە بىلەن بولغان سودىمۇ روناق تاپقانىدى.

ئېفىيوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى فېئوداللىق تۈزۈم يېتەكچى ئورۇندا ئىدى. شەرقىي ئافرىقا، غەربىي ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان، يەنە بەزى دۆلەتلەر قۇللۇق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بانتۇلار، كويسانلار يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچىدا ياشاۋاتاتتى.

1415 ـ يىلى پورتۇگالىيە سېۋتانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئافرىقا مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ نىشانى بولۇپ

قالـدى. لېكـىن، يېقىـنقى دەۋرنىـڭ باشلىـنىشـىـنىڭ ئـالـدى ـ كەينىـدە پورتۇگالـىيەنىـڭ مۇستەمـلىكـىچىلـىـك زوراۋانلىـقى زاۋاللىقا قاراپ ماڭغانىدى. 1578 ـ يىلى پورتۇگالىيە پادىشاھى سېباستىيان 30 مىـڭ كـىشىـلىـك چـوڭ قـوشـۇننى بـاشـلاپ ماراكەشكە جازا يۈرۈشى قىلدى، ئاقىۋەت پـورتۇگالـىيە قوشۇنـى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، پادىشاھ سېباستىيانمۇ مىخاسىق دەرياسىـدا تۇنجۇقۇپ ئۆلـدى. شۇ قېتىـمقى جـەڭدە پورتـۇگـالـىيـە ۋەيـران بولدى، ماراكەش سېـۋتا ۋە تانگىـردىن ئىـبارەت ئىككى جايدىـلا پورتـۇگالـىيـەنىڭ ئافـرىقىدىكى تەرەپ ـ تەرەپكە جازا يـۈرۈشـى قىلىدىغان ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

گولـلاندىيە، ئـەنگلـىيە ۋە فىرانسىيەلـەر پورتۇگالـىيەنىـڭ زاۋاللىقا يۈزلەنگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىـنىپ، ئۇنىـڭ غەربىـي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى كۆپلىگەن مۇسـتەملىـكە تايانچ پـونكىتـلىرىنـى تارتىۋالـدى. 1595 ـ يىلى گـوللاندىيەلىكلـەر پورتـۇگالـىيـە دېڭىز ئـارمىيەسىنىڭ مـۇھاسىـرىسىنـى بـۇزۇپ تاشلاپ، تۇنجى بولۇپ ئالتۇن دېڭىز قىرغىقىـغا يېـتىپ كەلـدى. 1589 ـ يىلى مورىب، بۇترى، كـومانىيەن ۋە كـېيىنـىـدا قاتارلـىق جايلاردا ئايرىم ـ ئايـرىم سودا پونـكىتلـىرىنى قـۇردى. 1637 ـ يىلى گوللاندىيە قوشۇن تەشكىللەپ، توققۇز ئۆرۈش كېمىسـى ۋە 200 دىـن ئارتۇق قېـيىقنـى ئىشقـا سېلىـپ، پورتۇگالـىيەنـىـڭ غەربىي ئافرىقىدىكى ئاساسلىق مۇستـەملىكـە تايانچ پـونكىتـى ئېلمىنانى بېسىۋالـدى، پورتۇگالـىيەنىـڭ گارنىزونـى تەسلىـم بولـدى. كـېيىـن گـوللاندىـيـە يەنـە ئـاكىـىم ۋە بـاشقا تـايـانچ پونكىتلارنى تارتىۋالدى.

ئەنگلـىيە، فىـرانسىيـەمۇ غەربىـي ئافرىقىغا پائال سىڭىـپ كىردى. 1618 ـ يـىلى ئەنـگلـىيـە پورتۇگـالـىيەنـىـڭ قولىـدىـن گامبىيە دەريا ئېـغىزىدىكى سانتـا مارى كەنتـىنى تارتـىۋېلىـپ، جامـېس قورغىـنىنى قـۇردى. 1631 ـ يىلى ئـەنگلـىـيە ئالـتۇن قىـرغـاق بويـىـدا كـەرمانـدىـنـى بـەرپـا قـىلـدى. ئـەنگلـىـيـە،

گوللاندىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى داۋامىدا، يەنى 1642 ـ يىلى گوللاندىيە دېڭىز قىرغىقى تۆمشۇقىنىڭ سىرتىدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئالتۇن قىرغاق بويىلىرىدىكى تايانچ پونكىتلىرىنى تارتىۋالدى. فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى سېنېگال بولدى، ئۇلار سايىنت لۇئىس قورغىنىنى ياسىدى، 1677 ـ يىلى گوللاندىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن گولېيئېنى تارتىۋالدى.

پورتۇگالىيە بۇ قېتىمقى مۇستەملىكىچىلىك رىقابەت داۋامىدا غەربىي ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى كونتروللۇقىنى يوقاتتى، لېكىن مادالا، ۋېرد تۇمشۇقى ۋە سان تومې ـ پىرىنسىپې قاتارلىق ئاراللارنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پورتۇگالىيە ئانگولانىڭ ئايال پادىشاھى ئانزىنگا رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، ئانگولانىڭ ئىچكى جايلىرىغا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى كۈچەيتتى ۋە ئانگولانى يېڭى «چوڭ قول زاۋۇتى»غا ئايلاندۇرۇشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى.

شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويىدىكى خەلقلەر پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. 1631 ـ يىلى سۇلتان مۇنباسۇ خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پورتۇگالىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. ئۇ قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ يېسۇ قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى. پېمبا ئارىلى ۋە شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدىكى باشقا شەھەر ـ يېزىلار مۇنباسۇنىڭ سۇلتانىغا بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى. پورتۇگالىيەگە قارشى ھەرىكەتلەر بىرقانچە قېتىم يۇز بەرگەندىن كېيىن، يەنى 1498 ـ يىلىغا كەلگەندە پورتۇگالىيە مۇنباسۇدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئىككىنچى يىلى رووۋما دەرياسىنىڭ شىمالىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ موزامبىككە قاپسىلىپ قالدى. پورتۇگالىيە ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالغان

پەيتتە، گوللاندىيە 1638 ـ يىلى ماۋرىتىئۇس ئارىلىنى بېسىۋالدى، 1652 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلاپ، ئۈمىد تۇمشۇقى مۇستەملىكىسىنى قۇردى. فىرانسىيە ماداقاسقار ئارىلىغا سىڭىپ كىرىپ تۇنجى تۇركۇمدىكى سودا پونكىتلىرىنى قۇردى.

پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي، غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا قورغان ئىستىھكاملىرى ۋە سودا پونكىتلىرى ئۇلارنىڭ جىنايى قۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تايانچ پونكىتلىرى، شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردە ئافرىقىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتا پايدىلىنىدىغان بازىسى ئىدى.

## 2. قۇل سودىسىنىڭ راۋاج تېپىشى

پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ئاۋانگارتى، شۇنداقلا يېقىنقى زاماندىكى «ئىنسانلارنىڭ قېنى بىلەن گۆشنى ساتىدىغان»① كەسىپنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. قۇل سودىسى 15 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى باشلاندى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى فېئودال چوڭ پومېشچىكلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ياكى قارا تەنلىك قۇللاردىن ئىبارەت ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ سان تومۇ، مادلا ۋە ۋېرد تۇمشۇقى قاتارلىق ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئاراللاردا ئېكىنزارلىق ئېچىپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 15 ـ ئەسىردە قارا تەنلىكلەرگە ئىگە بولۇش ۋە ئۇلارنى سېتىشنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس ئىدى، شۇ چاغدا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئالتۇن، خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى تالان ـ

① ماركس: «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە قۇل سودىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 12 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 545 ـ بەت.

تاراج قىلىشنى بوش ۋاقىتلىرىدىكى قوشۇمچە كەسپى ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھەريىلى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىن تەخمىنەن 5000 قارا تەنلىكلەر ياۋروپا ۋە غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئاراللارغا توشۇلۇپ تۇردى.

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ قارا تەنلىك قۇللارنى ئوۋلاش ۋە سېتىش كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، قارا تەنلىك قۇللارنى سېتىشنىڭ «گۈللەنگەن» مەزگىلى بولدى. چۈنكى، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئىندىيانلارنى قىرغىن قىلدى، ئاقىۋەت غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بەزى رايونلارنى جەسەتلەر بىر ئالدى، نوپۇسمۇ كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتتى، ئۇلار ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مول كان بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش، مۇنبەت يەرلەرنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقىنى قاتتىق ھېس قىلدى. پۇل دېسە جان بېرىدىغان ئاقسۆڭەك سودىگەرلەر جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنى ئامېرىكا قىتئەسىگە يۆتكەپ ئاپارسا ھەم ئەمگەك كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، ھەم ئازغىنا دەسمايە بىلەن چوڭ پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قۇللۇق ئېكىنزارلىق تۈزۈمى ئىنتايىن شەپقەتسىز ئىدى. قۇللۇق ئېكىنزار خوجايىنلىرى قارا تەنلىك قۇللارنىڭ قان ـ تەرىدىن ئىگە بولغان پۇلنى ئۇلارنى سېتىۋالغان پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇڭا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى بەك يۇقىرى ئىدى، مەسىلەن، سانتو دومىنگو ئارىلىدا ھەريىلى 30 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئافرىقىدىن يىلىغا زور تۈركۈمدىكى قارا تەنلىكلەر تولۇقلىنىپ

تۇرمىغان بولسا، قۇللۇق ئېكىنزارنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكىلى بولمايتتى، بەزى ئېكىنزارلارمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولاتتى. قارا تەنلىكلەرنى سېتىشتىن ئىبارەت زوراۋانلىقنىڭ بىر نەچچە ئەسىرگىچە ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

1502 ـ يىلى تۇنجى تۇركۇمدىكى قارا تەنلىكلەر سانتو دومىنگو ئارىلىغا يۆتكەپ كېلىندى. 1513 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھى رەسمىي گۇۋاھنامە تارقىتىپ سودىگەرلەرنىڭ قارا تەنلىك قۇللارنى ئىسپانىيەگە قاراشلىق ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەرگە يۆتكەپ ئاپىرىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا تەنلىك قۇللارنى سېتىش ھۆكۈمەت قوللايدىغان «قانۇنىي» كەسىپكە ئايلاندى.

قارا تەنلىك قۇللار سودىسى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، قۇل ئوۋلاش ۋە سېتىش رايونلىرى ئاساسلىقى سېنېگالدىن ئانگولانىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغىچە كېڭەيدى. غەربىي دېڭىز قىرغاقلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە يېقىنراق بولۇپ، بۇ رايوندا قارا تەنلىكلەر مەدەنىيەتى، ئادەم زىچ ئىدى. شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرى يەنە بىر مۇھىم قۇل سودىسى رايونى ئىدى. 1645 ـ يىلى تۇنجى تۇركۇمدىكى قۇللار موزامبىكتىن بىرازىلىيەگە يۆتكەپ كېلىندى. شەرقىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىك قۇللار ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇلغاندىن سىرت، يەنە ماسكېلىن تاقىم ئاراللىرى، ھىندىستان ۋە بەزى شەرق دۆلەتلىرىگىمۇ توشۇلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇستەملىكىچىلەر ئاچقان ئېكىنزارلىقلاردا ئىشلىسە، بەزىلىرى ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ بىر پاراخوت كاپىتانى: «پورتۇگالىيە پادىشاھىنىڭ كېمىسى خۇسۇسىي سودىگەرنىڭ كېمىسىگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ قۇللارنى قاچىلاپ ھىندىستانغا توشۇدى. ئەر ـ ئايال قۇللار ھىندىستاندىكى پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى» دەپ يازدى.

قوْل سودىسى دەسلەپكى چاغلاردا پورتۇگالىيە سودىگەرلىرىنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تارماق ئەترىتىنى ئەۋەتىپ دېڭىزنى قوراللىق تەكشۈردى ۋە باشقا دۆلەت سودىگەرلىرىنىڭ قوْل سودىسىغا قول سېلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. مەسىلەن، 1606 ـ يىلى پورتۇگالىيەلىك بىر موناخ ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ پاتىدا قوْل سودىسى قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال توسۇغان ۋە پاتى سۇلتانىنى ئەيىبلەپ: «بۇنداق سودىغا يول قويماسلىق كېرەك» دېدى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بىر قىسىم دېڭىز قاراقچىلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قوْل سودىسى قىلغىلى ئافرىقىغا كەلدى. 1562 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك جون خاۋكىنس سېررالېئونىغا بېرىپ 300 قارا تەنلىكنى قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ قالتىس بېيىپ كەتتى.

1580 ـ يىلى ئىسپانىيە پورتۇگالىيەنى بېسىۋالدى، 1588 ـ يىلى ئىسپانىيەنىڭ «يېڭىلمەس فىلوتى» يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن پورتۇگالىيە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە تايانچ پونكىتلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن ئايرىلىپ قالدى، دېڭىز ئۈستى ۋە سودىدىكى زوراۋانلىق ھوقۇقىمۇ بىراقلا ئاجىزلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەر پورتۇگالىيەنىڭ قوْل سودىسىدىكى مونوپوللۇق ھوقۇقىغا جەڭ ئېلان قىلدى، ھەتتا دانىيە، شىۋېتسىيە، ئامېرىكا ۋە برانىدېنبۇرگلارمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى، بۇ قېتىمقى رىقابەتتە ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ تولۇق كاپىتالى، قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەسىگە تايىنىپ، گوللاندىيە بىلەن فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلدى ۋە «كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقىپتۇ» دېگەندەك، ئەڭ چوڭ ئادەم بېدىككە ئايلاندى. ئەنگلىيەنىڭ قوْل سودىسى ئۈستۈنلۈكىنى تارتىۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى 1713 ـ يىلى «ئۇترېچت شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامە ئەنگلىيە

سودىگەرلىرىنى 30 يىل ئىچىدە يىلىغا ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە 4800 قۇلنى توشۇشتىن ئىبارەت مونوپوللۇق ھوقۇقىنى ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە قارا تەنلىك قۇللار سودىسىدا ئىگىلىگەن ئۈلۈشى ئۇزۇكسىز ئاشتى. 1770 ـ يىلىغا كەلگەندە قارا تەنلىك قۇللارنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك، يەنى 50 مىڭغا يېقىن قۇلنى ئەنگلىيە كېمىلىرى توشۇيدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا فىرانسىيە 30 مىڭ قۇلنى، پورتۇگالىيە ئۈچىنچى ئورۇندا بولۇپ تەخمىنەن 10مىڭ قۇلنى توشۇيدىغان بولدى.

قۇللارنى ئوۋلاش ۋە ئېلىپ ـ سېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قان بىلەن ئوت گىرەلىشىپ كەتكەن مەنزىرە سىڭىپ كەتتى. ئەڭ دەسلەپ ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى «قۇل ئوۋلاش ئەترىتى» تەشكىللەپ، قاراقچىلىق كېمىسى بىلەن دېڭىزنى چارلاپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى ۋە قېرى ئاجىز، كېسەل، مېيىپلارنى ئۆلتۈردى، قاۋۇل، تىمەن قارا تەنلىكلەرنى بۇلاپ ئەكەتتى. مەسىلەن، 1446 ـ يىلى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىسى ئاسۇلالا بىر قېتىملىق «قۇل ئوۋلاش ئۇرۇشى»دا نۇرغۇن بىگۇناھ ئاھالىنى ئۆلتۈرۈپ، 160 ئەر ـ ئايال ۋە باللارنى بۇلاپ كەتتى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قارا تەنلىك قۇللارغا ئىگە بولۇۋېلىشى ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، يەنى قورال ـ ياراغ چىقىرىپ ئافرىقىدىكى بەزى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى قۇل ئوۋلاش ئۇرۇشى قىلىشقا كۈشكۈرتتى. شەرقىي ئافرىقىدا بولسا ئەرەب قۇل سودىگەرلىرى قۇل ئوۋلاش ئەترىتى تەشكىللەپ ئىچكىرى جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ قۇللارنى تۇتتى، مۇستەملىكىچىلەر دېڭىز بويلىرىدىكى سودا پونكىتلىرىدا مۆكۈنۈپ قۇللارنى سېتىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇردى. مەسىلەن، ئەرەبنىڭ ئەڭ چوڭ قۇل سودىگىرى تىبۇ دېپا 100 دىن ئوشۇق مىلتىق بىلەن قوراللانغان سودا ئەترىتىگە ئىگە بو ـ

لۇپ، قولغا چۈشۈرۈلگەن قارا تەنلىكلەرنى ئىچكىرى قۇرۇقلۇق-تىن دېڭىز بويلىرىغا يالاپ ئاپىرىپ، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە ساتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەرەب سودىگىرى بىرقانچە مىليون فوندستېرلىڭغا ئىگە بايلاردىن بولۇپ قالدى.

قارا تەنلىكلەر قۇللارنى ئوۋلاش ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشسە، ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك ھاياتى باشلىناتتى، ئىچكىرى جايلاردىن دېڭىز بويلىرىغا يالاپ ئاپىرىلىدىغان ئۇزاق مۇساپىدە قارا تەنلىكلەر پۇت ــ قوللىرىغا كىشەن ــ كويزا سېلىنىپ تەستە ماڭاتتى، ئۇلار چاتقاللاردىن ئۆتەتتى، بەكمۇ قىيىنلىشىپ پۇتلىرىنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، سەللا بىخەستەلىك قىلسا قاتتىق تاياق يەيتتى. سەپىرنىڭ ئارقىدا قالغان باللار باش ــ كۆزى يېرىلغۇچە تاياقتا قالاتتى. ئۇزاق داۋام قىلغان قۇل سودىسى يولىدا قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى، ئاپپاق سۆڭەكلىرى ماڭدامدا بىر كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

قارا تەنلىك قۇللار دېڭىز بويلىرىغا توشۇلۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، قاتار تىزىلىپ قۇل سودىسى بازارلىرىغا كىرەتتى، قۇل بېدىكلىرى ئۇلارنى تاللاپ سېتىۋالاتتى. ئىككى تەرەپ سودىدا كېلىشكەندىن كېيىن قۇل بېدىكلىرى چوغدەك قىزىتىلغان داغمال بىلەن قارا تەنلىك قۇلنىڭ بىلىكى ۋە كۆكرىكىگە ئالاقىدار شىركەتنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن تامغىنى باساتتى. ئاندىن بۇ قارا تەنلىك قۇللار زىندانغا قامىلىپ، كۆزلەنگەن مەنزىلگە توشۇلۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى.

غەربىي ئافرىقىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇلىدىغان قارا تەنلىك قۇللار ئالتە ھەپتىدىن ئون ھەپتىگىچە جاپا چېكىشكە، شەرقىي ئافرىقىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇلىدىغان قارا تەنلىك قۇللار تۆت ئايدىن كۆپرەك ئازاب تارتىشقا توغرا كېلەتتى. قۇل بېدىكلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا بەلگىلەنگەن يۈك كۆتۈرۈش

مىقدارى بىلەن كارى بولماي، ئۆز كىيىملىرىگە قۇللارنى جىنىنىڭ بارىچە كۆپلەپ قاچىلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوزۇقلىنىشىنىڭ ناچار بولۇشى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى تۇپەيلىدىن، ھەددى - ھېسابسىز قارا تەنلىكلەر ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تەكتىگە دەپنە قىلىنىپ كېتەتتى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئافرىقا قىتئەسىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇلىدىغان بىر كېمىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاران ئۈچتىن ئىككى قىسمى ياكى يېرىمى كۆزلەنگەن مەنزىلگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلگەندى.

قارا تەنلىك قۇللارنىڭ يول بويى چېكىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئۇلار كۆزلەنگەن مەنزىلگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن باشقىلار سېتىۋالاتتى، ئاندىن ئېكىنزار ياكى كانلارغا يالاپ ئاپىرىلىپ ھايۋاندەك ئىشقا سېلىناتتى.

## 3. غەرب مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قۇل سودىسىنىڭ چەكلىنىشى

ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنى ئۇلگە قىلغان ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. سىياسىي جەھەتتە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن سانائەت كاپىتالىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى سودا كاپىتالىدىن تېز ئېشىپ كەتتى ۋە ئۇنى بېسىپ چۈشتى، ئاخىر سىياسىي جەھەتتە كۈندىن - كۈنگە سودا كاپىتالىستىنى چەتكە قېقىپ، بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەيدىغان كۈچكە ئايلاندى. ئىقتىسادىي جەھەتتە زاۋۇتلاردا چوڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تۇرغان پەن - تېخنىكا بىلەن بىرلىشىشى

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە ئۆچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەتتى، سانائەت بۇيۇملىرى ۋە سانائەت خام ئەشياسىنىڭ تەمىنلىشى ۋە ئېھتىياجى ئۆز دۆلىتىنىڭ بازار سىغىمچانلىقىنى زور دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدى، شۇڭا تاۋار بازارلىرى ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنى ئىزدەش ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

لېكىن، سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىدا يۈرگۈزگەن قۇل سودىسىنى ئاساس قىلغان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ئافرىقىنى غەربنىڭ تاۋار بازىرى ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرالمىدى، شۇڭا سانائەت كاپىتالى مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆرىيەتچىلىرى «سودا قىلىش» (Commerce)، دىن تارقىتىش (Christianity)، مەدەنىيەت (Civilization)، مۇستەملىكە قىلىش (Colonization)دىن ئىبارەت لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ «تۆت C بىرلەشكەن ئىبادەت سۆزى» دەپ ئاتالدى. «مۇستەملىكە قىلىش» تۆت C بىرلەشكەن ئىبادەت سۆزىدىكى مۇھىم سۆزدۇر. سودا قىلىش، دىن تارقىتىش ۋە غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى زورلۇق بىلەن كىرگۈزۈش ئافرىقىنى ئۇلارنىڭ تاۋار سېتىش بازىرى ۋە سانائەت خەم ئەشياسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇل سودىسىنى بىكار قىلىپ، ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇل سودىسىنى چەكلەش ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇل سودىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى قارا تەنلىكلەرنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مۇستەملىكىچىلەر قارا تەنلىكلەرنى ئېلىپ ـ سېتىشنى باشلىغان كۈندىن تارتىپ ئافرىقا خەلقى تېز پۈكمەستىن قەيسەرانە كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ئۇلار ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا قولغا چۈشىدىغان ئاتەش قۇرال بىلەن ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇچرايدىغان، ئوقيا ۋە تاشلارنى ئېلىپ، «قۇل ئوۋلاش ئەترىتى»گە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. قارا تەنلىك قۇللار دېڭىز بويلىرىدىكى قاراڭغۇ زىندانلاردا مەخپىي تەشكىللىنىپ ئىسيان كۆتۈردى، تۈرمىلەردىن قاچتى. ھازىرقى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 18 ـ ئەسىردە 15 قېتىم قارا تەنلىكلەر قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

ئاتلانتىك ئوكيان سۇ بويىدىكى قۇل سودىسى كېمىلىرىدىكى قۇل بېدىكلىرى تولۇق قوراللىنىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردى، لېكىن قارا تەنلىكلەر قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى زادى توختاتمىدى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1700 ـ يىلدىن 1845 ـ يىلغىچە پەقەت ئەنگلىيە، ئامېرىكا قۇل سودا كېمىلىرىدىلا 55 قېتىم قارا تەنلىكلەر قوزغىلىڭى يۈز بەردى. 1769 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ «نانسى»، ناملىق قۇل سودا كېمىسى كالابار دەريا ئېغىزىدا توختاپ قالغاندا، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان قارا تەنلىك قۇللار تولۇق قوراللانغان قۇل بېدىكلىرى بىلەن قەيسەرانە ئېلىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يەرلىك ئاھالىلەر دەرھال ياردەمگە كەلدى ۋە قۇل بېدىكلىرىنى قوغلاپ قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇۋالدى.

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قارا تەنلىك قۇللار ئىشنى ئاقساتتى، قېچىپ كەتتى، قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ۋەھشىي قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى. ھايتى ئىنقىلابى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ۋە چەكلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، قارا تەنلىك قۇللار سودىسىغا ئەجەللىك زەربە بەردى.

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى قۇل سودىسىغا كۈچلۈك زەربە بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئەنگلىيەدە قۇللۇق تۈزۈمگە ۋە قۇل سودىسىغا قارشى تۈرۈش ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. 1792 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى 85 بېلەتكە قارشى 230 بېلەت بىلەن قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۈرۈش تەكلىپىنى ماقۇللىدى. 1807 ـ يىلى ئەنگلىيە قۇل سودىسىنى مەنئىي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىمۇ قۇللۇق تۈزۈمگە قاتتىق زەربە بولدى. «كىشىلىك ھايات ۋە ئەركىنلىك»دىن ئىبارەت ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، فىرانسىيە مىللىي قۇرۇلتىيى 1794 ـ يىلى فىرانسىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەردىكى قۇل سودىسى ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى؛ 1807 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىمۇ قۇل سودىسىنى مەنئىي قىلىش قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن 1808 ـ يىلى كۈچكە ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، دانىيە 1702 ـ يىلى، شىۋېتسىيە 1813 ـ يىلى، گوللاندىيە 1814 ـ يىلى، پورتۇگالىيە 1820 ـ يىلى، ئىسپانىيە 1823 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇل سودىسىنى مەنئىي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

قارا تەنلىك قۇللارنىڭ باتۇرانە كۈرىشىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسى ئارقىسىدا، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇل سودىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىشى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا، مۇستەملىكىگە قاراتقان ئېكسپلاتاتسىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە، ئافرىقا قىتئەسىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىش بازىرىغا ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىسى ئۇۋېن 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى شەرقىي ئافرىقىنى

تەكشۈرگەندىن كېيىن، كۆچمىنلىك بارىچە قۇل سودىسىنى بىكار قىلىش، تەبىئىي بايلىقلاردىن ئۆز ئورنىدا پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ: «بۇ يېڭى تەبىئىي بايلىقلار دۆلىتىمىزنىڭ كارخانىلىرى ۋە سانائىتى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلىدۇ» دېدى.

1787 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغۇچىلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، 300دىن كۆپرەك قارا تەنلىك، 76 ئاق تەنلىك ئايال ۋە بالىلارنى سېررالېئوندىكى سان گېئورگېس قولتۇقىغا ئاپاردى ۋە شۇ يەرلىك قەبىلە ئاقساقىلى تومدىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە گىرانۋىل بازىرىنى قۇردى، 1791 ـ يىلى «سېررالېئون شىركىتى»نى تەشكىللەپ، بۇ يېڭى مۇستەملىكىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1808 ـ يىلى ئەنگلىيە سېررالېئوننى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەملىكىگە ئايلاندۇردى. ئەنگلىيە بۇ يەردە دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇپ، دېڭىزدا قۇل سودىسى كېمىلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. شۇ يىلى دېڭىزدا قولغا چۈشكەن 6000 قارا تەنلىك قۇل سېررالېئونغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۆز نۆۋىتىدە سېررالېئونمۇ ئەنگلىيەنىڭ غەربىي ئافرىقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى بازىسى بولۇپ قالدى. 1821 ـ يىلى سېررالېئون، گامبىيە ۋە ئالتۇن قىرغاق بىرلەشتۈرۈلۈپ «غەربىي ئافرىقا مۇستەملىكىسى» دەپ ئاتالدى، باش ۋالىي مەھكىمىسى فىرېتوۋنغا تەسىس قىلىندى.

ئامېرىكىمۇ ئەنگلىيەدىن ئۆلگە ئېلىپ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، غەربىي ئافرىقىدا مۇستەملىكە قۇرۇش كويىدا بولدى؛ 1816 ـ يىلى ئەركىن قارا تەنلىك مۇساپىرلارنى تەشكىللەش ئۈچۈن «ئامېرىكا مۇستەملىكە جەمئىيىتى»نى قۇردى. 1819 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى غەربىي ئافرىقىدا مۇستەملىكە قۇرۇش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى ۋە 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاجراتتى. 1822 ـ

يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «تىمساھ»، ناملىق ھەربىي پاراخوتنى غەربىي ئافرىقىغا ئەۋەتىپ مەسئۇرادودىن بىر پارچە يەر سېتىۋالدى ۋە قۇللۇق تۈزۈمدىن ئازاد بولغان قارا تەنلىكلەرنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئاھالىلەر پونكىتى (كېيىن مونرووۋىيە دەپ ئاتالدى) قۇردى ھەمدە ئاق تەنلىك ئاشمانىنى زۇڭتۇڭ قىلىپ تەيىنلىدى. مۇستەملىكە جەمئىيىتى مونرووۋىيە ئەتراپىدا كەينى ـ كەينىدىن ئېدىنا، مارشال، بۇكانان، گىرىنۋىل، سىنو ۋە مارىلاند قاتارلىق جايلاردا كۆچمەنلەر رايونى قۇردى. 1824 ـ يىلى بۇ يېڭى مۇستەملىكە لىبېرىيە① دەپ ئاتالدى. 1825 ـ يىلى لىبېرىيە ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى «ئامېرىكا مۇستەملىكە جەمئىيىتى»نىڭ ئىگىدارلىقىغا قايتۇرۇشنى بەلگىلىدى ۋە بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋالىي بۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزدى. 1841 ـ يىلى قارا تەنلىك يۇسۇف روبېرتس زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلىنىپ قارا تەنلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلدى. 1847 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مونرووۋىيەدە خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىپ لىبېرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنى ئۈلگە قىلىپ، يەنە بىر قېتىم يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقتى. ئاساسىي قانۇندا لىبېرىيەنىڭ جۇمھۇرىيەت بولغانلىقى بەلگىلەندى؛ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى پارلامېنت يۈرگۈزدى، پارلامېنت كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىدىن تەركىب تاپتى؛ جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى ھۆكۈمەت باشلىقى ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئالىي قوماندانى ئىدى. روبېرتس تۇنجى زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. لېكىن، ئامېرىكا لىبېرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى، 1862 ـ يىلىغا كەلگەندە لىنكولن ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلدى.

بىر جەھەتتىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر قول

① ئەسلىي لاتىن يېزىقىدىكى Liber دىن كەلگەن بولۇپ، «ئەركىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سودىنىغا قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىدا پائال تۇردە ئافرىقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ مۇستەملىكە قۇردى؛ يەنە بىر جەھەتتىن قارا تەنلىك قۇللار سودىسىدىن ئىبارەت قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارمۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىر پارچە ئاق قەغەزگە يازغان مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرىمۇ ئاقمىدى. پۇتكۇل 19 ـ ئەسىردە قارا تەنلىك قۇل سودىسى ئۆزۈلمەي داۋاملاشتى، لېكىن بۇ قۇل سودىسىدا پەسىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. مەسىلەن، پورتۇگالىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقىدىن چىقىرىلغان قارا تەنلىك قۇللار 1818 ~ 1830 ـ يىللىرى 350 مىڭ بولسا، 1830 ~ 1850 ـ يىللىرى 150 مىڭغا چۈشۈپ قالدى.

ئافرىقىدىكى قۇل سودىسى توختىمىدى، بۇنىڭ مەنبەسى ئالدى بىلەن ئامېرىكا، كۇبا، بىرازىلىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىچىلىك قۇللار ئېكسىپىلاتاتسىيىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولغانلىقى، سانائەتلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئېگىز ـ پەس بولۇشى، شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىشتىكى پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ نىسبەتەن كەسكىن بولغانلىقى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ سۇس مۇئامىلىدە بولغانلىقى سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇل سودىسى بىلەن جانىجان پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولغان سودا بۇرژۇئازىيەسى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە خوجايىنلىرى قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى خىلمۇخىل چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق توسۇدى.

ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنىڭ بىرى «ئەتكەسچىلىك» بولدى. فىرانسىيە، ئامېرىكا، پورتۇگالىيە ۋە ئىسپانىيەلەرنىڭ قۇل بېدىكلىرى ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قارا تەنلىك قۇللارنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن توشۇدى. مەسىلەن، 1860 ـ يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى

ئامېرىكىنىڭ قۇل سودا كېمىسىنى تۇتۇۋالدى، بۇ كېمىدە 840 قارا تەنلىك قۇل بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىرى «ئەركىن ئەمگەكچىلەرنى كۆچۈرۈش» بولدى. شۇ چاغدا ئافرىقىدا زور مىقداردىكى ئىختىيارىي كۆچمەنلەردىن ئىبارەت ئەركىن ئەمگەكچىلەر ئەسلا يوق ئىدى. ئاتالمىش «ئەركىن ئەمگەكچىلەر كۆچۈرۈش» — ئەركىن ئەمگەكچىلەرنى قوبۇل قىلىشنى باھانە قىلىپ، قۇل سودىسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇشۇنداق «ئەركىن ئەمگەك كۆچلىرىنى كۆچۈرۈش»نىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى. ئۇلار ئادەتتە يەرلىك قۇل بېدىكلىرى بىلەن باھادا كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن تاللىۋالغان قارا تەنلىك قۇللارنى سوتچىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، جامائەتكە بۇ قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلاتتى ۋە سوتچى ئىسپات چىقىرىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنى كېمىگە قاراۋۇللۇق ئاستىدا توشۇپ، ئامېرىكا قىتئەسى ۋە فىرانسىيەگە قاراشلىق باشقا مۇستەملىكىلەرگە، بولۇپمۇ ماسكېلىن تاقىم ئاراللىرىغا ئاپىراتتى، ئاندىن ئېكىنزارلارغا قۇل ئورنىدا تەقسىم قىلاتتى. ماركس كەسكىن ھالدا: «بۇ ئەڭ رەزىل شەكىل، يەنى قارا تەنلىكلەرنى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ‹ئەركىن ئاھالە كۆچۈرۈش›نى باھانە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل يىرگىنچلىك سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىك»① دەپ كۆرسەتتى.

ئەتكەسچىلىك ۋە «ئەركىن ئەمگەكچىلەرنى كۆچۈرۈش» شەكلى ئاستىدا داۋاملاشقان قۇل سودىسى ئامېرىكا، كۇبا ۋە بىرازىلىيەلەر 19 - ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - ۋە 80 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئېكىنزار قۇللۇق تۈزۈمىنى ئارقىمۇ ئارقىدىن بىكار قىلغاندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم توختاپ قالدى.

① ماركس: «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە قۇل سودىسى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 12 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 545 ~ 546 - بەتلەر.

## 4. قۇل سودىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

تۆت ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان قۇل سودىسى دۇنيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ تارىخىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. قارا تەنلىكلەرنىڭ قان ـ يىرىڭى سىڭىپ كەتكەن بۇلاڭ تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك سودا ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كاپىتالىستىك ئىپتىدائىي جۇغلانما جەريانىنى تېزلەتتى ھەمدە يېقىنقى زامان كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

قارا تەنلىكلەر قۇللار سودىسى داۋامىدا ئازغىنە دەسمايە بىلەن زور پايدا ئالىدىغان «ئۈچ بۇرجەك سودىسى» تۈزۈمى شەكىللىنىپ، ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىستلىرىغا غايەت زور پايدا يەتكۈزدى. ئادەتتە ياۋروپا قۇل بېدىكلىرى ھەرخىل ناچار تاۋارلارنى كېمىلەرگە قاچىلاپ، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى پورتلىرىدىن يولغا چىقىپ، ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىغىچە ئاپىراتتى، بۇ «ئۈچ بۇرجەك سودىسى»دىكى بىرىنچى مۇساپە، يەنى «سەپەرگە چىقىش يولى» دەپ ئاتىلاتتى. ئافرىقا دېڭىز بويلىرىدا ناچار ماللارغا «ئالماشتۇرۇلغان» قارا تەنلىك قۇللار ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئامېرىكا قىتئەسىگە ئاپىرىلاتتى، بۇ «ئوتتۇرا يول» دەپ ئاتىلاتتى. ئامېرىكا قىتئەسىدە قارا تەنلىك قۇللارنى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە سانائەت ماتېرىياللىرىغا تېگىشىپ ياۋروپاغا قايتىپ كېلەتتى، بۇ «قايتىش يولى» دەپ ئاتىلاتتى. قۇل بېدىكلىرى ئادەتتە يېرىم يىل ئىچىدىلا «ئۈچ بۇرجەك مۇساپە»نى تاماملاپ ئۈچ قېتىم سودا قىلىپ، ئۈچ قېتىم قاتتىق بېيىپ كېتەتتى. 17 ـ ئەسىردە ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىدا بىر قارا تەنلىكنىڭ قىرغاقتىن پاراخوتقا چىقىش باھاسى 25 فوندستېرلىڭ ئىدى، ئۇنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئاپىرىپ ساتسا

150 فوندستىرلىڭغا يارايتتى، شۇنداق بولغاندا پايدا نىسبىتى 600% گە يېتەتتى. 18 ـ ئەسىردە ئافرىقىدا 50 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان بىر قارا تەنلىكنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئاپىرىپ 400 ئامېرىكا دوللىرىغا ساتقىلى بولاتتى. كۆپلىگەن قۇل بېدىكلىرى ئازغىنە دەسمايە بىلەن ئىش باشلاپ، بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم «ئۈچ بۇرجەك مۇساپە» ئارقىلىقلا دەرھال نۇرغۇن بايلىقلارغا ئېرىشتى. ئەنگلىيەلىك مېتال ئېرىتىش خوجايىنى ئانتونى بېكون قارا تەنلىك قۇللار سودىسى ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلىدى. ئۇ 1768 ~ 1776 ـ يىللىرىغىچە قۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ 76 مىڭ فوندستېرلىڭ پايدا ئالدى. بۇ پۇل ئۇنىڭ تۆمۈر تاۋلاش سانائىتى قۇرۇشىدىكى مۇھىم دەسمايە بولدى.

قۇل سودىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنى مەنبەسى ئۈزۈلمەيدىغان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىدى. زور تۈركۈمدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ كېلىشى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مىللىي تەركىبىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھايتىغا ئوخشاش دۆلەتلەر قارا تەنلىكلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دۆلەتلەرگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردىمۇ قارا تەنلىكلەر ناھايىتى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىدى. بىرازىلىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى 3 مىليون 800 مىڭ بولۇپ، قارا تەنلىكلەر قۇللار 1 مىليون 700 مىڭ ئىدى. قارا تەنلىكلەر كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغانلىقتىن نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش، تاماكا، پاختا ۋە نىل بوياقلار ياۋروپا قىتئەسىگە ئۈزۈلمەي ئېقىپ، مېتروپولىيەنى نۇرغۇن بايلىق بىلەن تەمىنلىدى. دېلىبى توماسنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەردىكى ئېكىنزار مەيدانلىرىدا ئىشلىگەن قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئەنگلىيەگە يەتكۈزگەن پايدىسى شۇ دۆلەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ 130

ھەسسەسگە توغرا كېلەتتى.

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن پورتلار ۋە سانائەت شەھەرلىرى، مەسىلەن، ئەنگلىيەنىڭ لوندون، لىۋېرپول، فىرانسىيەنىڭ نانتېس، بوردو، گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام، ئامېرىكىنىڭ نيويورك، بوستون قاتارلىق شەھەرلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە قۇل سودىسىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلدى. «قۇل سودىسى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر لىۋېرپول»[1] ئەسلىي چۆللىشىپ كەتكەن كىچىك بىر كەنت ئىدى، قۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن بىراقلا ئەنگلىيەنىڭ ئىككىنچى چوڭ سودا پورتى بولۇپ قالدى. 1709 ـ يىلى لىۋېرپولنىڭ 37 تونىلىق قۇل سودىسى كېمىسىدىن بىرى بار ئىدى، 1751 ـ يىلى كۆپىيىپ 32 گە يەتكەن بولسا، 1792 ـ يىلى 132 گە كۆپەيدى. قۇل سودىسى لىۋېرپول يولغا قويغان ئىپتىدائىي جۇغلانما ئۇسۇل بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۇنىڭغا 300 مىڭ فوندستېرلىڭ كىرىم قىلىپ بەردى. لىۋېرپولدىكى بىر بۇرژۇئازىيە يازغۇچىسى سەممىيلىك بىلەن: «ئىنسانلارنىڭ قان بىلەن گۆشى بىزنىڭ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىشىمىزنىڭ ئاساسى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

لېكىن، قارا تەنلىكلەرنى ئېلىپ ـ سېتىش ئافرىقا خەلقىگە چوڭ بالايىئاپەت، قۇل ئوۋلاش رايونىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىغىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئەكەلدى. مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىدىن زادى قانچىلىك قارا تەنلىكلەرنى بۇلاپ كەتتى؟ ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئېنىق بىر سان يوق. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 10 مىليون ياكى 15 مىليون قارا تەنلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇلۇپ، ئافرىقا قىتئەسى 100 مىليون ياكى 110 مىليون ئادەم زىيان تارتتى. توشۇلغان قارا تەنلىكلەر ئىچىدە ئەرلەر ئاياللارغا

[1] ماركس: «ئەنگلىيە دۆچ كېلىۋاتقان مايلام»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 12 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 161 ـ بەت.

قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ، ئەرلەرنىڭ يېشى 10 ياشتىن 35 ياشقىچە، ئاياللارنىڭ يېشى 10 ياشتىن 25 ياشقىچە ئىدى. ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىشى مۇقەررەر ئىش بولۇپ قالدى.

ئايىغى ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن «قۇل ئوۋلاش ئۇرۇشى» ئىلگىرىكى ئاۋات شەھەرلەرنى خارابىلىككە، ئاھالىسى زىچ يېزا - قىشلاقلارنى ياۋايى ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. گۆر ئاغزىدىن ئامان قالغانلار ئاۋات يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىن ئادەم ئايىغى قەدەم باسمىغان قويۇق تاغ، ئورمانلار ئىچىگە كىرىپ، ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ، يەرنى كولاپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. قول سانائەتنى ئىشلەپچىقىرىشى بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، كۆپلىگەن ئەنئەنىۋى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى يوقىلىپ كەتتى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى سېتىپ ئەكەلگەن تاتلىق ھاراقلار ئافرىقىدا ئىشلەنگەن بىرقەدەر كۈچلۈك ئىچىملىكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئەنگلىيەنىڭ ئەرزان باھالىق رەختلىرىنىڭ رىقابىتى ئارقىسىدا كۆپلىگەن ئارىقا دۆلەتلىرى ئىشلەپچىقارغان گۈللۈك رەخت، دۇخاۋا ۋە دۇردۇنلار يوقىلىپ كەتتى.

ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان قۇل سودىسى ئەخلاقنى چىرىتتى، ئافرىقىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكىنى بۇزدى. قارا تەنلىكلەر يۇرت - ماكانلىرىدىن، بالىچاقىلىرىدىن ئايرىلىپ جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىدى. قارا تەنلىكلەر «گەپ قىلالايدىغان سايمان» دەپ ئاتىلىپ قۇل قىلىندى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىدى، خوتۇن - قىزلار يەتكۈچە خورلۇق تارتتى ۋە ۋەيران قىلىندى. ئۇلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ناچار ئىرقىي كۆز قاراش

تەرىپىدىن ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە يەتكۈچە ئۇچرىدى.

## 5. ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە

غەرب دۆلەتلىرى «قۇل سودىسى»نى ھەدەپ مەنئى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئىچكى رايونلىرىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە باشلىۋەتتى.

ئافرىقا قىتئەسى ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، قۇملۇق، سازلىق، ئورمان ۋە شارقىراتمىلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، يوللىرى خەتەرلىك، ئەگرى - توقاي، مېڭىش تەس، ھاۋا رايى ناچار، جىددىي تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەتراپنى بىر ئالغانىدى، مەسىلەن، كېزىك كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى. ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئىچكىرى قۇرۇقلۇققا ناھايىتى ئاز بارغاچقا، ئۇلارنىڭ ئافرىقا ئىچكىرى رايونلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى قەدىمكى رىم ياكى ئەرەب ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىلگەن يۈزەكى چۈشەنچىسى بويىچىلا توختاپ قالغانىدى. شۇڭا، ئافرىقا قىتئەسىنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاۋار بازىرى ۋە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا بولغان نادانلارچە تونۇشنى ئۆزگەرتىشى، دېڭىز بويلىرىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇققا بارىدىغان قاتناش يولىنى ئېچىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىسا غەربىنىڭ ئافرىقىنى مۇستەملىكە قىلىش پىلانى يوققا چىقاتتى.

1769 - يىلى ئەنگلىيەلىك جامېس بىرۇس نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى كۆك نىلنى ئېكسپېدىتسىيەلىك تەكشۈرۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيەسى بىرۇسنىڭ نىل دەرياسى سەپىرىدىن باشلىنىپ، 1876 - يىلىدىكى بىرىيۇسېل

يىغىنىغىچە[1] 100 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيەسى داۋامىدا كۆپلىگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيەچى ئەترەتلەر ئافرىقا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىردى.

## 2 ـ بۆلۈم مىسىر خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى ۋە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى

### 1. فىرانسىيە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرىكى مىسىر

1574 ـ يىلى مىسىر تۈركىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى فېئودال مەملۇك گۇرۇھى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتتى. 1769 ـ يىلى ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئەلى بېي تۈركىيە باش ۋالىيسىنى قوغلىۋەتتى. 1773 ـ يىلى ئەلى بېي قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈركىيە باش ۋالىيسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سالائىدىن قەلئەسىگە تەزەربەند قىلىنىپ، ئىسمى بار، جىسمى يوق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. مەملۇك فېئودال گۇرۇھىنىڭ كاتتىباشلىرى مىسىرنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى.

ئەينى چاغدا مىسىر 4 مىليون ئاھالىگە ئىگە فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەت ئىدى. يەر ئاتاقتا دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا

---

[1] بېرىيۇسسېل يىغىنىدىن كېيىن يەنىلا ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيەسى داۋام قىلدى. لېكىن، بۇ ھەرىكەت جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىبارەت مەزمۇننى بارلىققا كەلتۈردى، يەنى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيەسى خاراكتېر جەھەتتىن باشقىچە تۈس ئالدى.

بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى فېئودال گورۇھلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. يەرنىڭ ئىگىلىنىش شەكلى ئۈچ خىل ئىدى، يەنى ئوسمانىيە سۇلتانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر؛ ۋەخپە يەر؛ مەملۇك فېئوداللىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر ئىدى، كېيىنكىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. مەملۇك فېئوداللىرى ھەم ھەربىي، ھەم باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا زومىگەر بولۇپ (بىر يېزا ياكى بىرقانچە يېزىغا زومىگەر ئىدى)، باج ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۇۋالغانىدى. ئۇلار ھۆكۈمەتكە «دۆلەت بېجى»نىڭ پۈتۈن قىسمى ياكى بىر قىسمىنى ئالدىنئالا تاپشۇراتتى، يەنە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن دېھقانلاردىن «ھۆكۈمەت بېجى» ئالاتتى. ئۇلار باج يىغىشقا مەسئۇل بولۇشتەك «خىزمىتى» ھېسابىغا ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان بىر پارچە يەرنى بۆلۈۋالاتتى. ئۇلار بۇ يەرلەردىن ئۆمۈر بويى ئۆز مۈلكى قاتارىدا پايدىلىناتتى ۋە ئۇنى ئىجارىگە بەرسىمۇ بولاتتى. ئۇلار دېھقانلاردىن ئالغان «كۆتۈرە باجنىڭ ئېشىنچا قىسمى» بىلەن ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ چۆنتىكىنى توشقۇزاتتى. باجنى ھۆددىگە ئالغۇچى بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە باجنى كۆتۈرە ئالغان تەۋەلىكىدىكى بارلىق يەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى ئىدى.

مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسى مىسىرنىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچى ھېسابلىناتتى، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ كۈچى تۈركىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇۋشلۇق ئوسمانىيە گىۋاردىيە قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى قاھىرە ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 24 ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسى بىرمۇنچە گورۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سۈردى. ئۇلار قاھىرە ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى تالىشىپ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئاقىۋەت

مىسىردا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، قالايمىقانچىلىقمۇ تىنچىمىدى.

مىسىر دېھقانلىرى فېئودال پومېشچىكلارغا بېقىناتتى، ئۇلار ئۆز مەيلىچە يەرنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى، بولمىسا باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئۇلارنى زورلۇق بىلەن تۇتۇپ كېلەتتى. ئۇلار «دۆلەت بېجى» ۋە «ئېشىنچا باج» تاپشۇرۇشتىن سىرت، يەنە باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئۇچۇن ھاشارغا ئىشلەپ «ۋىلايەت، ناھىيە بېجى» ۋە « يولدىن ئۆتۈش بېجى» تاپشۇراتتى. ئاتالمىش «يولدىن ئۆتۈش بېجى»، گىۋاردىيە قىسمى ياكى مەملۇك ئەمەلدارلىرىنىڭ ياساۋۇللىرى مەلۇم بىر يېزىدىن ئۆتكەندە، مەيلى ئادەم سانى قانچىلىك بولسۇن ياكى قانچە ئۇزۇن تۇرسۇن، يېزا ئاھالىلىرى پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇلارنى ئېسىل تائاملار بىلەن بېقىشنى كۆرسىتەتتى. مەملۇك فېئوداللىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ئارقىسىدا مىسىر دېھقانلىرى بەكلا نامراتلىشىپ كەتتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلماي ئىنتايىن ئارقىدا قالدى.

ئەسلىي مىسىرنىڭ سودا ـ سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىدى، لېكىن ئوسمان ئىمپېرىيەسى مىسىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ياۋروپا سودا كېمىلىرىنىڭ جىددە ۋە سۇۋەيش شەھىرىگە كېلىشىنى قاتتىق چەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن تاشقى سودا كاساتلاشتى، سودا ـ سانائەت راۋاجلىنىشقا يۈز تۇتتى. قول سانائەتچىلەر ھەرخىل كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا، يەنى چامادانچى، زەرگەر ۋە مىسكەر قاتارلىق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا ئۇيۇشتى. كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامى ۋە كەسىپ نىزامنامىسى بار ئىدى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مىسىرنىڭ بېكىنمىچىلىك ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1775 ـ يىلى ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى مىسىر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ سۇۋەيش

پورتىنى ئەنگلىيەلىك سودىگەرلەرگە ئېچىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1785 ـ يىلى مىسىر فىرانسىيە بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىم تۈزدى. لېكىن، مىسىر ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن چاغدا، ياۋروپادىن بىر قانچە ئەسىر ئارقىدا قالغانىدى.

## 2. ناپولېيوننىڭ مىسىرغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

مىسىر ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ تۇتاشقان قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھىندىستانغا بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى، شۇنداقلا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا ۋە دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جاي ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ مىسىرغا دىققەت قىلىشى ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە شەرقتىكى سودا ئۈستۈنلۈكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىدى. فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئىنقىلاب ھارپىسىدا مىسىرنى ئىشغال قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، مىسىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىران بىلەن بولغان سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، فىرانسىيەنىڭ ئەسلىي كارايىپ دېڭىزىغا تايىنىپ تەمىنلىنىدىغان قىسمەن خام ئەشيالىرىغا ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ ئېكسپورت بازىرىنى ئېچىش كويىدا بولدى. فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىن تەپتىش ھۆكۈمەت ۋە ناپولېئون مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەنگلىيەدىن تالىشىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلدى. 1797 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناپولېيون: «بىز يېقىن كەلگۈسىدە ئەنگلىيەنى ھەقىقىي تۈردە بىتچىت قىلىش ئۈچۈن مىسىرنى چوقۇم ئىشغال قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس

قىلىمىز» دەپ يازدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن «ھۇجۇم قىلىشنىڭ بازىسى ئۇچۇن چوقۇم بىر ئوتتۇرا يول بازىسى بولۇشى كېرەك. مىسىر تۇلونىدىن 600 فىرانسىيە چاقىرىمى، مالابار (ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى پەس دېڭىز قىرغىقى) دىن 1500 فىرانسىيە چاقىرىمى يىراقلىقتا، مىسىر ئەنە شۇنداق بازا ئىدى.»

1798 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تەپتىش ھۆكۈمىتى مىسىرغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناپولېيون 350 ئۇرۇش پاراخوتى ۋە 35 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەنى باشلاپ تۇلونىدىن يولغا چىقتى، ئۇ ئەسكەرلىرىگە: «سىلەر ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيەنىڭ يان قانىتى» دېدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فىرانسىيە ئۇرۇش پاراخوتى ئىسكەندەرىيە پورتىغا باردى ۋە فىرانسىيە ئارمىيەسى 12 كۈن داۋام قىلغان جەڭدىن كېيىن ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسى ۋە قاھىرە ئاھالىلىرى، دېھقانلىرىدىن تەشكىللەنگەن فىرانسىيەگە قارشى قوشۇن بىلەن ئەلئېھرام ئەتراپىدا كەسكىن جەڭ قىلدى. ئاخىر مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسى مەغلۇپ بولدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى قاھىرەنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا ناپولېيون قوشۇن ئەۋەتىپ مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسمىنى يوقىتىپ مىسىرنى بويسۇندۇردى.

ناپولېيون مىسىردا ئىتالىيەگە ئوخشاش بىر تەرەپتىن فېئوداللارغا قارشى بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ مىسىر خەلقىنى ئۆزىگە تارتتى. يەنەبىر تەرەپتىن مىسىر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ۋەھشىيلىك بىلەن باستۇرۇپ خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورىدى.

ناپولېيون فىرانسىيە ئارمىيەسى قاھىرەگە كىرگۈچە، مىسىر خەلقىنى مەملۇكنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن

«ئازاد قىلىدىغان»لىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كونا مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى مەمۇرىي ئورگانلارنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى توققۇز شەيخۇلئىسلامدىن تەركىب تاپقان قاھىرە يىغىنىنى تەشكىللەپ، فىرانسىيەلىكلەرنىڭ قاھىرەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى؛ پۈتۈن مىسىرنى 16 ھەربىي رايونغا بۆلدى ۋە ھەربىر ھەربىي رايونغا بىر گېنېرالنى ھەربىي ئەمەلدارلىققا تەيىنلەپ، يەرلىك مەمۇرىي كېڭەش قۇرۇپ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى مەملىكەتلىك دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى چاقىردى، بۇنىڭغا ھەرقايسى ھەربىي رايونلار توققۇز نەپەردىن ۋەكىل ئەۋەتتى.

ناپولېيون ئۆلۈپ كەتكەن ياكى سىرتتا قېچىپ يۈرگەن مەملۇكلارنىڭ بارلىق يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەرخىل باج سوممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاددىي باجقا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىسىر يېزىلىرىدىكى باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى يوقىلىشقا باشلىدى.

ناپولېيون فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش مەقسىتىدە بولكىخانا، يەرلىك پىۋا مەيدانى، سىپىلتىرا زاۋۇتى، ئوق ـ دورا زاۋۇتى، ھەربىي كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى، ماشىنىسازلىق ۋە كېمىسازلىق زاۋۇتلىرىنى قۇردى. بۇ زاۋۇتلار ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى پۇقرالارغا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى، سۇ پىرىسلاش قاتارلىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى، يەن تەتقىقات ئەسۋابلىرىنى ياسىدى.

كۆپلىگەن فىرانسىيە ئالىملىرى قوشۇنغا ئەگىشىپ مىسىرغا كەلدى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناپولېيوننىڭ رىياسەتچىلىكىدە مىسىر تەتقىقات ئورنى، ماتېماتىكا ئورنى، فىزىكا ئورنى،

سىياسىي ئىقتىساد ئورنى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورنى، كۇتۇپخانا، باسما زاۋۇتى ھەم تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى، مەشھۇر ئالىم مونرى باشلىقلىقتا تەيىنلەندى. تەتقىقات يۇرتى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات خىزمىتىمتى قانات يايدۇردى. روسپتا ئابىدىسىنىڭ بايقىلىشى مىسىرشۇناسلىققا ئاساس سېلىندى.

ناپولېيون فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تارىخىي شارائىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسى پۇتۇنلەي ئوخشىمايدىغان مىسىرغا ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كەلگەچكە، ئۇنۇمى دېگەندەك بولمىدى، ھەتتا يولغا قويالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناپولېيون بىر تاجاۋۇزچى بولغاچقا، مىللىي مۇستەقىللىقنى قىزغىن سۆيىدىغان مىسىر خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. ناپولېيون مىسىر خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «سىلەر ئاھالىلەرگە قاتتىق تاقابىل تۇرۇشۇڭلار كېرەك، مەن ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى قاھىرە كوچىسىغا ئاسىمەن، مانا بۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى» دېدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نېلسون فىرانسىيە فىلوتىنى يوقىتىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۆز ۋەتىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ناپولېيون مىسىر خەلقىنى تېخىمۇ قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا باشلىدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ھەرقايسى چوڭ شەھەردىكى سودىگەرلەردىن نۇرغۇن پۇل ئالدى، مەسىلەن، قاھىرە 500 مىڭ فىرانك، ئىسكەندەرىيە پورتى 300 مىڭ فىرانك تاپشۇردى. فىرانسىيە ئارمىيەسى مىسىر خەلقى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ پۈتكۈل ھەربىي خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالدۇ ۋە ناتۇرال باج تاپشۇردۇ. خوجايىن گۇۋاھنامە ئېلىش ئۈچۈن گۇۋاھنامە بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك،

دەپ بەلگىلەندى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك، ئەرز ـ شىكايەت، يەنە هاممام، قاۋاقخانا، دۇكان، قەھۋەخانا، تۈگمەن، جۇۋازخانا ۋە تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىقلاردىن يېڭى باج ـ سېلىق ئېلىش» توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. يېڭى باج پەرمانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى قاھىرەنىڭ تۇنجى قېتىم فىرانسىيەگە قارشى چوڭ قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

تۆۋەن قاتلامدىكى ئىسلام شەيخلىرى ۋە قول سانائەت كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، 1789 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قاھىرە خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتلىدى. مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئەزھەر مەسچىتىگە سەلدەك ئاقتى، شەھەر رايونىدىكى دېھقانلارمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. قوزغىلاڭچى ئامما فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ گارنىزون قوماندانى دېيىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى ئىگىلەپ، فىرانسىيە ئارمىيەسى بېسىۋالغان ئېگىزلىككە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ناپولېيون قاھىرەگە دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەزھەر مەسچىتىنى توپقا تۇتۇپ ئىشغال قىلىۋالدى؛ ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلدى، بىر كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 4000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

1799 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى ھىندىستانغا بارىدىغان يولنى ئېچىپ سۇرىيەگە يۈرۈش قىلدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى يافا شەھىرىدە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى، ناپولېيون پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى قىرغىن قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئەرك قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، مۇھاپىزەتچى قوشۇن يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىككى ئايدىن ئوشۇقراق جەڭ قىلىپ،

فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ 3000 دىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقاتتى ۋە ياربدار قىلدى. سۈرىيەگە يۈرۈش قىلغان ناپولېيون پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. 8 ـ ئايدا ناپولېيون ئۆزاقلا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى گېنېرال كىلېبېرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، فىرانسىيەگە يوشۇرۇنچە قايتتى.

1800 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى مىسىرغا كىرگەن ئوسمانىيە ئارمىيەسى بىلەن ئەينشەمس رايونىدا توقۇنۇشۇپ قالدى..قاھىرە خەلقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فىرانسىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتابى ۋە باشقا بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇننى يۆتكەپ قاھىرەگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. باشقا جايلاردىكى خەلق ئاممىسى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى. قاھىرەدە كۆتۈرۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن فىرانسىيە ئارمىيەسىنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

فىرانسىيە كۈچلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىپ ھىندىستاننى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئەنگلىيە تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ئاساسەن، 1801 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قوشۇن چىقىرىپ مىسىردا قورۇقلۇقتا چىقىپ، تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ مىسىرغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىغا «ياردەم بەردى». فىرانسىيە ئارمىيەسى ئىچ ـ ئىچىدىن قىستۇرما ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، ئاخىر قاھىرەدىن چېكىنىپ، ئىسكەندەرىيەنى مەھكەم ساقلىدى، 9 ـ ئايغا كەلگەندە ئىسكەندەرىيەدىنمۇ پۈتۈنلەي چېكىنىپ دۆلىتىگە قايتتى.

ناپولېيوننىڭ تاجاۋۇز قىلىشى مىسىر خەلقىنى تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قويدى، بىرقانچە ئون مىڭ

ئادەم پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن، مىسىر خەلقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش داۋامىدا بىر قېتىملىق قاتتىق سىناقنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇردى.

ناپولېيوننىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مىسىرنى تالىشىش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ناپولېيون مىسىردا مەملۇك فېئودال ـ پومېشچىكلار گۇرۇھىغا ئەجەللىك زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى پومېشچىك، سودىگەرلەر گۇرۇھى كۈرەش داۋامىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ناپولېيوننىڭ يولغا قويغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلىرى مەغلۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇھەممەد ئەلى ئىسلاھاتىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

## 3. مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى

مىسىر خەلقى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تۈركىيە سۇلتانى ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن، ئارمىيەسىنى قايتىدىن مىسىرغا كىرگۈزۈپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەملۇك گۇرۇھىنىڭ قالدۇقلىرى بىرقانچە تارماققا بۆلۈنۈپ يۇقىرى ـ تۆۋەن مىسىردا پىتىراپ يۈردى. بۇ چاغدا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىك، سودىگەرلەر گۇرۇھى رەسمىي ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ھەربىي فېئوداللىق تەپرىقە ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، چەت ئەلنىڭ قول قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن مۇستەقىل مىسىر قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇھەممەد ئەلى بۇ گۇرۇھنىڭ سىياسىي ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

مۇھەممەد ئەلى (1769 ~ 1849 ـ يىللىرى ) ئەسلىي ئالبانىيەلىك تاماكا سودىگىرى بولۇپ، كېيىن تۈركىيەنىڭ زاپاس

قوشۇنىغا قاتناشتى. مىسىردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرىدە، ۋاقتىنچە مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئاتامانى بىلەن بىرلىشىپ تۈركىيە باش ۋالىيسىنى قوغلىۋەتتى. 1804 ـ ۋە 1805 ـ يىللىرى قاھىرە خەلقى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇھەممەد ئەلى باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا قاتناشتى ۋە مەملۇك بىرلەشمە ئارمىيەسىنى تارمار قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، تۈركىيە سۇلتانى كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مۇھەممەد ئەلى جەمەتىنىڭ مىسىرغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بىر يېرىم (1805 – يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە) ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلدى.

ئەنگلىيە مىسىرنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كۈچلەر دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ناپولېئوننىڭ قوزغاش ئېھتىمالى بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، 1807 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە ئارمىيەسى شىلاد شەھىرىگە بېسىپ كىردى. بۇ شەھەرنىڭ ئارمىيە ـ خەلقى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئەنگلىيە گېنېرالى ۋالكۇپنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ 500دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. ئەنگلىيە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنە قوشۇننى ئىشقا سېلىپ شىلاد شەھىرىنى دەھشەتلىك توپقا تۇتتى. ئارمىيە ـ خەلق شىلاد شەھىرىنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى، ھەرقايسى جايلاردىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار قوشۇنى بەس ـ بەستە ياردەمگە كەلدى. ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە مىسىر ئارمىيە ـ خەلقى ئەنگلىيە ئوفىتسېرىدىن 38 نى، ئەسكىرىدىن 476 نى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسمى ئىسكەندەرىيەگە قېچىپ كەتتى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى مىسىر خەلقىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسى ئاستىدا مۇھەممەد ئەلى بىلەن

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى، 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىسكەندەرىيەدىن چېكىنىپ چىقتى.

ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىشى نەتىجىسىدە، مۇھەممەد ئەلى پورت شەھىرى ئىسكەندەرىيەنى كونترول قىلدى، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىك، سودىگەرلەرنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى.

مۇھەممەد ئەلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللىرىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، مىسىر تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى.

**يەر ۋە يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى.** مۇھەممەد ئەلى ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقىنى بىلەنلا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا تۇتۇندى. ئۇ شەيخۇلئىسلاملىرىنىڭ قالايمىقانچىلىق يىللىرى كۆپ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ كەتكەن، يۇز ـ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، «شەيخ ۋەخپىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئېلان قىلدى. مۇھەممەد ئەلى ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىدە قورال ئىشلىتىپ مەملۇكنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. 1811 ـ يىلى ئۇ قاھىرەدە قېچىپ قالغان مەملۇكلەرنى سالائىدىن قەلئەسىگە يىغىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى، چىرىكلەشكەن باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مەملۇكنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنىڭ بىرىمى مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى تۈركلەر، ئالبانلار، يەنە بىر قىسىم مىسىرلىقلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىكلار سىنىپىنى شەكىللەندۈردى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلى جەمەتىنىڭ مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. مۇسادىرە قىلىنغان يەرنىڭ

قالغان يېرىمى كىچىك پارچىلار (ئۈچ ــ بەش فىدان[1])غا بۆلۈپ، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلدى. بىرلىككە كەلگەن يەر بېجى يولغا قويۇلدى، باج سومىسى يەر سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ۋە سۇغىرىش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەندى.

مۇھەممەد ئەلى سۇ ئىنشائاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ياساپ، كونا ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇردى، 20 يېڭى ئۆستەڭ قازدى، 30 غا يېقىن توسما ياسىدى، سۇ ئامبارلىرىنى ياخشىلاپ پار ئارقىلىق سۇ چىقىرىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىسىنى ئىشلەتتى، سورت ئالماشتۇرۇپ يېڭى زىرائەتلەرنى، يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلدى، مىسىرنىڭ داڭلىق ئۇزۇن تالالىق پاختىسى مۇشۇ مەزگىلدە ئومۇملاشقانىدى.

يەر تۈزۈمى ۋە يەر بېجى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلانغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1821 ـ يىلىدىكى 2 مىليون فىداندىن كۆپىيىپ، 1849 ـ يىلىغا كەلگەندە 3 مىليون 850 مىڭ فىدانغا يەتتى، يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى بىر قېتىم ھوسۇل بېرىشتىن ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىشكە ئۆزگىرىپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئېكسپورت سانى كەڭ كۆلەمدە ئاشتى، پاختا ئېكسپورت مىقدارى 1821 ـ يىلىدىكى 944 تايدىن كۆپىيىپ، 1849 ـ يىلىغا كەلگەندە 250 مىڭ تايدىن ئېشىپ كەتتى.

**سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.** مۇھەممەد ئەلى سېلىترا مەيدانى، مىلتىق دورىسى زاۋۇتى، كېمىسازلىق زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇلما فابرىكىسى، بوياقچىلىق زاۋۇتى ۋە قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق ھەرخىل زاۋۇتلارنى قۇردى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىلا 30غا يەتتى. بۇ فابرىكا ـ زاۋۇتلاردا

[1] بىر فىدان 6.3 موغا، تەخمىنەن 4000 دىن كۆپرەك كىۋادرات مېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 31 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ھۈنەر ـ تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، غەربنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى، تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزدى. بىر تەرەپتىن ئىمپورت قىلىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن تەقلىد قىلىپ ياساشنى، يەنى تەقلىد قىلىپ ياساش ھامىنى بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا، ئىمپورتنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى.

زاۋۇتتىكى ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەجبۇرىي ھاشارغا ئېلىنغانلار ئىدى. ئۇلار ئىزۋوت، روتا ۋە باتالىيونلارغا بۆلۈنۈپ ھەربىيچە تۈرمۈش كەچۈرەتتى، دائىم دېگۈدەك قاتتىق دۇمبالىناتتى، تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى، قاماقتا ئېلىناتتى، ئۆز ئىختىيارىچە زاۋۇتتىن ئايرىلىشقا بولمايتتى.

1809 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلى كارخانا ۋە زاۋۇت خوجايىنلىرى ئېھتىياجلىق بولغان خام ئەشيانى ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە تەمىن ئېتىدۇ، مەھسۇلاتنى ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى.

**يېڭى ئارمىيە تەشكىللەش.** مۇھەممەد ئەلى مەملۇكتىن قېپقالغان كونا ئارمىيەنى قايتىدىن تەشكىللەپ يېڭىچە قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللانغان 250 مىڭ كىشىلىك يېڭى ئارمىيە قىلىپ تەشكىللەپ چىقتى. يەنە 32 ھەربىي پاراخوتى بار مىسىر دېڭىز ئارمىيەسىنى قۇردى. قۇدرەتلىك يېڭى ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، 1813 ـ يىلدىن باشلاپ ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىشكە فىرانسىيە، ئىتالىيەلەرگە ئادەم ئەۋەتتى. 1825 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپ ۋە ئىشتاب ئوفىتسېرلىرى مەكتىپى تەسىس قىلىپ، فىرانسىيە ئوفىتسېرلىرىنى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ

قىلدى.

مەدەنىيەت ـ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش. مۇھەممەد ئەلى ياۋروپانىڭ ئەندىزىسى بويىچە دەھرىي مائارىپ تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، ئون نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ئاچتى. مەخسۇس كۇرس مەكتىپىدە داۋالاش ۋە دورىگەرلىكى، يېزا ئىگىلىكى، تېخنىكا ۋە چەت ئەل تىلى قاتارلىق كەسىپلەر بار ئىدى. 1828 ـ يىلى «پىراگا مەتبەئەچىلىك ئورنى» ۋە «مىسىردىكى مۇھىم ۋەقەلەر» گېزىتى تەسىس قىلىندى قەدىمكى كىتابلار ئىزاھلاندى، گىراماتىكا تۈزىتىلدى، لۇغەتلەر تۈزۈلدى، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلار نەشر قىلىندى.

مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور تەرەققىياتىنى، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىدىيەسىنى ۋە پەن ـ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىپ مىسىرنى «شۇ چاغدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىردىنبىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر قىسمى»① غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسلاھات ئاساسى ئاجىز ئىدى. مۇھەممەد ئەلى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدى، دېھقانلار يەنىلا فېئوداللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچرىدى، ئىشچىلارمۇ يانچىلىق تۈزۈم تامغىسىدىن قۇتۇلالمىدى. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىسلاھاتنىڭ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

① ماركس: «بىرما ئۇرۇشى ـــ رۇسىيە مەسىلىسى ـــ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ قىزىقارلىق خەت ـ چەكلىرى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 231 ـ بەت.

## 4. كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى ۋە مىسىرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىشى

مۇھەممەد ئەلى پومپىشچىك، سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى توختىماي قوزغىدى. 1811 ـ يىلى ئۇ ئوسمانىيە سۇلتانلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قوشۇن ئەۋەتىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قوزغىلىپ كۆپ ئۇرۇشلاردا قۇرۇقلۇققا چىقتى ۋە كۈنىدىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان ۋەھھابىيلار ھەرىكىتىنى باستۇردى. مىسىر ئارمىيەسى يەتتە يىل داۋام قىلغان جاپالىق ئۇرۇش ئارقىلىق مەككە ۋە مەدىنەنى ئىشغال قىلىپ، كۆپلىگەن ئەرەب قەبىلىلىرىنى كونترول قىلدى.

1820 ~ 1821 ـ يىللىرى مۇھەممەد ئەلى يەنە قوشۇن چىقىرىپ سۇدانىنى بېسىۋالدى. سۇدان ئاتاقتا ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىسىر ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ «خۇسۇسىي مۈلكى» ئىدى.

1824 ـ يىلى گىرېتسىيەنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئوسمانىيە سۇلتانلىقى مۇھەممەد ئەلىدىن يەنە بىر قېتىم ياردەم تەلەپ قىلدى، سۇرىيە ۋە كىرىت قاتارلىق جايلارنى ئۆتنىگە بەرمەكچى بولدى. مىسىر ئارمىيەسى 1822 ـ يىلى ئالدى بىلەن كىرىت ئارىلىنى ئىشغال قىلدى، 1825 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلدى ۋە پۈتكۈل مورىيەنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشغال قىلىۋالدى. ئاقىۋەت، كۆچلۈك دۆلەتلەر ئارىلىشىشقا ئاتلاندى. 1827 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيەنىڭ بىرلەشمە فىلوتى مىسىر فىلوتىنى ئېغىر دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچراتتى، ئاخىر مىسىر ئارمىيەسى ئىلاجسىز چېكىنىپ دۆلىتىگە قايتتى.

گىرېتسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش مەغلۇپ بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ئەلى تۈركىيە سۇلتانىدىن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، سۇلتان مۇھەممەد ئەلىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. مىسىر 1831 ـ يىلى سۈرىيەگە قوشۇن تارتىپ، ئېرۇسالىم، يافا، دەمەشىق قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ۋە كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ كونستانتىنوپولغا شىپقاپ كەلدى. بۇ چاغدا چاررۇسىيە ھەدېگەندىلا مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، كىچىك ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتىپ، مىسىر ئارمىيەسىنىڭ كونستانتىنوپولغا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ تۇساتتىن مەيدانغا چىقىشىدىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ تۈركىيە ـ مىسىر توقۇنۇشىنى كېلىشتۈردى، ئاقىۋەت 1833 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «كۈتاخىيا كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، مىسىر قوشۇن چېكىندۈرۈش، دەمەشىق، ھەلەب، ئەرك، بېيرۇت ۋە تىرىپول قاتارلىق جايلارنى مىسىرنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىش بەلگىلەندى.

فىرانسىيە تەسىر دائىرىسىنى ئەرەب دۆلەتلىرىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلىنىڭ مىسىردا بۈيۈك ئەرەب ئىمپېرىيەسى قۇرۇش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە مىسىردىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيەنىڭ شەرقتىكى مۇستەملىكىلىرىگە بارىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولدى، ئەمما ئەنگلىيە شەرققە بارىدىغان يولدا قۇدرەتلىك مىسىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمىدى. خۇددى پولمېرستون ئېيتقاندەك، ئەنگلىيە ھىندىستانغا بارىدىغان يولدا تۈركىيە بىلەن ئالاقە قىلىشقا رازىكى، ئۆزلىرىگە تەشەببۇسكار مۇئامىلىدە بولىۋاتقان ئەرەب پادىشاھلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشنى خالىمايتتى. ئەنگلىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مىسىرنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە

ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوسمانىيە سۇلتانىنى مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا جىنىنىڭ بارىچە كۈشكۈرتتى.

1839 ـ يىلى، ئىككىنچى قېتىملىق مىسىر ـ تۈركىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. تۈركىيە ئارمىيەسى ئېفرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ سۈرىيەگە قاراپ ئىلگىرىلەپ ھەلەبكە يېتىپ باردى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى مىسىر ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەمدە نېسىبۇ جېڭىدە تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى يوقاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۈركىيە دېڭىز ئارمىيەسى تەسلىم بولدى. مىسىر ئارمىيەسى بىردىنلا كونستانتىنوپولنى تارتىۋالدى. ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە قىلىش مەنپەئەتىگە تەھدىت بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئەنگلىيە 1840 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رۇسىيە، پىرۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن بىرلىشىپ، مىسىر ـ تۈركىيە توقۇنۇشىغا مۇداخىلە قىلىدىغان «لوندون شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە مىسىر ئارمىيەسى سۇدان، سۈرىيەنىڭ جەنۇبىدىن باشقا جايلاردىكى رايونلاردىن چېكىنىپ چىقىش، قورال كۈچى بىلەن تۈركىيەگە «ياردەم بېرىش»، تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن بىختەرلىكىنى «قوغداش» توغرىسىدا كېلىشىش بەلگىلەندى. 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە فىلوتى سۈرىيە دېڭىز بويلىرىنى قامال قىلىپ بېيرۇت قاتارلىق پورتلارنى توپقا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىسىر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى سۈرىيە، لىۋان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قاپلىدى. مىسىر ئارمىيەسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلاردىن ئىلاجسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا مىسىرغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەرگەن فرانسىيە ھەل قىلغۇچ پەيتتە جىممىدە تۇرۇۋالدى. 11 ـ ئايدا مۇھەممەد ئەلى ئەنگلىيە بىلەن «ئەنگلىيە ـ مىسىر كېلىشىمى» تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ كېلىشىمدە مىسىرنىڭ ئارمىيەسىنى 18 مىڭ كىشىگە قىسقارتىش، كېمىسازلىق

زاۋۇتلىرىنى تاقاش، 1838 ـ يىلى ئىمزالانغان «ئەنگلىيە ـ تۈركىيە سودا كېلىشىمى»نى قوبۇل قىلىش بەلگىلەندى. بۇ سودا كېلىشىمىدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە (مىسىرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئەركىن سودا قىلىش، تۆۋەن تاموژنا بېجى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەل تاۋارلىرىدىن پەقەت 5% تاموژنا بېجى، ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن 21% تاموژنا بېجى ئېلىش بەلگىلەندى. «ئەنگلىيە ـ مىسىر كېلىشىمى» مىسىرنىڭ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

«ئەنگلىيە ـ تۈركىيە سودا كېلىشىمى»گە ئاساسەن، مىسىر دۆلىتىنىڭ مونوپول تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، نەتىجىدە ياۋروپانىڭ ئەرزان باھالىق تاۋارلىرى مىسىر بازارلىرىغا زور مىقداردا ئېقىپ كىرىپ، مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان سانائىتىگە زەربە بەردى. 1849 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇھەممەد ئەلى ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرغان زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى توختاپ قالدى. مونوپول تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى تۈپەيلىدىن، چەت ئەللىك سودىگەرلەر يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى، بولۇپمۇ پاختىنى كۆپلەپ سېتىۋالدى. 1840 ـ يىلىدىن 1852 ـ يىلىغىچە مىسىر پاختىسىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. مىسىر بارا ـ بارا مەخسۇس پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان نوقۇل زىرائەت دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى مىسىرغا بەس ـ بەستە مەبلەغ سېلىپ، زاۋۇت قۇرۇپ، قاتناشنى يولغا قويۇپ مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالدى. 1851 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىسكەندەرىيەدىن قاھىرەگە بارىدىغان تۆمۈريولنى ياساشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 1852 ـ يىلى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلىشىپ ئىچكى

دەريا تىرانسپورت شىركىتىنى ئاچتى، 1856 ـ يىلى ئەنگلىيە «مىسىر بانكىسى»نى قۇرۇپ، 500 مىڭ فونىدستېرلىڭ مەبلەغ سالدى، 1857 ـ يىلى فىرانسىيە ئىسكەندەرىيەدە تۆرۆبا سۈيى شىركىتى ۋە ئۇن زاۋۇتى قۇردى.

مىسىر تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن سۈۋەيش قانىلى قېزىلدى. 1854 ـ يىلى فىرانسىيە قانال قېزىشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، «سۈۋەيش قانىلى شىركىتى»نى قۇردى. قانالنى ياساش داۋامىدا مىسىر شىركەتنى قانال قېزىشقا ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. 1859 ـ يىلى ئەتىيازدا سۈۋەيش قانىلىنى قېزىش رەسمىي باشلاندى. ئەڭ ئىپتىدائىي قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، مىسىر خەلقى 10 يىل قۇللارچە ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، 120 مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ مۇھىم خەلقئارا يول مىسىر خەلقىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز جەسەتلىرىنىڭ كېپەنسىز قېلىشى ھېسابىغا پۈتتى. لېكىن، 1969 ـ يىلى سۈۋەيش قانىلى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، مىسىر قانال ياساش تۈپەيلىدىن قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ كەتتى، ئاخىر كۇندىن ـ كۇنگە ئەنگلىيە، فىرانسىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ قۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

## 3 ـ بۆلۈم ئالجىرىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرەشلىرى

### (1) فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەگە يۈرۈش قىلىشى

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ ئالجىرىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

1515 ~ 1586 ـ يىللىرىغىچە ئالجىرىيەگە ئوسمانىيە سۇلتانلىقى تەيىنلىگەن بېلى بېي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1587 ـ يىلى سۇلتان شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىشغالىيەت رايونىنى تىرىپولىتانىيە، تۇنىس ۋە ئالجىرىيەدىن ئىبارەت ئۈچ نائىب دۆلىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئالجىرىيە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولغان پاشا (باش ۋالىي) تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. 1671 ~ 1830 ـ يىللىرىغىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا ئەگىشىپ ئالجىرىيە ئاتاقتا ئوسمانىيە سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل فېئودال پادىشاھ — دېينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. 1689 ـ يىلدىن باشلاپ دېي گىۋاردىيە قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن سايلىنىدىغان بولدى. دېي بەش ۋەزىر (خەزىنە ۋەزىرى، دېڭىز ئارمىيەسى ۋەزىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى، ئوردا ۋەزىرى ۋە باج يىغىش ۋەزىرى)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنى ھەمكارلىشىپ ئىدارە قىلاتتى. پۈتۈن مەملىكەت تۆت ئۆلكىگە بۆلۈندى، ئالجىرىيە ئۆلكىسى دېينىڭ خۇسۇسىي زېمىنى بولدى. غەرب تەرەپتىكى ئۆلكە، مەركىزىي ئۆلكە ۋە شەرق تەرەپتىكى ئۆلكىلەرنى دېي بەلگىلىگەن بېي (باي) ئىدارە قىلدى. ھەربىر ئۆلكە بىرقانچە رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر رايون بىرقانچە قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇلارنى خەلق ئىشلىرى، ھەربىي ۋە سوت ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان قائىد باشقۇراتتى. قائىدلىقنى كۆپىنچە ھاللاردا تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك قەبىلە ئاقساقىلى ئۈستىگە ئالاتتى.

ئالجىرىيە نائىب دۆلىتى ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن كونسۇل ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. فىرانسىيە 1564 ـ يىلى كونسۇلخانا تەسىس قىلدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئەنگلىيەمۇ تۇرۇشقا ۋەكىل ئەۋەتتى. ئالجىرىيە فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە، شىۋېتسىيە ۋە دانىيە قاتارلىق

دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلدى. 1822 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە پۇتكۇل سودا مىقدارىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

فىرانسىيە سودا بۇرژۇئازىيەسى ئۆزىنىڭ ئالجىرىيە بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، سودا پونكىتى قۇرۇپ، مارجان ئېچىش پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 1714 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئەركىن ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. ماسساي سودا بۇرژۇئازىيەسى ئېكسپورت سودىسىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىۋېلىپ ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالدى. شۇڭا، ئۇ تارقاتقان ئىزناكتا ئافرىقا ئىلاھىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئىلاھنىڭ قولىدا مول ھوسۇلنىڭ سىمۋولى بۇرغا بولۇپ، بۇرغىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈۋاتقان باشاقنىڭ كۆرۈنۈشى بار ئىدى.

فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئالجىرىيەنى بويسۇندۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىغا ئۇزاق يىل بولغانىدى. ناپولېيون ئالجىرىيەنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن، ئىغۋبوۋتاننى ئەۋەتىپ قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنىنى رازۋېدكا قىلدى. تىرىلىش سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بۇ سۇلالە ئالجىرىيەگە يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت چەكلىك غەلىبە ئارقىلىق مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولدى. «يەلپۈگۈچنىڭ سېپى بىلەن ئۇرۇش ۋەقەسى» ئالجىرىيەگە قوشۇن چىقىرىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك باھانىسى بولدى.

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ۋە تەپتىش ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، ئالجىرىيە فىرانسىيەلىك سودىگەر باكرى ۋە بۇسناك ئارقىلىق فىرانسىيەنى بىر تۈركۈم ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. فىرانسىيەلىك سودىگەر پۇل قايتۇرۇشنى قەستەن كەينىگە تارتىپ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلدى. 1820 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ئالجىرىيە دېيلىرىنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى

تارتىۋالدى. دېي ئۇدا بىرنەچچە قېتىم فىرانسىيەگە خەت ئەۋەتىپ، پەقەتلا جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. 1827 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى هۈسەيىن دېي بۇ ئىشنى فىرانسىيە كونسۇلى دېرۋالدىن سۈرۈشتە قىلدى. دېرۋال قوپال تەلەپپۇزدا جاۋاب بېرىپ: «دۆلىتىمىز هۆكۈمىتى سىزگە خەت ـ ئالاقە ئەۋەتمەيدۇ، مانا بۇ تەلىپىڭىزنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دېدى. هۈسەيىن جاۋاب تەرىقىسىدە يوغان يەلپۈگۈچنىڭ سېپى بىلەن دېرۋالنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. فىرانسىيە تىرىلىش سۇلالىسى (يەنى قايتا تىرىلگەن بوربون سۇلالىسى) ئالجىرىيە دېيىنىڭ ئەپۇ سورىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دېڭىزدا قامال قىلىشنى يولغا قويۇپ، پائال تۈردە يىراققا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى كۆردى.

1830 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بۇرمونت 37 مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىنى باشلاپ سىدى فېررۇختا قۇرۇقلۇققا چىقتى، ئالجىرىيە ئارمىيەسى دەرھال قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتتى. 19 ـ كۈنىدىكى ستاۋېلى جېڭىدە ئالجىرىيەنىڭ گىۋاردىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، 29 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالجىر خان جەمەتى قەلئەسىگە قورشاپ هۇجۇم قىلدى، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شەھەرگە هۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، شۇ كۈنى كەچتە بۇرمونت بىر پارچە كېلىشىم لايىھەسىنى هۈسەيىنگە بەردى ۋە قول قويۇپ تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دېي تەسلىم بولدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالجىر شەھىرىگە كىردى.

كېلىشىمدە بۇرمونت «... ھەرقايسى قاتلامدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، مال ـ مۈلكىنى ۋە سودا ـ سانائىتىنى هېچقانداق زىيانغا ئۇچراتمايدىغانلىقى»غا كاپالەت بەردى. لېكىن، تاجاۋۇزچىلار شەھەرگە كىرىپلا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، تالان ـ تاراج قىلدى. ئۇلار ئالجىرىيەنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى

بولاپ، نۇرغۇن تىللا ۋە كۈمۈش تەڭگىنى كېمىگە قاچىلاپ دۆلىتىگە ئەكەتتى، بۇ ئاتالمىش ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 55 مىليون فىرانكقا يەتتى.

## 2. ئابدۇللا قادىر رەھبەرلىكىدىكى فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش

ئالجىر شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 1830 ـ يىلىدىن 1832 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن، مېتىجا ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنى ئىستېلا قىلدى. مەسىلەن، 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالجىر شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان شەھەر ئاھالىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقنى تۈگەتكەندە، نەيزە ئۇچىغا سانجىلىپ قالغان ئادەم باشلىرى، بىلەزۈكلەر تاقاقلىق ئاياللارنىڭ كېسىلگەن قوللىرى، ھالقا ـ زىرىلەر چاپلىشىپ قالغان پارچە ـ پارچە ئادەم گۆشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار قان ئارىلاش بۇ ئولجا بۇيۇملارنى سېتىپ، ئۇنىڭ ھارام پۇلىنى بۆلۈشتى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ زوراۋانلىقى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار «مۇستەقىللىقنى گۆھەردىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەپ، ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەتلەندى.»① غەربتە تېرىمۇسېندىن شەرقتە كونستانتىنوپولغىچە بولغان جايلاردا فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش ئەۋجىگە چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇللا قادىر رەھبەرلىكىدىكى غەربىي قىسىمدىكى خەلق

---

① ئېنگېلس: «ئالجىرىيە»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 14 ـ توم، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 104 ـ بەت.

كۆرشىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ، داۋام قىلغان ۋاقتىمۇ ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

ئابدۇللا قادىر (1808 ~ 1883) ئەرەب ئىسلام تەقۋادار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ياخشى تەربىيە كۆرۈپ، تاۋاپ قىلغىلى ئىككى قېتىم مەككە ۋە مەدىنىگە باردى، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى. ئۇ قەيسەر ـ شىجائەتلىك، تەمكىن، باتۇر ئادەم ئىدى. فىرانسىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى ماسكارانى مەركەز قىلىپ، غەربىي رايوندىكى خەلقنىڭ فىرانسىيەگە قارشى «غازات» قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. 1832 ـ يىلى ئابدۇللا قادىر سۇلتانلىققا كۆتۈرۈلدى. ئۇ دېھقانلارنى ئاساس قىلغان مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللىدى ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىگە زەربە بېرىپ، فىرانسىيەلىكلەرنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. 1834 ـ يىلى «دېمىشېر شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، «ئىككى دۆلەت خەلقى ــ ئوخشاش بىر ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ياشىشىنى خۇدا پېشانىسىگە پۈتكەن ــ ئۇتتۇرىسىدا» ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىق ئورنىتىدىغانلىقى؛ فىرانسىيە ئابدۇللا قادىرنىڭ ئوللان شەھىرىدىن باشقا ئوللان رايونىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بارلىق ئۇرۇش ئەشيالىرىنى سودا قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى جاكارلاندى.

ئابدۇللا قادىر فىرانسىيەگە قارشى كۈچنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە بىر قاتار ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشلارنى قىلدى. ئۇ غەربىي ئالجىرىيەنى سەككىز مەمۇرىي رايونغا بۆلۈپ، فېئوداللار بىلەن ئەزەلدىن ئالاقىسى بولمىغان كىشىلەرنى قائىدىلىققا، يەنى باج ـ سېلىق يىغىشقا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى، شۇ ئارقىلىق ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشىنى كۈچەيتىپ، فېئودال تەرىقىچىلىك كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇ ھەربىي

ئەسلىھەلىرى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن قورال ـ ياراغ ياساش ئورنى قۇردى.

1834 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ئالجىرىيەنى قوشۇۋالغانلىقىنى، باش ۋالىي تەيىنلەپ ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1835 ـ يىلى فىرانسىيە «دېمىشېر شەرتنامىسى»نى يىرتىپ تاشلاپ قايتىدىن ئۇرۇش قوزغىدى. 6 ـ ئايدا تىرېزېل 2500 كىشىلىك فىرانسىيە قوشۇنىنى باشلاپ خابرا جىلغىسىغا كەلگەندە، ئابدۇللا قادىر رەھبەرلىكىدىكى 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۈچتىن بىر قىسىم ئادىمىدىن ئايرىلدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ پايتەختى ماسكارا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئابدۇللا قادىر 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تولاپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى تافنا دەرياسىدا مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئېغىر تالاپەت يەتكۈزدى. 1837 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئىلاجسىز ئابدۇللا قادىر بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «تافنا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىدە ئىككى تەرەپ ئەركىن سودا قىلىدۇ؛ فىرانسىيەلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر بىر ـ بىرىنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا بولىدۇ؛ فىرانسىيە ئابدۇللا قادىرنىڭ ئالجىر، ئوللان قاتارلىق شەھەرلەر ۋە شەرقىي قىسمىدىكى بەزى رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا زېمىندا مۇستەقىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىيلىسى ئىدى. فىرانسىيە ئالدى بىلەن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ شەرقىي قىسمىدىكى ئەخمەد رەھبەرلىكىدىكى فىرانسىيەگە قارشى كۈرەشنى باستۇرماقچى، ئاندىن تىغ ئۇچىنى ئابدۇللا قادىرغا قارىتىپ قوزغىلاڭچىلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

1837 ـ يىلى 10 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى كونستانتىنو ـ

پولنى بېسىۋېلىپ ئەخمەدنى مەغلۇپ قىلدى، ئالجىر شەھىرىدىن كونستانتىنوپولغا بارىدىغان يولنى ئېچىپ، فىرانسىيە ئىگىلىۋالغان رايونلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن فىرانسىيە ئارمىيەسى 1838 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كونستانتىنوپولدىن يولغا چىقىپ سېتىفقا كەلدى ۋە تۆمۈر دەرۋازىدىن ئۆتتى، 1839 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالجىر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى «تافتا شەرتنامىسى»دە بەلگىلەنگەن چېگرانى ئۇچۇق ـ ئاشكارا بۇزغانلىقى ئىدى. ئابدۇللا قادىر فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئاغزىدا دېگەن تىنچلىقنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «غازات» قىلىشنى جاكارلىدى ۋە قوشۇن تارتىپ مىتىجانى قايتۇرۇۋېلىپ، ئالجىر شەھىرىگە قىستاپ كېلىپ فىرانسىيەلىكلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

1840 ـ يىلى ئەتىيازدا فىرانسىيە ئارمىيەسى ھۇجۇم قوزغىدى، 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېڭىزغا يانداش رايون شېرشېلنى ئىشغال قىلدى، 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەدىيەنى بېسىۋالدى، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىلىيانانى تاجاۋۇز قىلدى. ئابدۇللا قادىر ئاممىنى قوزغاپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە غەلىبە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۈچىنى توپلاپ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتتى.

1840 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرو ئالجىرىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ئادەم ئىنتايىن ۋەھشىي ھەم ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ باش ۋالىيلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەنلا: «ئالجىرىيەنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلىچ بىلەن ساپان ئىشلىتىش كېرەك» دېدى. ئىلگىرىكى فىرانسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتتى ۋە چوڭ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇش قىلماي، بەلكى كىچىك قوشۇن ئىشلىتىپ تازىلاش ئېلىپ باردى. «خارابىگە ئايلاندۇرۇش سىياستى»نى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى، چارۋا ماللارنى، سۇ

مەنبەسىنى، ئاشلىق ئامبىرىنى ۋە قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى، ياساش ئورۇنلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. 1841 ـ يىلىدىن 1842 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، فىرانسىيە ئارمىيەسى ماسكارا، سەئىد، تىلىمىسىن ۋە سەيبۇدۇ قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران قىلدى ۋە بېسىۋالدى. 1843 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئابدۇللا قادىرنىڭ تاگىناگىنىدا تەسىس قىلغان «كۆچمە پايتەختى»گە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەگە قارشى قوشۇن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ماراكەشنىڭ چېگراسىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ماراكەش ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە بېقىنمىغان بىردىنبىر شىمالىي ئافرىقا دۆلىتى ئىدى. ماراكەش ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارىتا بىر تەرەپتىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇللا قادىرنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالدى. ئابدۇللا قادىر بۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قوشۇننى قايتىدىن رەتكە سېلىپ يەنە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. فىرانسىيە بولسا ماراكەشكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئابدۇللا قادىرنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. 1844 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسى ماراكەشنىڭ تانگېر ۋە موگادور دېگەن يېرىنى توپقا تۇتتى، فىرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئېيلىس دەرياسى جېڭىدە قوزغاپ ماراكەش ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. 9 ـ ئايدا «تانگېر شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، ماراكەش فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە «ھەرقانداق بىر شەكىلدە فىرانسىيەنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بەرمەيدىغان»لىقىغا ۋەدە بەردى.

ئابدۇللا قادىر ماراكەشنىڭ ياردىمىنى توختاتقانلىقىدىن

مەيۈسلىنىپ كەتمىدى. 1845 ـ يىلى ئالجىرىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا فىرانسىيەگە قارشى يېڭى كۈرەش كۆتۈرۈلدى. 9 ـ ئايدا ئابدۇللا قادىرنىڭ قوشۇنلىرى جىماغازاۋىت ئەتراپىدا تاجاۋۇزچى ئارمىيەنى قورشاپ يوقاتتى، 400دىن ئارتۇق فىرانسىيە ئەسكىرىدىن ئاران 16سى قېچىپ قۇتۇلدى. ئابدۇللا قادىر شەرقىي قىسىمغا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ مىتىجا تۈزلەڭلىكىگە كىردى. فىرانسىيە ئارمىيەسى دەرھال ھەرىكەتچان كالوننا تەشكىللەپ ئابدۇللا قادىرغا قوغلاپ زەربە بەردى. جاپالىق جەڭ ئىككى يىل داۋام قىلدى، ئابدۇللا قادىر 1847 ـ يىلى بىر قېتىملىق جەڭدە يېڭىلىپ تەسلىم بولدى.

ئابدۇللا قادىر رەھبەرلىكىدىكى فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش مەغلۇپ بولسىمۇ، تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، فىرانسىيەنىڭ 40 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇنىڭ كۈرىشى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 1849 ـ يىلى زاجا بوستانلىقىدىكى، 1852 ـ يىلى لاغۇئاتتىكى، 1854 ـ يىلى تۇگۇرتتىكى، 1859ـ يىلى غەربىي قىسىمدىكى ئاتلاس تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى، 1864 ـ يىلى ئۇلىدشىدىسىكتىكى قەبىلىلەرنىڭ فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى.

## 3. فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى

فىرانسىيە ئىستېلا يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىللەرى ئالجىرىيەدە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. 1834 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ئالجىرىيەنى «فىرانسىيەنىڭ بېقىندى»سى دەپ جاكارلاپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق باش ۋالىي مەھكىمىسى قۇردى. باش

ۋالىي ھەربىي ھوقۇق ۋە مالىيە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1845 ـ يىلى ئالجىرىيەنى ئالجىر، ئوللان، كونستانتىنوپول دەپ ئۈچ ئۆلكىگە بۆلدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەر «پۇقرالار رايونى» ۋە ئەرەبلەر رايونىغا ئايرىلدى. پۇقرالار رايونى ياۋروپالىقلار كۆچۈپ كېلىدىغان جاي بولۇپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى، ئەرەبلەر رايونىنى ھەربىي باشقۇراتتى. بىرو «ئەرەب ئىدارىسى» قۇرۇپ، يەرلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ پائالىيىتىنى نازارەت قىلدى، دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدى، باج ـ سېلىقنىڭ ئومۇمىي نورمىسىنى بەلگىلىدى ھەمدە تولۇق يىغىشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلار تەيىنلىگەن قائىد قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى باج يىغىش ۋە ئاھالىلەرنى مەجبۇرىي ھاشارغا سېلىش ئىدى.

فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ يەرلىرىنى ھەدەپ تالان ـ تاراج قىلدى. فرانسىيە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى ئالجىرىيەنىڭ يەر تۈزۈمى ئىسلام ئادەت قانۇنى بويىچە ۋەخپە يەر (مەسچىتنىڭ يېرى)، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، ئارك يەر، قەبىلە يېرى ۋە جەمەت ئىگىلەپ ۋارىسلىق قىلىدىغان يەر دەپ بۆلۈنەتتى. ئالجىرىيەدە ياۋروپانىڭكىگە ئوخشاش يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يوق ئىدى. 1843 ـ يىلى فرانسىيە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ۋەخپە يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرگە قوشۇۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىككىنچى يىلى ۋەخپە يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

فرانسىيەگە قوراللىق قارشى تۇرغان ياكى فرانسىيەگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قوللىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ يېرى تارتىۋېلىندى. نەتىجىدە كۆپلىگەن قەبىلىلەر يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ يېرى 100 مىڭ گېكتارغا كۆپەيدى. كوللېكتىپنىڭ يەرلىرى «بوش يەر ۋە ئىگىسىز يەر»

دەپ ئېلان قىلىنىپ سودا تاۋارىغا ئايلاندۇرۇلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش نىقابى ئاستىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەربىر يەر ئىگىسىنىڭ — مەيلى ياۋروپالىق ياكى ئەرەب بولسۇن — رەسمىي ئىسپاتى بولسىلا، ئۇلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىسلام ئادىتى بويىچە يەرگە ئىگە بولغان ئالجىرىيەلىكلەر رەسمىي ئىسپاتنى ھەرگىز چىقىرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، جەمەت ئىگىلەپ ۋارىسلىق قىلىدىغان يەر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە تارتىۋالىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى يۇقىرىقىدەك خىلمۇ خىل رەزىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق نۇرغۇن يەرنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋالدى. 1850 ـ يىلى مۇستەملىكىچىلەر ئىگىلىۋالغان يەر 115 مىڭ گېكتارغا، 1860 ـ يىلى 360 مىڭ گېكتارغا، 1870 ـ يىلى 760 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بۇ يەرلەرنى فىرانسىيە ئوفىتسېرلىرى، كاپىتالىستلار ۋە مونوپول شىركەتلەر تارتىۋالدى. مەسىلەن، 1853 ـ يىلى قۇرۇلغان جەنۋە شىركىتى 20 مىڭ گېكتار يەرنى تارتىۋالدى، 30 دىن ئارتۇق مۇستەملىكىچى 160 مىڭ گېكتار ئورمانلىقنى ئىگىلىۋالدى. مۇستەملىكىچىلەر زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان يەرلەردە ئېكىنزارلىق ئېچىپ، ئۈزۈم ۋە تاماكا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش ئارقىلىق فىرانسىيە سانائىتىنى زور مىقداردىكى ئەرزان باھالىق خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئالجىرىيە ئەمگەكچى خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، ئاقىۋەت نۇرغۇن دېھقانلار يەردىن مەھرۇم قىلىنىپ، پىرسەنت بويىچە ئىجارە تۆلىگۈچى ئورتاقچى ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلىنىپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. ھەريىلى ئاپەت يۈز بېرىپ نۇرغۇن ئالجىرىيە خەلقى ئۆلۈپ كەتتى، مەسىلەن، 1868 ـ يىلىدىن 1870 ـ يىلىغىچە

500 مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى.
فىرانسىيە ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، «ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئالجىرىيەگە زور تۈركۈمدە ئاھالە يۆتكىدى. 1833 ـ يىلى ياۋروپا كۆچمەنلىرى 7800 كىشى ئىدى، 1847 ـ يىلى 109 مىڭ كىشىگە، 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە 200 مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇ 200 مىڭ كىشى ئىچىدە 120 مىڭى فىرانسىيەلىك، قالغان قىسمى ئىسپانىيەلىكلەر، گېرمانىيەلىكلەر، شىۋېيتسارىيەلىكلەر، مالتالىقلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. زور كۆپچىلىك كۆچمەنلەر قول سانائەت ۋە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، ئاز ساندىكى كاپىتالىستلار نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولۇپ ئېكىنزار خوجايىنلىرى ۋە كاپىتالىستلارغا ئايلاندى. 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتا زور تۈركۈمدىكى ئىنقىلابچىلار ئالجىرىيەگە سۈرگۈن قىلىندى. شۇڭا، ئالجىرىيە فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسى، پىرولېتارىياتنىڭ جازا مەيدانى بولۇپ قالدى.

## 4 ـ بۆلۈم جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ گوللاندىيە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشى

### (1) مۇستەملىكىچىلەر تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرىكى جەنۇبىي ئافرىقا

جەنۇبىي ئافرىقا (ئازانىيە) ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان، ئىككى ئوكيانىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، غەرب تەرىپىدە ئاتلانتىك ئوكيان، شەرق تەرىپىدە ھىندى ئوكيان بار ئىدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرىدىغان سۇۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلىنىشتىن ئىلگىرى سۇ يولى ئارقىلىق قىتئەلەر ئارا قاتنىشىدا ئافرىقا قىتئەسىنىڭ

جەنۇبىي تۇمشۇقنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا جەنۇبىي ئافرىقا شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

مۇستەملىكىچىلەر تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا كويسانلار ۋە بانتۇلار ئولتۇراقلاشقانىدى. كويسانلار كوي – كوينلار (خوتتېنتوتلار) ۋە بۇشمانلار (سانلار) دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ تېرىسى سۇس سېرىق، چېچى بۇدۇر كېلىدۇ. كويسانلار يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇشمانلار ئوۋچىلىق ۋە يىغىش – تويلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۆز ئىچىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك ئوۋچىنى باشلىق قىلاتتى. ئوۋچىلىقنىڭ ئاساسلىق قورالى قىسقا يا ۋە زەھەرلىك ئوق بولۇپ، ئوق باشقى تاشتىن ياكى سۆڭەكتىن ياسىلاتتى. ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى يوق ئىدى، پەقەت دەرەخ شاخ – شۇمبىلىرىدىن كىچىك كەپە ياساپ ئولتۇراتتى ياكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ۋاقىتلىق قونالغۇ قىلاتتى. كوي – كوينلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، كالا، قوي باقاتتى ۋە ئوۋچىلىق قىلاتتى، يىغىپ تويلايتتى، ئۇلار يېڭى ئوتلاق ئىزدەش ئۈچۈن كۆچۈپ يۈرەتتى، ئۇلاردا قەبىلە شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلىنىڭ يېرى ۋە باشلىقى بار ئىدى. لېكىن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي بىرلىكى ئۇنچىلىك مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئەگەر بىرەر ئۇرۇق قەبىلىنىڭ قارارىغا قوشۇلمىسا، خالىغان ۋاقىتتا ئايرىلىپ كېتەتتى.

15 – ئەسىردىن باشلاپ يانتۇلار ئۈچ توركۇمگە بۆلۈنۈپ جەنۇبقا كۆچتى. ئاۋۋال جەنۇبقا كۆچكەن ئېنگۇرالار ناتال ۋە ترانسكېيگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتى؛ سوتولار ئورانج، ترانسۋال ۋە بوتسۋاناغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشتى؛ خېرېرولار ۋە ئوبوۋانلار بولسا غەربىي جەنۇبى ئافرىقىغا كەلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بانتۇلارنى كويسانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا ئىدى. چارۋىچىلىق

يەنىلا ئاساسلىق تارماق ھېسابلىناتتى، لېكىن بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئوتىغۇچ دېھقانچىلىقى ۋە ئائىلە قول سانائىتى بار ئىدى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يېرى بار ئىدى. ئەمما، ئات ـ ئۇلاغلىرى بايلىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىناتتى. ئۇلار مېتال ئېرىتىپ، تۆمۈردىن ئوتىغۇچ، ئامبۇر، پالتا، پىچاق، نەيزە ۋە ئوق باشقى ياسايتتى؛ مىستىن بىلەزۈك ۋە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ياسايتتى؛ ئوت ـ چۆپ ۋە قومۇشتىن بورا، سېۋەت ۋە ھەرخىل ئۆي جاھازلىرىنى توقۇيتتى. ھايۋان تېرىسىدىن كىيىم ـ كېچەك تىكەتتى. تۆمۈرچىلەر تېرىقچىلىق قىلمايتتى، ئۇلار تۆمۈردىن ياسىغان نەرسىلىرىنى ئات ـ ئۇلاغ، ئاشلىق ۋە تۇرلۇك ئائىلە كۈندىلىك بۇيۇملىرىغا تېگىشەتتى. بانتۇ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە ئاقساقىلى (ئەۋلادلىرىغا مىراس قالاتتى)، ھەربىر قەبىلىنىڭ بىرقانچە خادىملىرى بولاتتى، ئۇلار ئاقسۆڭەك جەمەتىدىن ئىدى.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كېلىشى ئازانىيە خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بۇزۇۋەتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پورتۇگالىيە دېڭىز قاراقچىلىق كېمە ئەترىتى دائىم جەنۇبىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرىغا كېلىپ، تاتلىق سۇ، يېڭى كۆكتات ۋە ھەرخىل گۆشلەرنى قاچىلاپ ئەكېتەتتى. ئۇلار ئېسىل قوراللىرى بىلەن كوي ـ كوينلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى بۇلاپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كوي ـ كوينلار مۇستەملىكىچىلەرگە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدايتتى. مەسىلەن، 1510 ـ يىلى ئۇلار پورتۇگالىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى ئالمېيدا ۋە ئۇنىڭ 75 ئادىمىنى ئۆلتۈردى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئاخىر جەنۇبىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرى بىخەتەر ئەمەس، بۇ يەردە ھەرگىز مۇستەملىكە تايانچ پونكىتى قۇرغىلى بولمايدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدى.

## 2. كاپ مۇستەملىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

گوللاندىيە ھىندونېزىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا گوللاندىيەنىڭ دېڭىز ۋە سودىدىكى زوراۋانلىقى ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم بولۇپ قالدى. 1598 ـ يىلىلا ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئۆتكەن گوللاندىيە سودا كېمىلىرى 26 گە يەتتى. 1647 ـ يىلى ھىندونېزىيەدىن قايتقان گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ بىر پاراخوتى چۈۋان قولتۇقىنىڭ تېيىز يېرىدە توختاپ قالدى. 60دىن ئارتۇق پاراخوت خادىمى بۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇردى، 1649 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇتقۇزۇۋېلىنىپ دۆلىتىگە قايتتى. بۇ پاراخوتنىڭ كاپىتانى جونسون قاتارلىقلار شەرقىي ھىندىستان شىركىتىگە جەنۇبىي ئافرىقىغا ئاھالە يۆتكەپ مەڭگۈلۈك مۇستەملىكە تايانچ پونكىتى قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى فون رىبېكنى قوماندانلىققا تەيىنلىدى. ئۇ 100 كىشىلىكتىن ئۇشۇق مۇستەملىكە قوشۇنىنى باشلاپ، 1652 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىغا يۇرۇپ كەتتى. شىركەت مۇدىرىيىتى ئۈمىد تۇمشۇقىدا قەلئە قۇرۇشنى، «ئەڭ ياخشى ۋە مۇنبەت يەر»نى تالLاپ ئېكىنزار ئېچىپ، تاتلىق سۇ، ئاشلىق ۋە كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن «ياخشى مۇناسىۋەت»نى ساقلاپ قېلىشنى، ئات ـ ئۇلاغ سودىسى قىلىش ھەمدە ئۇلارنى «ئىسلاھ قىلىنغان خىرىستىيان دىنىغا ۋە خۇداغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى.

1652 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى چۈۋان قولتۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. فون رىبېك دەرھال سۇ مەنبەسى ياخشى جاينى تالLاپ، قەلئە ۋە قوتان، ئۈستىخانىلارنى سالدۇردى، بىر پارچە يەرنى زورلۇق

بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، كۆكتات ۋە زىرائەت تېرىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ يەرگە يېڭى كەلگەچكە، ئاساسى ئاجىز، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يېڭى يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىغا موھتاج ئىدى، شۇڭا بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن «دوستانە» كۆرسىتىپ، يارماق، مىس، قىل سىم ۋە تاماكا قاتارلىقلارغا كوي ـ كوينلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تېگىشتى. بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئاتاقتا سودا، ئەمەلىيەتتە ئالداپ ئېلىۋېلىش ئىدى. مەسىلەن، سەككىز پېنىسغا يارايدىغان بىر تەسۋىگە سېمىز ۋە تىمەن بۇقا تېگىشلىكى بولاتتى.

1656 ـ يىلى گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ يەر ئىگىلىشىگە، ئېكىنزارلىق ئېچىشىغا قوشۇلدى ھەمدە ئۇلارغا «ئەركىن تىجارەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بەردى. ئاق تەنلىكلەر ئاھالە كۆچۈرۇشنى بارغانسېرى كۆچەيتتى، 17 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى 394 ئادەم بولسا، 1790 ـ يىلى كۆپىيىپ 14 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئۇرغۇن يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنى قۇل قىلغان چوڭ پومېشچىكلارغا ئايلاندى. بۇ گوللاندىيەلىك كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بۇرلار① دەپ ئاتالدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىگىلىگەن يەرنىڭ كۆلىمىنى ئۇزۇكسىز كېڭەيتىپ، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇردى، يەنى كوي ـ كوينلار مۇستەملىكىچىلەر تېرىغان زىرائەتلەرنى يۇلۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بېقىۋاتقان ماللىرىنى ھەيدەپ كەتتى. 1659 ـ يىلى فون رىبىك بۇنى باھانە قىلىپ كوي ـ كوينلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بۇرلارنى «زومىگەرلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرى»نى

① بۇر — دېھقان دېگەن مەنىدە.

تەشكىللەپ ئۇرۇشقا قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىپ، كوي ـ كوينلارنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇردى. ئۇرۇش بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالاپ چېگرا سىزىقىنى ئايرىدى.

كېلىشىمنىڭ سىياھى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلەر چېگرادىن ھالقىپ ئۆتۈپ يېڭى يەرلەرنى بېسىۋالدى. 1672 ـ يىلى كاپ مۇستەملىكە دائىرىلىرى يەنە ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، كوي ـ كوينلارنىڭ قولىدىن سالدانا قولتۇقىدىن فالس قولتۇقىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ بىر رايوننى سېتىۋالدى. كېلىشىم ئىمزالاش ۋاقتىدا 1600 فوندستېرلىڭ بېرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەر بىرنەچچە خىل ناچار ماللارنى نەق پۇل ئورنىغا بەردى، مال باھاسىنى مۇستەملىكىچىلەر «بېكىتتى»، كوي ـ كوينلار توققۇز فوندستېرلىڭ، ئون ئىككى شىللىڭ توققۇز پېننىغا ئېرىشتى. ئاخىر چىداپ تۇرغۇسىز ئەھۋالدا قالغان كوي ـ كوينلار سالدانا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى گونىمانىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار «قاتىللىق جىلغىسى»غا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، سالدانا قولتۇقىدىكى گوللاندىيە چارۋىچىلىق پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇرلاردىن بىرقانچىنى ئۆلتۈردى. كاپ مۇستەملىكە دائىرىلىرى قوشۇن تارتىپ جازا يۇرۇشى قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم كوي ـ كوينلار قەبىلىسىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچكىرى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا قوغلىۋەتتى.

1680 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى كوي ـ كوينلارنىڭ ئىككى قەبىلىسىدىكى ناماكۋالار ۋە گىرىكۋالارنى كۆشكۈرتۈپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا سالدى. مەغلۇپ بولغان گىرىكۋالار گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ياللانما ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ

كەتتى. 1713 ـ يىلى مۇستەملىكىچىلەر «كىرگۈزگەن» چېچەك كاپ رايونىدىكى كوي ـ كويىنلارنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جېنىغا زامىن بولدى.

ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق ۋە ۋابا قاتارلىقلار گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كوي ـ كويىنلارنى يوقىتىشىنىڭ ئەڭگۈشتەرى ئىدى. دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان كوي ـ كويىنلار يوقىتىلغاندىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەر ئىچكىرى رايونلاردا ياشاۋاتقان بۇشمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. «زومىگەرلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرى»نىڭ بىر كاتتىبېشى ئالتە يىل ئىچىدە 3200 ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئەسىرگە ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1774 ـ يىلى بۇشمانلارنى يوقاتقان ئۇرۇش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، 250 كىشىلىك زومىگەرلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرى بۇشمانلاردىن 500نى ئۆلتۈرۈپ، 329 نى ئەسىر ئالدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھەر قېتىم ئۇرۇش قوزغىسا بىر تۈركۈم يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرۈپ كەڭرى يەرلەرنى بېسىۋالاتتى. 1775 ـ يىلى ئۇلار ۋىس دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. كويسانلار قەبىلىسىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، جېنى ئامان قالغانلاردىن تاغ ـ ئورمانلارغا قېچىپ كېتەلمىگەنلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ياللانما ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

غەربىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئافرىقا قۇللارنى ئوۋلاش ۋە ئېلىپ ـ سېتىشتىكى ئاساسلىق رايون ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چوڭ ئىككى قۇل سودىسى رايونىنىڭ ئارىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا قۇللارنى چىقىرىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى قۇللارنى توپلايدىغان رايون ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى كەڭرى زېمىننى بېسىۋېلىپ ئېكىنزارلىقلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچىگە موھتاج ئىدى. مۇستەملىكىچىلەر كويسانلارنى قۇلغا ئايلاندۇرۇشقا

ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ياۋروپادىن ئەكەلدۇرگەن ئاق تەنلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ مائاشى يۇقىرى، ئادەم سانى ئاز بولغاچقا، ئاق تەنلىك ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. شۇڭا، قۇللارنى ئېلىش ساداسى ئاق تەنلىك ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1657 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 12 نەپەر قۇل ئېلىندى، بۇلار ياۋا ۋە ماداغاسقاردىن كەلگەنلەر ئىدى. 1658 ـ يىلى ئانگولادىن ئىككى تۈركۈم قۇللار، يەنى بىرىنچى تۈركۈمدە 147، ئىككىنچى تۈركۈمدە 229 قۇل كىرگۈزۈلدى. ئانگولالىقلار كويسانلارنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپىنچىسى قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر قۇللارنى ئاساسلىقى شەرقىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ھىندىستاندىن كىرگۈزۈشكە باشلىدى. كىرگۈزۈلگەن قۇللار ئىچىدە مالايلار بىرقەدەر مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قۇل ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قارا تەنلىكلەر ۋە ماداغاسقارلىقلار يېزا ئىگىلىك قۇل ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. كويسانلار چاكار بولاتتى ۋە مال باقاتتى، ئۇلار يېرىم قۇل ھېسابلىناتتى.

جەنۇبىي ئافرىقا مۇستەملىكە جەمئىيىتىدىكى رەڭلىك ئىرقلار ئېكسپلاتاتسىيە، قۇل قىلىناتتى ۋە كەمسىتىلەتتى. 1754 ـ يىلى كاپ مۇستەملىكىسىنىڭ باش ۋالىيسى خوجايىنىنى ئۇرغانلىكى ھەرقانداق قۇل مەيلى قۇرۇق قول ياكى ئەر ـ ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى بىردەك ئۆلتۈرۈلىدۇ. قۇللارنى باغلاش، قامچىلاش، ئەن سېلىش، قۇلىقىنى كېسىش ئۆزگەرمەس قائىدە، رەڭلىك ئىرقلارنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن توي قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، رەڭلىك ئىرق بالىلىرى ئاق تەنلىك بالىلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇشقا بولمايدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈردى.

رەڭلىك ئىرقلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئاساسىدا ئاق تەنلىك ئېكىنزار قۇلدارلار گۇرۇھى شەكىللەندى. ئۇلار ھەر دەرىجىلىك مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارى ۋە ئوفىتسېرى بولۇپ، كۆنلىرىنى ئوۋ ئوۋلاش، كالا ھارۋىلىق ساياھەت قىلىش، تويغۇچە يەپ - ئىچىش، قىلچە مېھنەت قىلماي تىرىكتاپلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. قەبىھە، چىرىكلەشكەن بۇ گۇرۇھ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىك ئىرقچىلىق ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئاساسى ئىدى.

مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئاق تەنلىك ئىرقچىلىق ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىرق ئەۋزەل نەزەرىيەسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆككە كۆتۈردى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىرق ئوتتۇرىسىدىكى بىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى تەبىئىي پەرقنى دىندىكى بىدئەتلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاق تەنلىكلەر ئەۋزەل، قارا تەنلىكلەر پەس دېگەننى تەشۋىق قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا مۇستەملىكىچىلىك ئىلاھىيەتشۇناسلىرى «ئىنجىل»دىكى ھېكايىدىن پايدىلىنىپ يەر يۈزۈش يالغان گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ، قانداقتۇر ئافرىقىلىقلار «ھامنىڭ ئەۋلادلىرى»، ھام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنجى ئوغلى، شۇڭا ئافرىقىلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا «پەس»لەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك، دېدى. بۇ خىل ئىرقچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قارا تەنلىكلەر «ئادەم» دەپ قارالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش سالاھىيىتى يوق، ئېتىز - قىرلار ۋە ئاشخانىلار ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئەمگەك قىلىش سورۇنى ئىدى. سىياسىي جەھەتتە، ئۇلار سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشقا لايىق ئەمەس، قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ، پەقەت ئاق تەنلىك خوجايىنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

## 3. ئەنگلىيە بىسۋالغان كاپ مۇستەملىكىسى

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەكسىيەتچى پادىشاھ ھاكىمىيەتلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلىرى ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرۇپ فىرانسىيەگە قارشى تۇردى، لېكىن گوللاندىيە جۇمھۇرىيەتلىرى فىرانسىيە بىلەن بىرلىشىپ گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ باتاۋىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. 1795 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئادمىرالى ئېلفىنستون گوللاندىيە ھۆكۈمدارى شاھزادە ئورانجىنىڭ خېتىنى ئېلىپ، فىلوتنى باشلاپ جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلدى ۋە كائاپ مۇستەملىكىسىنى ئىشغال قىلىپ، گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. 1802 ـ يىلى ئامېن كېلىشىمىگە ئاساسەن، كاپ مۇستەملىكىسى فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتى باتاۋىيە جۇمھۇرىيىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1806 ـ يىلى فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش يەنە يۈز بەردى، ئەنگلىيە كاپ مۇستەملىكىسىنى يەنە تارتىۋالدى. ئەنگلىيە ناپولېيوننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن شاھزادە ئورانجنى گوللاندىيەنىڭ خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقاردى ھەمدە 6 مىليون فوندستېرلىڭ ئارقىلىق كاپ مۇستەملىكىسى ۋە گوللاندىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى مۇستەملىكىلىرىگە ئىگە بولۇۋالدى.

ئەنگلىيە كاپنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بىر قاتار «ئەنگلىيەلەشتۈرۈش» سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى گوللاندىيە مەزگىلىدىكى «مىللىي كېڭەش»نى تارقىتىۋەتتى. ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار ئىنگلىز

تىلى بىلىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيەنىڭ ئەندىزىسىگە ئاساسەن ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە سەييارە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. بۇ تەدبىرلەر بۇرلارنى بەزى سىياسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە تورۇشلۇق قوشۇنىنىڭ خىراجىتىنى قامداش ئۈچۈن بۇرلاردىن گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكىدىنمۇ يۇقىرى باج ـ سېلىق ئالدى. 1825 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ كونا پۇلىنى بىكار قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ يېڭى پۇلىنى ئىشلىتىشنى جاكارلىدى. بۇ تەدبىرلەر كۆپلىگەن كۆچمەن بۇرلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى، چۈنكى قىممىتى بەش شىللىڭلىق كونا پۇل كۆپ ھاللاردا بىر يېرىم شىللىڭغا ئايرىباشلىناتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەلىكلەرنى جەنۇبىي ئافرىقىغا كۆچۈپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارغا شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ئەڭ ياخشى يەرلەرنى بۆلۈپ بەردى. پەقەت 1820 ـ يىلىلا كاپ مۇستەملىكىسى 5000 ئەنگلىيەلىك كۆچمەننى قوبۇل قىلدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللەرى، بىر بۇر مۇۋاپىق بىر پارچە يەر تېپىۋالسا، ھەر يىلى مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە بەش فوندستېرلىڭ «ئىجارە ھەققى» تاپشۇراتتى، بەش يىلدىن كېيىن «ئىجارە ھەققى» يەر بېجىغا ئۆزگەردى، يەر ئىگىلىگۈچى شۇ يېرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يېڭىدىن ئىگىلەنگەن يەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنىڭ باھاسى بويىچە كىمئارتۇق قىلىپ ئاشكارا سېتىلىدىغانلىقىنى، ئەڭ يۇقىرى باھا قويغان تەرەپ شۇ يەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1824 ـ يىلى يەنە ئورانج دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمى چېگرا سىزىقى قىلىنىپ،

چىگرادىن ئۆتۈپ يەر ئىگىلەپ ئولتۇراقلىشىپ قىلىش چەكلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتى بۇرلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 1815 ـ يىلى ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە قارشى تۇردى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇلدى، ئالتە رەھبىرى ئۆلتۈرۈلدى.

كاپ مۇستەملىكىسىدىكى قۇللار تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن بۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى بورلارنىڭ ئىقتىسادى پۈتۈنلەي قۇللارچە ئەمگەككە تايىنىپ كەلگەنىدى. بۇر ئېكىنزار خوجايىنلىرى قۇللاردىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەدەپ جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ تېخىمۇ كۆپ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى، تېخىمۇ نۇرغۇن قۇللارنى كىرگۈزدى. يەنە كېلىپ بۇ چاغدا ئەنگلىيە دۇنيا سودا ـ سانائىتىنىڭ زومىگىرىگە ئايلىنىپ قالغان، بۇرژۇئازىيەچە ئەركىن سودىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان بولغاچقا، جەنۇبىي ئافرىقىنى ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچى ۋە خام ئەشيا ئورنىغا ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقتىن، ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنى بىكار قىلىشى كېرەك ئىدى. 1833 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە قارار ماقۇللاپ، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 1834 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ بۇ قارار كاپ مۇستەملىكىسىدە كۈچكە ئىگە بولدى. قۇللارنى قويۇپ بەرگەندە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇر ئېكىنزار خوجايىنلىرىغا تۆلەم تۆلىدى. 1836 ـ يىلى 37 مىڭ قۇل قويۇپ بېرىلگەندە، باھاسى 2 مىليون 824 مىڭ فوندستېرلىڭغا باھالاندى، ئۇنى ـ بۇنى دەپ تۇتۇپ

قىلىنغاندىن كېيىن بۇر ئېكىنزار خوجايىنلىرى 1 مىليون 247 مىڭ فوندستېرلىڭغا ئېرىشتى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش رەڭلىك ئىرقلارنى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرمىدى، ئۇلار يەنىلا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا، ھەتتا ھالقىما ئىقتىسادنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگىمۇ ئۇچرىدى.

قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى بۇر ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش ئاساسىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ خىل سىياسىي جەھەتتە بېسىمغا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكىنزار ئىگىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچراش بۇرلارنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى كاپ مۇستەملىكىسىدىن ئايرىلىپ شىمالغا ۋە شەرقىي شىمالغا كۆچۈپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئەركىن» جەننىتىنى بەرپا قىلىشىغا ئىلھام بولدى. بۇ قېتىمقى چوڭ كۆچۈش ماھىيەتتە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن بۇرلارنىڭ بانتۇلارنى كەڭ كۆلەمدە تالان - تاراج قىلىش ۋە زېمىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتى ئىدى. بانتۇ ھەر مىللەت خەلقى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كەسكىنلىك بىلەن مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى دېموكراتىك ھەققانىي كۈرەشنى باشلىۋەتتى.

## 4. جەنۇبىي بانتۇ دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى باتۇرانە كۈرىشى

زۇلۇلار ۋە كوسالار ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كوسالار بانتۇلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، چوڭ فىش دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان، كاپ مۇستەملىكىسى بىلەن يېقىن قوشنا ئىدى. زۇلۇلار ھازىرقى ناتال رايونىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار يەككە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرلەشكەن

ئىگىلىككە ئۆتكەندىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاشتى ھەمدە كانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە قارا تەنلىكلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئەسلىدىكى تار قەبىلە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشكە موھتاج ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئورانج دەرياسىنىڭ شىمالىي رايونىدا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇش ۋە بىرلىشىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ تەھدىتى پەيدا قىلغان تاشقى تەسىرمۇ دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى. زۇلۇلار شاكا ۋە دىنگانىنىڭ رەھبەرلىكىدە رايون مۇناسىۋىتىنى كونا قەبىلە مۇناسىۋىتى ئورنىغا دەسسىتىپ، دۆلەت قۇرۇلمىسىغا بارا ـ بارا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئارمىيە جەھەتتە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە جەڭگىۋار ئەرلەر (20 ياشتىن 40 ياشقىچە)دىن ياش دەرىجىسى بويىچە «تەڭتۇشلار قوشۇنى» تەشكىللەندى، بۇ قوشۇنغا ئىتتىپاقنىڭ ئالىي رەھبىرى قوماندانلىق قىلدى. ھەربىيلەر بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇراقلاشتى، قاتتىق ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن چېچىلاڭغۇ ھالەت تۈگىتىلىپ، تەشكىلچانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق ئۆستى. زۇلۇلار ئەنئەنىۋى تاكتىكىنى ئۆزگەرتىپ، تەشكىللىك زىچ تۈزۈلگەن سەپنى قوماندانسىز، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ياشلار كالونىنىسىنى ئىككى قاناتقا قويۇپ، دۈشمەننى يان تەرەپتىن ئايلىنىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ھەرخىل قالايمىقان قورال‌لارنى بىكار قىلىپ، قىسقا نەيزە ۋە ھايۋان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن يوغان قالقاننى ئىشلەتتى. زۇلۇلارنىڭ قەبىلىسىدە 30 مىڭ[①] ئادەم بار ئىدى، بۇلار جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

① يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 15 مىڭ ئادەم دېيىلگەن.

تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىشىدىكى ئەڭ باتۇر، جەڭگە ماھىر قوراللىق كۈچ بولۇپ قالدى. زۇلۇ پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى باسۇتولار، سىۋازىلارنىڭ تەقلىد قىلىدىغان ئۆلگىسى بولۇپ قالدى، ئارقىدىنلا باسۇتولان، سىۋازىلاند پادىشاھلىقى قۇرۇلدى.

1835 ـ يىلى بۇرلارنىڭ چوڭ كارۋىنى كاپ مۇستەملىكىسىدىن ئورانج دەرياسى ۋە ناتالغا كۆچۈشكە باشلىدى. دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىم كۆچكەنلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلار ياكى ئىسسىق بەلباغ كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ياكى بانتۇلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. 1836 ـ يىلى باشقا ئىككى تۈركۈمدە كۆچكەنلەر ئورانج دەرياسى بىلەن ۋاللار ئارىلىقىدىكى رايوندا قوشۇلۇپ، ماتابېللارنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ۋېگىكوپ جېڭىدە ماتابېللار يېڭىلىپ بىرقانچە يۈز ئادىمىدىن ئايرىلدى. 1837 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇر كۆچمەنلىرى ۋىنبۇرگتا ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپ، پىت رېتىيېفنى زۇڭتۇڭلۇق، بىرگىرتنى قوماندانلىققا سايلىدى. 11 ـ ئايدا بىرگىرت قوشۇن باشلاپ ماتابېللارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم قورغىنىنى ئىشغال قىلدى، ماتابېللار يېرىنى تاشلاپ شىمالغا كەتتى. لېكىن، ناتال بۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ جەلپكار زېمىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەرنىڭ يېرى مۇنبەت، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى ئىگىلىگىلى بولاتتى. 1838 ـ يىلى 2 ـ ئايدا رېتىيېف بىر تارماق كۆچمەنلەر قوشۇنىنى باشلاپ ناتالغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇ زۇلۇلار داھىيسى دىنگاننىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ، دىنگاننى دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىدىن بىر پارچە يەرنى بېرىشكە قىستىدى. سۆھبەت داۋامىدا دىنگان رېتىيېف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق قوشۇنى ۋە بىرقانچە تارماق بۇر كۆچمەنلىرى دىنگانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. دىنگان قوشۇن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ يەرلىك قوراللىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، لېكىن 1828 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ

16 ـ كۈنىدىكى كوما دەرياسىدىكى جەڭدە گوللاندىيە كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. دىنگان قوشۇنىنى چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى، بۇلارنىڭ ئاتلىق ئەترىتى ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرىپ خالىغانچە چېپىپ ئۆلتۈردى، قان دەرياداك ئاقتى. كوما دەرياسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قانلىق دەريا دەپ ئاتالدى. دىنگان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زۇلۇلارنى پارچىلاپ، دىنگاننىڭ ئىنىسى پانداننىڭ «پادىشاھلىق ئورنى»نى تارتىۋېلىشىنى قوللاپ، دىنگاننىڭ سادىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. دىنگان بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، 1843 ـ يىلى شىۋازىلاندتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

پاندا زۇلۇلار تەرىپىدىن «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چوڭ بىر پارچە زېمىننى بۇرلارغا كېسىپ بەردى. بۇرلار جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇرلار مەيلى نەگىلا بارسۇن، ھەممىسى برىتانىيە پۇقرالىرى ئىدى. 1842 ـ يىلى ئەنگلىيە دائىرىلىرى قوشۇن ئەۋەتىپ ناتالنى بېسىۋالدى. بۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ناتالدىن ئايرىلىپ ئورانج دەرياسى بويىغا قايتتى.

ئورانج دەرياسى ۋە ترانسېۋالدىكى بۇر كۆچمەنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئورانج ئەركىن دۆلىتى (1854 ـ يىلى) ۋە جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى (1852 ـ يىلى)نى قۇردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى بۇرلار ۋە بانتۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، «ئىككى قاغا پوق تالاشسا، ئوۋچىغا پايدا بوپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئۆزلىرىنى تورۇپ بانتۇلارنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ھېسابلىسا، يەنە تورۇپ بۇرلار جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانتۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى. 1867 ـ يىلى بۇرلار ئەنگلىيەنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا باسۇتولارنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل باسۇتولاننى بېسىۋالدى. لېكىن، بىر يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە باسۇتولاننى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى يېرى دەپ جاكارلىدى،

1871 ـ يىلى كاپ مۇستەملىكىسىگە قوشۇۋەتتى.

بۇرلار «چوڭ كۆچۈش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى كوسالارغا ھۇجۇم قىلىپ زېمىنىنى كېڭەيتتى. 1811 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى كوسالارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى چوڭ فىش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 1811 ـ يىلدىن 1856 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، يۇقىرىلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلدى، يېزا ـ كەنتلەرنى كۆيدۈرۈپ، چارۋا ماللارنى بۇلاپ كەتتى. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە 100 مىڭدىن كۆپ كوسالار ئاتا ـ بوۋىلىرى تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن زېمىندىن ئايرىلدى، 40 مىڭدىن كۆپرەك كىشىلەر يېرىم قۇللۇق ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ھايۋان كەبى ئىشلەپ بەردى.

## 5 ـ بۆلۈم ئېفىيوپىيە ۋە ماداغاسقاردىكى ئىسلاھات

### 1. ئېفىيوپىيە تېئودور Ⅱ نىڭ ئىسلاھاتى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، زامانىۋىلاشقان ئىسلاھات شامىلى ئافرىقا قىتئەسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت — ئېفىيوپىيەگە كىردى. شۇ چاغدا ئېفىيوپىيە «شاھزادىلەر جېدەل ـ ماجىرا قىلىۋاتقان يىللار»دا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ زامانلار فېئودال تەپرىقىچىلىق دەۋرى ئىدى. تەخمىنەن 1800 ـ يىلى ئېفىيوپىيەنىڭ زېمىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ئالتە پادىشاھ بار ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، شوئا، گاڭدال، تىگرې ۋە گوجا قاتارلىق رايونلاردىكى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇنماي

ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرتتىن كېلىدىغان تەھدىتمۇ كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. 19 ـ ئەسىردە ئېفىيوپىيە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشماي، 100 يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە بۇ دۆلەتكە تۇنجى قېتىم ئۇسۇپ كىردى. 1810 ـ يىلى ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ غوللۇق ئادىمى سالتېر تىگرېگە ئىككى قېتىم كىردى ۋە ئېفىيوپىيەنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى بېسىۋېلىش تەكلىپىنى بەردى. 40 ـ يىللىرى شۇئا ھۆكۈمرانى سار سېلاسىنىڭ ئوردىسىدا فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ۋەكىلى روشې دېرىگو بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى خارىس ھەرىكەتلىنىپ بۆلۈنمە ھالەتتىن پايدىلاندى ۋە سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتتى. 1843 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ مىسىرۋادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن «دوستانە سودا شەرتنامىسى» تۈزۈپ، ئەنگلىيە تاۋارلىرىدىن تۆۋەن تاموژنا بېجى ئېلىش ھەمدە مەملىكەت ئىچىدە باج ئېلىنمايدىغان سېتىش ھوقۇقى بولۇش بەلگىلەندى.

ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە تاشقى تاجاۋۇزچىلىق، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قېلىش مەدەنىيەتلىك بۇ قەدىمكى دۆلەتنى يەنە بىر قېتىم ئويغاتتى. شۇ چاغدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر قەدىمكى ھېكمەتلىك سۆز بار ئىدى: تېئودور ئىسىملىك بىر پادىشاھ پات يېقىندا بۇ دۇنياغا تەۋەللۇت بولىدۇ، خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئېفىيوپىيەنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ، كاسا مانا مۇشۇنداق شارائىتتا تارىخىي سەھنىگە چىقىدۇ.

كاسا (1818 ~ 1868) گاڭدالىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سۇنغان بىر فېئودال ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دورا ماتېرىياللىرى سودىسى بىلەن كۈن كەچۈردى. ئاخىر تانا كۆلى بويىدىكى بىر موناستىرغا ئاپىرىپ قويۇلدى. كېيىن موناستىر كۆيدۈرۈلۈپ،

جاهان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە قالغانلىقتىن، تاغىسى ماركىز كەنفۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، گوججامدىكى چوڭ فېئودال گوشۇ كەنفۇنىڭ خوجىلىق زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، باندىت، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان يەرلىك قوراللىق كۈچنىڭ ئاتامانى بولدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يېقىنراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنەتتى. نۇرغۇن دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى. ئۇ ئەمەلىي كۈچىنى ئۇزۇكسىز تولۇقلاپ قوشۇنىنى مەشىق قىلدۇردى ۋە جەڭ قىلىشقا ماھىر بۇ دېھقانلار قوشۇنىغا تايىنىپ گاڭدال، تىگرېلارنى مەغلۇپ قىلدى، يەنە شوئا قاتارلىق رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى. 1885 ـ يىلى تاج كىيىپ پادىشاھ بولدى، ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە تېئودور II دەپ ئاتاپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدىغان، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

تېئودور II ئالدى بىلەن ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىپ، ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشىنى كۈچەيتتى. ئۇ ئۆلكىلەرنى كىچىكلەتتى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە پادىشاھ تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارنى ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا تەپرىقىچىلىق قىلغان تۆرە ـ بەگلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، ئۇلارغا مائاش بەردى، ئۇلارنىڭ ئۆز رايونى ئىچىدە خالىغانچە يەر ۋە مال ـ مۈلۈك ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى.

ئېفىيوپىيەدە دىنىي جەمئىيەت نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولۇپ، ھوقۇقى ۋە كۈچىمۇ چوڭ ئىدى. تېئودور II دىنىي جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن دۆلەت دىنىي سىياسىتىنى يولغا قويۇپ يەھۇدىي دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى يوقاتتى، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ

بىرلىككە كېلىشىنى كۆچەيتتى. 1856 ـ يىلى ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەربىر چېركاۋغا ئىككى پوپ ۋە ئۈچ كاھىن تەيىنلەپ ئۇلارغا باجسىز يەر بۆلۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى، چېركاۋنىڭ باشقا يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، باج تاپشۇرىدىغان دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى، چېركاۋنىڭ ئوشۇقچە ئادەملىرىنىڭ ئىگىسىز يەرلەرنى تېرىيدىغانلىقى ياكى ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

تېئودور II ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقنى دەم ئالدۇرغۇزدى. خەلقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سودىگەرلەر دۇكىنىنى ئېچىشنى، دېھقانلار دېھقانچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ باج ـ سېلىقىنى يېنىكلەتتى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئارمىيەنى يەرلىك دېھقانلار باقىدىغان غابار تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. يول ياساتتى، جۇملىدىن پايتەخت ماگدالادىن گاڭدال، گوججامغا بارىدىغان بىرقانچە مۇھىم تاشيوللارنى ياساتتى. ئۇ يەنە مەملىكەت ئىچىدە سودىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئۆتكەللەرنى قىسقارتتى، قۇل سودىسىنى بىكار قىلىپ، قۇل ساتقۇچىلارنى قاتتىق جازالىدى ھەمدە ھۆرلۇككە ئېرىشكەن قۇللارنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

تېئودور II غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللانغان، ئىنتىزامى قاتتىق، ياخشى مەشىق قىلىنغان قوشۇن تەشكىللەپ چىقىشقا ئۇرۇندى. ياۋروپانىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى سېتىۋېلىشتىن باشقا، ياۋروپانىڭ تېخنىك ۋە ئىختىساسلىق خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، يېقىنقى زامانىۋىلاشقان ھەربىي سانائەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. تەكلىپ

بويىچە فىرانسىيەلىكلەر، پولشالىقلار، گېرمانىيەلىكلەر، يەنە ئەنگلىيەلىك سەككىز نەپەر تېخنىك ئىشچىسى 1866 ـ يىلى مىسىۋاغا يېتىپ كەلدى. تېئودور II بىر تەرەپتىن چەت ئەللىك تېخنىك خادىملارغا يۇقىرى ئىش ھەققى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەللىك تېخنىك خادىملارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىدىكى خادىملارنىڭ ئۇلارنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ياۋروپا تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئېفىيوپىيە ئىشچىلىرى 12 بىرونزا زەمبىرەك ياسىدى ھەمدە بەزى زەمبىرەكلەرگە يېزىقىنى ئويدى.

لېكىن، تېئودور II نىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇ «ئەمەلگە ئاشمىغان سانائەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

تېئودور II نىڭ ئىسلاھاتى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تەگدى، شۇنىڭ بىلەن تىگرى، گوججام ۋە شوئادىكى فېئوداللار 60 ـ يىللاردىن باشلاپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تېئودور II نىڭ ئىسلاھاتىغا ئىككى بىسلىق سىياسەت قوللاندى، يەنى بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەلىكلەر تېئودور II نىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھۈنەرۋەنلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋەدە بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال تۆرە ـ بەگلەرنى ئاستىرتىن قوللىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ھوشيارلىقى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە ھەربىي قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تېئودور II نىڭ خوتونى پادىشاھ ۋىكتورىيەگە ئەۋەتكەن خېتىگە جاۋاب بېرىشنى كەينىگە تارتتى، شۇنىڭ بىلەن تېئودور II ئەنگلىيە كونسۇلىنى تۇتۇۋېلىپ نەزەربەند ئاستىغا ئالدى، بۇ

ئەنگلىيەنىڭ قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشىغا باھانە بولدى.

ئەنگلىيە ئېفىيوپىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال تۆرە ـ بەگلەرنىڭ توپىلىڭىغا قوراللىق ئارىلىشىشنى قارار قىلدى. 1867 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ناپىئېرنى 32 مىڭ ئادەمگە باش قىلىپ، زۇلا پورتىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ئەۋەتتى. تىگرې، لاستا، گوججام ۋە شوئادىكى فېئوداللار كەينى ـ كەينىدىن قارشى تەرەپكە تەسلىم بولۇپ، ئۆز تەرىپىگە قارشى ئۇرۇشتى، نەتىجىدە تېئودور II نىڭ كونتروللۇقىدىكى 70 ~ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئازىيىپ تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا چۈشۈپ قالدى. 1868 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىچكىرى جايلارغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. تېئودور II مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا گاگدالىنى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئۆزى قوشۇننى باشلاپ ماگدالاغا چېكىندى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ماگدالادىكى پىندىلىڭ تېغىغا ھۇجۇم قىلدى. تېئودور II جان تىكىپ ئېلىشتى، ئاخىر 16 سەركەردە ۋە ئەسكىرى بىلەن قالدى. ئۇ مىلتىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەسلىك روھىنى ئىپادىلىدى. ئېفىيوپىيە خەلقى تېئودور II نى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى مىللىي قەھرىمان دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى «ماگدالانىڭ ئەركەك شىرى» دەپ ئاتىدى.

## 2. ماداغاسقارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىسلاھاتى

ماداغاسقار ئارىلىدىكى ئاھالە مالاگاسلار ئىدى. ئۇلار ئاساسلىقى تەخمىنەن 5 ~ 12 ـ ئەسىرلەرگىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ھىندونېزىيەلىكلەر ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى بانتۇلارنىڭ كۆچۈپ كىرىپ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇلار ئورتاق مالاگاسى تىلىنى ئىشلەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 94%

ئاساسلىق سۆزلۈكى روشەن ھالدا ھىندونىزىيە تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ماگاسى تىلىنىڭ دىيالېكتىسىدا باتتۇ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى بار ئىدى.

ماداغاسقارغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى ئورخشىمىغان رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ يېزا جامائەسى ۋە قەبىلىلەرگە ئۇيۇشتى. تەخمىنەن 14 ـ ئەسىردە ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرىراق بولغان مېرىنا رايونىدا ئىمېرىنا (مېرىنا) پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. پادىشاھلىقنىڭ يېرى پادىشاھقا مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت يېزا جامائەسىلا پايدىلىناتتى، سېتىۋېتىشكە بولمايتتى. جەمئىيەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈندى، ئاقسۆڭەكلەر «ئاندرىنا» دەپ ئاتالدى، ئۇلار نۇرغۇن يەر ۋە قۇللارغا ئىگە بولۇپ، باج تاپشۇرمايدىغان ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئاددىي پۇقرالار «خوۋا» دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانلار يەرگە بېقىناتتى، قول ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر مۇشۇ خىلدىكى چەكلىمە ھەم ئېزىلىشكە ئۇچرايتتى. قۇللار «ئاندېۋۇ» دەپ ئاتالدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر بولۇپ، ئۈچ خىلغا بۆلۈندى. بىرىنچىسى، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى؛ ئىككىنچىسى، قەرزگە بوغۇلغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قول ئورنىغا چۈشۈپ قالغان خوۋالارنىڭ ئەۋلادلىرى «جاجا — خوۋا» دەپ ئاتالدى، ئۇلار جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالاتتى؛ ئۈچىنچىسى، كىرگۈزۈلگەن قارا تەنلىك قۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ماداغاسقارنىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ ئىمېرىناغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت شەكىللەندى. مەسىلەن، ساكالاۋالار غەربىي قىسىمدىكى تۈزلەڭلىكنى ئىگىلەپ موبېرنا ۋە بوئانىدىن ئىبارەت ئىككى پادىشاھلىقنى قۇرۇپ، ئۈزۈكسىز تۈردە قوشنىلىرىغا تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك يۇرۇش قىلدى ۋە مال ـ مۈلۈك، قۇللارنى

بولاپ ـ تالىدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئېگىزلىكتە بوچىلىئولارنىڭ تۆت پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي بۇرجەكتىكى چارۋىچى ماخافالىلار ۋە ئانتانورودوئىلار، ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېگىزلىكىدىكى باالالار تېخىچە ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ئىدى.

ماداغاسقاردا بۆلۈنۈپ كەتكەن پادىشاھلىقلار بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى ئۇزاق ۋاقىت بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدىكى قوشىلىشىش، يۆتكىلىپ تۇرۇش، ئۇرۇش ۋە بېرىش ـ كېلىشلەر بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەتنىڭ پەيدىنپەي شەكىللىنىش شارائىتىنى ھازىرلىدى. ئۇلار ئوخشىمىغان دىيالېكتىكى مالاگاسى تىلىدا سۆزلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يەرلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، شال، تېرىق، پىچەكگۈل، ياڭيۇ ۋە بانان تېرىلاتتى، ئوتمغۇچ ۋە ئۆكۈز ئىشلىتىلەتتى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى چاسا شەكىللىك، ئۈگزىسى ئۇچلۇق، ئارقىسى جەنۇبقا قاراشلىق ئىدى، ئىشىكى غەرب تەرەپتىن ئېچىلاتتى. ئەرلەر تون كىيىپ بېلىنى باغلىۋالاتتى، خوتۇن ـ قىزلار بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇلار رەخت توقۇيتتى، تۆمۈرچىلىك قىلاتتى، سېۋەت توقۇپ، ئۆي جاھازلىرىنى ياسايتتى، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى ئويۇن قويغان چاغدىكىلىرى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىپ قېلىشى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى ماداغاسقارنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ۋە سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆلىمى ھەرخىل قەرەللىك بازارلارنى شەكىللەندۈردى. ئۇزۇن يوللۇق يۇك توشۇش ئىشلىرى ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئاشتۇزى ئاساس بولۇپ، ئاشلىق ماسكارىن ئاراللىغا

توشۇلۇشقا باشلىدى. سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقتىن، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بازارلار بارلىققا كېلىپ، ماجۇنگا سودا مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ يەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ سودىگەرلىرىلا ئەمەس، بەلكى شەرقىي ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ۋە كومورو تاقىم ئاراللىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى بازارنىڭ شەكىللىنىشى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر ئىچكى ئامىل ئىدى.

غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ماداغاسقارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تاشقى ئامىل ئىدى. 1500 يىلدىن كېيىن پورتۇگالىيەنىڭ بىر پاراخوتىنى قارا بوران ھەيدەپ ماداغاسقار ئارىلىغا ئەكېلىپ قويىدى، مانا بۇ تۇنجى تۇركۇمدە يېتىپ كەلگەن ياۋروپالىقلار ئىدى. 1524 ـ يىلى ئىككى سودا كېمىسىدىكى فىرانسىيەلىكلەر ماداغاسقار ئارىلىدا قىرغاققا چىقتى، لېكىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ چېكىندى. تەخمىنەن 1640 ـ يىلى 400 ئەنگلىيەلىك ماداغاسقاردا مۇستەملىكە قۇرۇشقا ئۇرۇندى، كېيىن ھەممىسى يوقىتىلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، فىرانسىيە ماداغاسقارنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ھىندى ئوكيانغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ بازىسى قىلىشقا ئۇرۇندى. 1643 ـ يىلى فىرانسىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى داۋفىن قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ تاماتاۋغا كېڭەيدى، لېكىن 1674 ـ يىلى قوغلاپ چىقىرىلدى. 1768 ~ 1771 ـ يىللىرىغىچە فىرانسىيە يەنە داۋفىن قورغىنىنى بېسىۋالدى. 1774 ـ يىلى ئانتونگىل قولتۇقىدا يەنە مۇستەملىكە تايانچ پونكىتىنى قۇردى، لېكىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەغلۇپ بولدى. مۇشۇ مەزگىللەردە، فىرانسىيە بۇ ئاراللىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى فېنېرىۋ، داۋفىن قورغىنى قاتارلىق جايلاردا ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئات ـ ئۇلاغ ۋە قۇللارنى بۇلاپ ـ تالىدى.

فىرانسىيە يەرلىك ئاقساقاللارنى يېڭى قورال - ياراغلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق قوللارنى ئۆۋلىدى. مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئېغىر تەھدىتى مالاگاسىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېڭىنى كۈچەيتتى. يېڭىچە قورال - ياراغلارنىڭ كىرىشىنى بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلىدى.

18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر ھىندى ئوكيان ۋە ماداغاسقار ئارىلىنى كەسكىن تالاشتى، بۇ ھال ئىمېرىنا ئوردىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. پادىشاھ ئىمېرىنادىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆرۈش توختىتىشىنى دالالەت قىلىپ، پايتەختىنى تاناناربۇدا قۇرۇپ، ئىمېرىنا پادىشاھلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان رادامىا I (1810 ~ 1828) يىراقنى كۆرىدىغان پادىشاھ ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يېقىنقى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىمۇ يولغا قويدى.

بىرىنچى، ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىپ، يېقىنقى زامان قورالىغا ئىگە مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشقا تۇتۇندى. ھەربىي خىراجەت باج - سېلىقتىن چىقىرىلىدىغان بولدى. ياۋروپانىڭ يېڭىچە قورال - ياراغلىرىنى سېتىۋالدى، ئارمىيەنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەردىن ھەربىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ ئارمىيەگە تايىنىپ پۈتكۈل ئارالنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە دۆلەت چېگراسىنى «دېڭىز بويلىرى»غا كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىسمىنى ماداغاسقار دەپ ئۆزگەرتتى. ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ فىرانسىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن تاماتاۋنى تارتىۋالدى. 1825 - يىلى داۋفىن قورغىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ يەرلەرنى بېسىۋېلىشىغا يول قويماسلىق

ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.
ئىككىنچى، ئىشنى ئىچمۇۋىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ ماداغاسقارنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا كىلىشىگە، مىسسىيونېرلارنىڭ دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ مىسسىيونېرلارنى ھاقارەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ ھۈنەر – تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلاندى ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، ياۋروپا يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىدىن پىششىق خەۋەر تاپتى.
ئۈچىنچى، مائارىپنى مۇكاپاتلاپ مەكتەپلەرنى تەسىس قىلدى، زور كۈچ بىلەن «مەكتەپ ۋە ئۇستىخانىلارنىڭ پىرىنسىپى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1820 ـ يىلى ماداغاسقاردا 23 مەكتەپ تەسىس قىلىندى، ئوقۇغۇچىسى 2300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. راداما I يەنە ئاقسۆڭەك ئوقۇغۇچىلارنى ماۋرىتىئۇس ۋە ئەنگلىيەگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. يېزىقنى لاتىنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ مەتبەئەچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. بەزى ياۋروپالىقلار ماداغاسقارغا كېلىپ مالاگاسىلارغا سوپۇن، گۈڭگۈرت، تۆمۈر ئەسۋاب ۋە خۇرۇم ياساش تېخنىكىسىنى، يەنە يېڭى تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق ۋە ياۋروپاچە ئۆي ـ ئىمارەت سېلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆگەتتى. 1826 ـ يىلى كارمېنس تۇنجى رەخت توقۇش ماشىنىسىنى كىرگۈزۈپ، ماشىنا توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.
تۆتىنچى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلدى. شۇ چاغدا ماداغاسقاردا قۇل سودىسى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، قۇللار ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلاتتى. مەسىلەن، 1828 ـ يىلى تانانارۋېدا 75 مىڭ ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قۇللار تەشكىل قىلاتتى، راداما I قۇللۇق تۈزۈمنىڭ جەمئىيەت

تەرەققىياتىغا بولغان توسقۇنلۇقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن قول سودىسىنى بىكار قىلىش شەرتنامىسى تۈزۈپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش يارلىقى چۈشۈردى.

تارىخشۇناس شاپىئۇ «ياۋروپا ماداغاسقارغا تەسىر كۆرسەتكەن 96 يىل» دېگەن كىتابىدا «رادامايا ياخشى دەپ قارىغانلىكى ۋە پۇقرالىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلغان» دېدى. رادامايا I نىڭ ئىسلاھاتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماداغاسقارنىڭ يېقىنقى زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى سېلىپ بەردى. ئۇ ۋاقىتسىز لا (36 ياشتا) ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن راناۋالونا I ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللى (1829 ~ 1961)دە يېڭى بىيۇروكرات گۇرۇھىدىن كېلىپ چىققان باش ۋەزىر رايىنىخارو رادامايا I نىڭ ئىسلاھات سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قورال ـ ياراغلارنى يېڭىلاپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ قورال ـ ياراغ سانائىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇ فىرانسىيەلىك لابوردىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا مەنتەسوئا سانائەت مەركىزىنى قۇردى. مەنتەسوئا تاناناريۋنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە كان بايلىقى بار ئىدى. بىرقانچە مىڭ ئىشچى بۇ يەردە مىلتىق، ئوق ـ دورا، قىلىچ ياسايتتى، ئەينەك، فارفۇر بۇيۇملىرى، ھاك، سېمونت، بوياقچىلىق ماتېرىياللىرى، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئەسۋاب ـ جابدۇقلارنى ئىشلەپچىقىراتتى. تۆمۈر كانى، مىس كانى ۋە فوسفات كانى كۆندىن ـ كۈنگە كۆپلەپ ئېچىلغانىدى.

ماداغاسقارنىڭ ئىسلاھاتى باشقا شەرق دۆلەتلىرىنىڭكىگە ئوخشاش «دۆلەتنى باي قىلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش»نى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە چېقىلمىدى. ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامانىۋىلىشىش سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە مەلۇم تەشكىللىي شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق داۋاملىشىشنىڭ كۆرۈلىدىغان ئۇنۇمى چەكلىك بولدى. چەت ئەلدە، بولۇپمۇ فىرانسىيە 1861 ـ يىلىدىن كېيىن تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتكەن ئەھۋال ئاستىدا، يېقىنقى زامانىۋىلىشىشنىڭ قەدىمى ئاستىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئىشقا ئاشمىدى.

ئون ئالتىنچى باب

# بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال

## 1 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تارىخىي كۆرۈنۈشى

1848 ـ يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگىنى سىياسىي ئەكسىيەتچىلىك يىللار بولدى. سىياسىي ئەكسىيەتچىلىك يىللىرى ماركس، ئېنگېلس ئىشچىلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇلار ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن پرولېتارىيات سىنىپىنى قوراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى كۈرەشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ماركس بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن كۈچىنى ئىقتىساد نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلدى. شۇ چاغدا بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ھەمدە قىلچە تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. بۇنداق بۇرژۇئازىيە ئىقتىساد ئىدىيەسىمۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش ھەمدە ھەقىقىي ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئىشچىلارنى قوراللاندۇرۇش

زۆرۇر بولۇپ قالدى. 1859 ـ يىلى ماركس دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسى «سىياسىي ئىقتىسادقا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي تاۋار ھەممە پۇلنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، شۇنىڭدەك ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى كۆرسىتىپ بەردى، 1861 ـ يىلىدىن باشلاپ «كاپىتال»نى يېزىشقا كىرىشتى.

ماركس ۋە ئېنگېلس نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ، پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كادىرلىرىنى ساقلاپ قېلىش، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە ئۇلارغا ياردەم بېرىش، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشكە قاراتتى. ماركس نەزەرىيە جەھەتتە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى كۆپلىگەن ئىلغار ژۇرناللاردا نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇزۇننىڭ تەلىماتىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ خىزمەتلەر بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نەزەرىيەۋى ئاساس سالدى، شۇنداقلا كادىرلارنى تەييارلاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتلىرىمۇ پىشىپ قالغانىدى. بۇ چاغ دەل ياۋروپا سانائىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلى ئىدى. چوڭ سانائەت ھەرقايسى ئىلغار دۆلەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تۈردە مەيدانغا كەلدى، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار سانى كۆپلەپ ئاشتى، سانائەت پرولېتارىياتى بۇ دۆلەتلەردە كۈچلۈك سىنىپىي كۈچكە ئايلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار ئارقىمۇ ئارقا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تەشكىلاتىنى قۇردى. 1860 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

بىرلەشمىسى بارلىققا كەلدى، مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تەشكىلاتقا ئۇيۇشتى. فىرانسىيەدە ئىشچىلار يەنىلا پىرۇدون ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى، لېكىن ئىشچىلارنىڭ ئېڭى كۆندىن ـ كۈنگە ئۆستى. 1864 ـ يىلى فىرانسىيە ئىشچىلىرى «61 كىشىلىك خىتابنامە» ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارغا بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى تاللاپ قانۇن تۈزگۈزۈش ئورگانلىرىغا كىرگۈزۈشنى چاقىرىق قىلدى. 1863 ـ يىلى گېرمانىيە ئىشچىلىرى «پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى» قۇردى، مانا بۇ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭمۇ دەسلەپتىلا مۇستەقىل ئىشچىلار ھەرىكىتى يولىغا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، 1863 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەرىكىتىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلقئارا بويىچە ئىتتىپاقلىشىش ئىدىيەسى كۈچەيدى. 50 ~ 60 ـ يىللىرى كاپىتالىزم بىرلا ۋاقىتتا ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئىلغار دۆلەتلەردە تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پىرولېتارىياتلار ئوخشاش بەختسىز قىسمەتكە دۇچ كەلدى، مانا بۇ ھالدىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، شۇڭا ئۇلار ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى جىددىي ئارزۇ قىلدى. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاقلىشىش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشى ئىشچىلارنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاقلىشىش ئىدىيەسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىسى بولدى. 60 ـ يىللىرى بۇرژۇئازىيە دائىم دېگۈدەك چەت ئەلدىن ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش

ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاقلىشىشىنى كۈچەيتىشىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ تونۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

## 2. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى

1862 ـ يىلى يازدا لوندوندا دۇنيا كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، بۇنىڭغا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلار ۋەكىللىرى قاتناشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 300 دىن كۆپرەك فىرانسىيە ئىشچىلىرى ۋە 12 گېرمانىيە ئىشچىسى بار ئىدى، ئۇلارنى ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى كۈتۈۋالدى. ئۇچرىشىش داۋامىدا بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىشچىلىرى ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلدى.

1863 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىشچىلىرى لوندوندا ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پولشا قوزغىلىڭىنى باستۇرغان ۋەھشىيانە قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن خەلقئارا ئىشچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. 4 ـ ئايدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى جورج ئودجېر فىرانسىيە ئىشچىلىرىغا مۇراجىئەتنامە يېزىپ، خەلقئارا ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ: «فىرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، پولشا، ئەنگلىيە ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان

بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇڭلار ! بىز يىغىن ئاچايلى ! ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلايلى ! ...» دېدى. دەرۋەقە بۇ ھۆججەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشچىلارنىڭ تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە دېموكراتىزم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىدى، مەسىلەن، ئىستىبدات تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەس، بەلكى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قانۇن بېكىتىپ، «ئېسىلزادىلەر بىلەن ئاقىللار»نىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى توغرىسىدا ھۆججەتتىمۇ ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى ئېقىمى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، ھۆججەتتە: «ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى تېگىدۇ ھەمدە خوجايىنلارنىڭ ئىش تاشلاشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى توسۇيدۇ» دېيىلدى①. لېكىن، بۇ ھۆججەت ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ خەلقئارا پرولېتارلار سىنىپى بىلەن ئالاقىلىشىشكە تەلپۈنۈش ھەمدە سىنىپىي ئىتتىپاق تۈزۈش ھېسسىياتىغا نىسبەتەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

1864 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىلى تورن «فىرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئەنگلىيە قېرىنداشلىرىغا» دېگەن جاۋاب خەتنى يېزىپ، ئىشچىلارنىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى. جاۋاب خەتتە: «بىز بىرلىشىپ ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان تۈزۈمگە يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ پەيدا قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى بۇ خىل تۈزۈم ئىنسانلارنى

① ئەينى چاغدا ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغاندا، كاپىتالىستلار ئادەتتە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىشچىلارنى ئەكېلىپ ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتەتتى، مانا بۇ ئەنگلىيەدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھېسابلىناتتى.

ئىككى چوڭ سىنىپقا، يەنى نادان پۇقرالار ۋە تىرىكتاپ تۆرىلەرگە بۆلۈۋېتىشكە تەھدىت سالىدۇ. بىز ئىتتىپاقلاشساقلا نىجاتلىققا ئېرىشەلەيمىز!» دېيىلدى. ھۆججەتنى يېزىپ چىققان تورن قاتارلىق كىشىلەر پىرۇدون ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ھۆججەتتىمۇ پىرولېتارىياتنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاق تۈزۈشكە بولغان تەشنالىقى ئىپادىلەندى.

ئارقىدىنلا لوندوندا ئىشچىلار خەلقئارالىق تەشكىلاتىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيەگە قېچىپ كەلگەن ئىشچىلىرى ھەمدە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرىمۇ قاتناشتى.

ئەينى چاغدا لوندوندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماركس ھەرقايسى دۆلەتلەرگە قېچىپ بېرىۋالغان ئىنقىلابچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ماركسنىڭ گېرمانىيە ئىنقىلابىي قاچاقلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا ماركسنى قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى.

1864 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لوندوندىكى سان مارتىن چېركاۋىدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىننىڭ كۆلىمى چوڭ بولدى. بۇ يىغىنغا ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىلى قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيەدە تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە، ئىتالىيە، پولشا، ئىرېلاندىيە ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا بىرقىسىم ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك زاتلىرىمۇ قاتناشتى. فىرانسىيە يىغىنغا قاتنىشىشقا ئالايىتەن ئىشچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى (بۇنىڭ ئىچىدە تورن قاتارلىقلارمۇ بار) ئەۋەتتى. ماركس يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ھەيئەت رىياستى

ئەزالىرىنىڭ بىرى بولدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، سۆزگە چىققانلارنىڭ نۇتۇقلىرى پات ـ پات ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

يىغىن ئىشچىلار خەلقئارالىق تەشكىلاتىنى قۇرۇش قارارىنى ماقۇللىدى ھەمدە 21 كىشىلىك مەركىزىي كومىتېت (1866 ـ يىلى نامى باش كومىتېت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلدى ۋە ماركس كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى «خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال دەپ ئاتىلىدۇ)نى يېڭى خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ نامى قىلىپ قوللىنىشنى قارار قىلدى ھەمدە رەھبىرىي خادىملارنى، يەنى رەئىس، باش سېكرېتار، مالىيە كومىتېت ئەزاسى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش كاتىپلىرىنى سايلاپ چىقتى. بۇ كىشىلەردىن دائىمىي ئىشلار كومىتېتى تەشكىللەندى. ماركس گېرمانىيەنىڭ ئالاقىلىشىش كاتىپى، ئودجېر رەئىس بولۇپ سايلاندى.

مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى توققۇز كىشىلىك مەخسۇس كومىتېت (ماركس كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى) سايلاپ چىقتى، بۇ كومىتېت يېڭى تەشكىلاتنىڭ پىروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتىنى تۈزۈپ چىقتى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باش كومىتېت ماقۇللىغان «قۇرۇش خىتابنامىسى» ھەمدە «ۋاقىتلىق نىزامنامە»سىنى ماركس يېزىپ چىقتى. بۇ ئىككى ھۆججەت «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ ئاساسلىق ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى. «قۇرۇلۇش خىتابنامىسى» ئىلمىي كوممۇنىزم پىرىنسىپىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا قوللىنىلغان شانلىق ئۈلگىلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھۆججەتتە ماركس ئەنگلىيەنى مىسالغا ئېلىپ: «سىياسىي ئىقتىساد ھۆكۈمرانلىقى كاپىتالىستلارغا مەنسۇپ بولغاندا، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلسۇن ياكى مىللىي دارامەت كۆپەيسۇن،

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىۋېتىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە: «يەر دوكارلىرى بىلەن كاپىتال دوكالىرى ھەدېسىلا سىياسىي ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مونوپوللۇقىنى قوغدايدۇ ۋە مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار ئەمگەك ئازادلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى قوللىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بۇ ئىشنىڭ يوللىرىغا توختىماستىن خىلمۇخىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ...» دەپ كۆرسەتتى. ماركس ئىشچىلارنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى. ئۇ: ئىشچىلار «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ئادەم سانىنى ھازىرلىدى، لېكىن ئامما تەشكىللەنگەندە ھەمدە ئۇلارغا بىلىم جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلغاندىلا، ئادەم سانى يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان رول ئوينىيالايدۇ»① دېگەندى. خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرىنى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ جىنايەتكارانە مەقسەتنى قوغلىشىشقا، مىللىي ئاداۋەتنى ئىشقا سېلىشقا، تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك ئۇرۇشتا خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە مال ـ مۈلكىنى زايە قىلىۋېتىدىغان دېپلوماتىيە سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

«ۋاقىتلىق نىزامنامە» ئىككى قىسىمغا، يەنى مۇقەددىمە ۋە تېكىستكە بۆلۈندى. مۇقەددىمىدە پرولېتارىياتنىڭ سىنىپى ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىقىنى ئىشچىلار سىنىپى ئۆزى قولغا كەلتۈرىدۇ»، پرولېتارىيات سىياسىي كۈرەش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى

① ماركس: «خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنى قۇرۇش خىتابنامىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 16 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ بەت.

تارتىۋالىدۇ. «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى سىنىپىي ئىمتىيازنى ۋە مونوپول ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تەڭ ـ باراۋەرلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ھەرقانداق سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى يوقىتىش»تىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتتى. خىتابنامىنىڭ تېكىست قىسمىدا خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى، يەنى خەلقئارا قۇرۇلتاينىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىلىدىغانلىقىنى ۋە باش كومىتېت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. قۇرۇلتاي ۋاقتىنچە توختىلغان مەزگىلدە باش كومىتېت كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى ھەمدە تۈرلۈك ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىق رولىنى ئوينىدى. نىزامنامىدە خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتى ھەرقايسى جايلاردا بار بولغان ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا تايىنىش كېرەكلىكى، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ قالماسلىق لازىملىقى، بۇ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى تىرىشىپ مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ئىمتىپاق ياكى ياچېيكا قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئىمتىپاق يىغىنى ياكى ياچېيكا كېڭىشى رەھبەرلىك قىلىشى كېرەكلىكى، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەنئى قىلىنغان دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن باش كومىتېتقا بىۋاسىتە ئىلتىماس سۇنۇپ ئىنتېرناتسيونالغا قاتناشسا بولىدىغانلىقى تەلەپ قىلىندى.

ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسيونالنىڭ پرولېتارىيات خاراكتېرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇرژۇئازلارنىڭ ئىنتېرناتسيونالغا قاتنىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشىدىن ساقلاندى. شۇڭا، ماركس نىزامنامىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئەربابلىرىنىڭ ئىنتېرناتسيونالغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، شۇنداقلا نىزامنامىدە

يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىلمۇخىل گۇرۇھلار ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ گۇرۇھلار ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشسا بولىدۇ. قىسقىسى، مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى ئېقىمىدىكىلەر، فىرانسىيە پىرۇدونىزمچىلىرى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمە ئەمەلىيەتتە ئۆيغۇن ئىدى، چۈنكى شۇ چاغدا ماركسىزم ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرى ھەرىكىتىدە تېخى يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىدا ئەمەس ئىدى، ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرى ھەرخىل ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيەۋى ئېقىمى ياكى ماركسىزمغا قارشى تەلىماتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە تەلىماتلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشىمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن چەكلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر بۇ گۇرۇھ ـ مەزھەپلەر قاتناشتۇرۇلمىسا، ئىنتېرناتسىيونال ئاممىۋى خاراكتېردىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ماركس ئەينى چاغدا بۇ گۇرۇھ ـ مەزھەپلەرنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى خالىماي، ئەكسىچە ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توغرا ماركسىزملىق يولغا باشلاش ئۈچۈن بۇ گۇرۇھلارنىڭ خاتا تەلىماتلىرى بىلەن نەزەرىيە جەھەتتىن ھارماستىن كۈرەش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى.

شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال بارلىققا كەلگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ ماركسىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيە ھەمدە تاكتىكا ئاساسىدا قۇرۇلدى، شۇڭا ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەمەلىي سەركەردىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى، خەلقئارا باش كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ئەمەلىيەتتە دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قولىدا ئىدى ماركس دەسلەپتىلا دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ،

دائىمىي ئىشلار كومىتېتىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، پىرولېتارىيات ئىشلىرىغا سادىق ئىشچىلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا تايىنىپ بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا بولغان رەھبەرلىكنى ئىشقا ئاشۇردى. ماركس هارماستىن خىزمەت قىلىپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ نۇرغۇن ھۆججەتلىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇ يەنە ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايدا تەكلىپ لايىھەسى تەييارلاپ، تەكلىپ لايىھەسىنى دوكلات قىلىدىغان ئادەمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللىدى. ئىنتېرناتسىيونالنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغاندا، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرىنى ئۈزۈكسىز تۈردە پىرولېتارىياتنىڭ پارتىيەۋىلىكى ۋە ئىنتىزامچانلىقى بىلەن تەربىيەلىدى ھەمدە ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تەشكىلىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بوشاشماستىن كۈرەش قىلدى.

## 2 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (1864 ~ 1868)

### 1. خەلقئارا بىرلەشمە ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىش

ماركس ياۋروپا، ئامېرىكا ئىشچىلار ئاممىسىنى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دەسلەپ ھەربىر دۆلەتتە بار بولغان ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

پارىژ ياچېيكىسى 1864 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1865 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى پىرۇدونىزمچى تورن قاتارلىقلار ئىدى. پارىژ ياچېيكىسى پىرۇدونىزمچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە دەسلەپتىلا تار مەزھەپچىلىك مەيدانىنى قوللىنىپ سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ چاغدا

فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن تالاي قىبتىملىق ئىش تاشلاشنى قوللاشنى رەت قىلدى. پارىژ ياچېيكىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئازىيەنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىرى پىرۇدونىزمچىلارنىڭ سىياسىي كۆرەشكە قارشى پوزىتسىيەسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى «ناپولېيون Ⅲ نىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قوللىغۇچىلار» دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە ئىنتېرناتسىيونال پارىژ ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. 1865 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماركسنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن، پارىژ ياچېيكىسى بۇرژۇئازلارنى تازىلىدى. ماركسمۇ پارىژ ياچېيكىسىنىڭ ئىشچىلار بىلەن ئالاقە باغلىماسلىق ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى قوللىماسلىق مەيدانىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. شۇڭا، 1865 ـ يىلى ئەتىيازدا پارىژ ياچېيكا كېڭىشى ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندە ھەمكارلىشىش كومىتېتى قۇرۇپ، تۆۋەن قاتلامدىكى ئىشچىلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋارلىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

بىلانكىچىلارغا كەلسەك، دەسلەپتىلا ئۇلارنىڭ خەلقئارا تەشكىلاتقا كىرىشى رەت قىلىنغانىدى، چۈنكى ئۇلار سۈيىقەستلىك ئىستراتېگىيەدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى.

باش كومىتېت ئەنگلىيە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى لوندون ئىشچىلىرى ئارىسىغا قەرەللىك ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پىرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈردى، ئۇلارنى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى. نەتىجىدە 1865 ـ يىلى يازدا ئەنگلىيەدىكى ئىككى چوڭ ئىشچىلار بىرلەشمىسى ۋە بىرقانچە كىچىكرەك ئىشچىلار تەشكىلاتى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشتى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىنتېرناتسىيونالغا 14 مىڭ ئەنگلىيە ئىشچىسى ئەزا بولغانىدى. 1867 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە ئەنگلىيە

«مەملىكەتلىك ئىسلاھاتچى ئىتتىپاقى» (بۇ ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ سايلام قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تەشكىلاتى)مۇ ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشتى. مەزكۇر ئىتتىپاقتا كۆپلىگەن ئاساسىي قانۇنچىلار بار ئىدى، شۇڭا ئىتتىپاقنىڭ ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سوتسىيالىزم كۈچلىرىنى كۈچەيتتى.

بىراق، ئىسلاھاتچىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيسى ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىنتېرناتسىيونال بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىغا جىنىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدجېرمۇ لوندون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەنگلىيە ياچېيكىسى قىلىنىپ ئېلان قىلىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. پەقەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، لوندون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى 1867 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىنتېرناتسىيونال بىلەن «ھەمكارلاشماقچى» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، لېكىن كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر تەشكىلات بولۇپ قېلىۋەردى.

ماركس گېرمانىيە ئىشچىلار تەشكىلاتىنى ئىنتېرناتسىيونالغا قوبۇل قىلىشقا تىرىشتى، بولۇپمۇ پۈتكۈل گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر تەشكىلات سۈپىتىدە ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى: بىرىنچى، پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىگە رەھبەرلىك قىلغان لاسسالىزمچى شۋېيتزېر قاتارلىقلار ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشكە كۈچلۈك قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇ بىرلەشمە ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشسا، ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق پىروگراممىسىغا تەھدىت بولاتتى. ئىككىنچى، پىرۇسسىيە 1850 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، ھەرقانداق بىر تەشكىلاتنىڭ چەت ئەلدىكى باشقا تەشكىلاتلار

بىلەن ئالاقە باغلىشنى چەكلىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گېرمانىيەنىڭ ئىلغار ئىشچىلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشتى، ئۇلار ياكى باش كومىتېت بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلىدى ۋە ياكى شىۋېيتسارىيەدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابىي سەرگەردانلىرىنىڭ خەلقئارا ياچېيكىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ئارقىلىق باش كومىتېت بىلەن ئالاقە ئورناتتى. گېرمانىيەنىڭ ئىنتېرناتسىيونال ئەزالىرى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىدىيەسىنى تارقىتىش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ۋىلىلم لىبكنېخت ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىدىيەسىنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1869 ـ يىلى گېرمانىيەدە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى (ئېيزىناخچىلار)نىڭ قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شىۋېيتسارىيە ياۋروپا ئىنقىلابىي سەرگەردانلىرىنىڭ يىغىلىدىغان جايى ئىدى. شىۋېيتسارىيەدە گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيە سەرگەردانلىرى ئىچىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسى ناھايىتى تېزلا قۇرۇلدى. گېرمانىيە سەرگەردانلىرىنىڭ ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسى جەنۋەدە تەسىس قىلىندى، فىرانسىيە سەرگەردانلىرىنىڭ ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسى ژۇرا تاغلىق رايونىدا تەسىس قىلىندى.

بېلگىيەدە سوتسىيالىزمچى نابورچىك سېساردې باپۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرنەچچە ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت 1865 ـ يىلى يازدا بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسىنى قۇردى.

ماركس دوستى يوسىف ۋېيدېمېيېر ئارقىلىق ئىنتېرناتسىيونالنىڭ «قۇرۇلۇش خىتابنامىسى»نى ئامېرىكىدا

چىقىدىغان گېزىتتە ئېلان قىلدى، شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئىشچىلىرىنى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىششقا جەلپ قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسپانىيە، ئىتالىيەلەردىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىنتېرناتسىونال ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

ماركس ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياچېيكا قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىپلا قالماستىن، يەنە ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئورتاق بىر ئىزغا سېلىشقا تىرىشتى، ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى ۋە بارلىق ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى.

1866 ـ يىلى باشلانغان ئىقتىسادىي كرىزىس كەسكىن سىنىپىي كۈرەشنى قوزغاپ، ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتىدە خەلقئارا باش كومىتېت ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1866 ـ يىلى ئەتىيازدا ماركس لوندون ۋە ئېدىنبورگنىڭ تىككۈچى ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغاندا، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى. ئېدىنبورگنىڭ كارخانا خوجايىنلىرى ئىش تاشلاشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە گېرمانىيەدىن بىر قىسىم تىككۈچى ئىشچىلارنى ياللاپ ئەكېلىپ، ئىش تاشلىغانلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇندى. ماركس دەرھال گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى گېزىتلەرگە گېرمانىيە تىككۈچى ئىشچىلارغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتىپ، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنى ئېدىنبورگتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلدى. باش كومىتېت يالالاپ ئەكېلىنگەن چەت ئەل ئىشچىلىرىنى ئىش تاشلاشقا بۇزغۇنچى بولۇشنى رەت قىلىشقا قايىل قىلدى ھەممە ئۇلارنى باشقىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى ياكى راسخوت غەملەپ ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويدى. باش كومىتېتنىڭ بۇ خىزمەتلىرى بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى، شۇڭا

بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئابرۇيى ئىشچىلار ئارىسىدا زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىش تاشلىغان ئەنگلىيەلىك ئىشچىلارلا ئەمەس، بەلكى چوڭ قورۇقلۇقتا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارمۇ بارغانسېرى باش كومىتېتنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولدى.

1867 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارىژدىكى مىس كان ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى پارىژ ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسى كېڭىشى ئارقىلىق باش كومىتېتنىڭ ياردەم قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى. باش كومىتېتنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سېخىيلىك بىلەن فىرانسىيەدە ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا قەرز پۇل ۋە خالىسانە ياردەم بەردى.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا لوندوندىكى تىككۈچى ئىشچىلار ئىش تاشلىدى، ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 7000غا يەتتى، ئۇلار يېڭىباشتىن ئىش ھەققىنى بېكىتىشنى تەلەپ قىلدى. باش كومىتېت يەنە ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرىغا ئەنگلىيەدىكى ئىش تاشلىغۇچىلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ چاقىرىققا پارىژ، لىئون، بوردو، جەنۋە قاتارلىق كۆپلىگەن باشقا شەھەرلەردىكى ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىلىرى ئاۋاز قوشتى.

1868 ~ 1869 ـ يىللىرىغىچە ئەنگلىيەدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىدە باش كومىتېتمۇ ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى. 1869 ـ يىلى ئەتىيازدا باش كومىتېت 1868 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىش تاشلىغان باسېل لېنتا توقۇيدىغان ئىشچىلارغا ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى باشلىدى ھەمدە ئۇلارغا خېلى كۆپ ئىئانە پۇل توپلىدى. 1869 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋېلس كان ئىشچىلىرى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان خوجىدارىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىككى كان ئىشچىسى قولغا ئېلىندى، كان ئىشچىلىرى قولغا ئېلىنغان

يولداشلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، بۇ چاغدا قولغا ئېلىنغانلارنى يالاپ ئەكېتىۋاتقان ھەربىي ۋە ساقچىلار بەش كان ئىشچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. لېكىن، سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلغاندا ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى يولسىزلارچە گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىشچىلار ئارىسىدىكى «چاتاق تېرىغۇچىلار»نى 10 يىللىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدى. خەلقئارا باش كومىتېت كان ئىشچىلىرى تەرەپتە قەتئىي چىڭ تۇردى. ماركس ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىكى باش جىنايەتچىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئەنگلىيە «ئەدلىيە»سىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە ئېچىپ تاشلىدى.

باش كومىتېتمۇ جەنۋەدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللىدى. 1868 ـ يىلى ئەتىيازدا جەنۋە بىناكارلىق ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى يۈز بەردى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ جەنۋەدىكى مەركىزىي كومىتېتى بارلىق ياچېيكىلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئورتاق قۇرۇلتىيىنى (ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى ھەمدە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ تەخمىنەن 5000 ئادەم قاتناشتى) ئېچىپ، بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىش تاشلاشنىڭ خەۋىرى لوندون، پارىژ ۋە بىريۇسسېل قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. باش كومىتېت ئىش تاشلىغۇچىلارغا ئىئانە توپلاشقا كىرىشتى. ئەنگلىيەدىكى ئىئانە بەرگۈچىلەر ئىنتايىن قىزغىن بولدى، شۇڭا باش كومىتېت ھەرئايدا جەنۋەدىكى مەركىزىي كومىتېتقا ئاز دېگەندە 4000 فىرانك بېرەلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ بىر قىسمى قەرز پۇل، يەنە بىر قىسمى ياردەم ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمگە ئېرىشكەن جەنۋە بىناكارلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى ئاخىر غەلىبە قىلدى، يەنى كاپىتالىستىك تەرەپ ئىش ۋاقتىنى بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە قىسقارتتى، ئىش ھەققىنى

10% ئۆستۈردى.

باش كومىتېت ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە پرولېتارىياتنى تۈرلۈك دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماستىن كۈچ چىقاردى.

60 ـ يىللىرى ئەنگلىيەدە سايلام قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى قانات يايدى. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە پرولېتارىيات ئاممىسى ۋە بۇرژۇئازىيە رادىكاللار قاتلىمى بار، ئۇلارنىڭ مەقسىتى چوڭ بۇرژۇئازىيە، چوڭ يومبېشچىكلارنىڭ سىياسىي ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. ماركس باشچىلىقىدىكى باش كومىتېت ئىنتېرناتسىيونال ئەزالىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشىنى قوللاپلا قالماستىن، يەنە ئىشچىلارنىڭ كۈرەشكە قاتنىشىشىنى پائال تەشكىللىدى. ماركسنىڭ قارىشىچە، خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، سايلام قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى يەنىلا بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ھەرىكەت ھېسابلىناتتى، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ غەلىبە قىلىشى فېئودال قالدۇقلىرىنى تازىلاپ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيەگە قارشى كۈرىشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پرولېتارىيات بۇ قېتىمقى ھەرىكەت داۋامىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىي ئېڭى ۋە سىياسىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ماركس مۇشۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيە (ئەركىنچىلەر پارتىيەسى)نىڭ سىياسىي تەسىرىدىن قۇتۇلۇشىنى ۋە مۇستەقىل ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەنە مۇشۇ ھەرىكەت داۋامىدا ئەنگلىيە پرولېتارىيات ئاممىسىنى ئىنتېرناتسىيونال تەرەپكە ئەكېلىشنى، ئۇلارنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيەلەشنى، ئىشچىلار بىرلەشمىسى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ

قىلدى. ماركس بۇ ھەرىكەت داۋامىدا پىرولېتارىياتنىڭ قوللىنىشقا تېگىشلىك ئىستراتېگىيەسىنى، يەنى پىرولېتارىيات ھەرىكەت داۋامىدا مۇستەقىل بىر سىنىپ سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىشى، ھەرگىزمۇ رادىكال بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى؛ پىرولېتارىيات ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەلىپىنى، يەنى ئۇنىۋېرسال سايلام ھوقۇقى ۋە مەخپىي بېلەت تاشلاش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرى پىرولېتارىيات ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلسا، پىرولېتارىيات ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئورناتسا بولىدۇ، دېگەندەك ئوخشاش پىرىنسىپلارنى بېكىتتى.

باش كومىتېت ۋە ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى ئەنگلىيەدىكى سايلام قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئىنتېرناتسىيونال ئەزالىرىنىڭ تۇرتكىسى ئارقىسىدا، يەنى 1865 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى، بۇ ئىتتىپاقنى قۇرۇشقا باش كومىتېتنىڭ ۋەكىللىرى (ئاساسلىقى ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيسى بار) ۋە بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاممىۋى ئىسلاھات ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمۇ ماركس ۋەكىللىكىدىكى باش كومىتېتنىڭ ناھايىتى زور غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. ئالدى بىلەن پولشا خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى باش كومىتېتنىڭ پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. باش كومىتېت 1830 ~ 1831 ـ يىللىرى، 1846 ـ يىلى ۋە 1863 ~ 1864 ـ يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن پولشا قوزغىلىڭىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. 1864 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى باش كومىتېت قارار ماقۇللىدى، قاراردا:

«... پولشانىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان... ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئىلغار ئىشلار ئۈچۈن دەھشەتلىك زەربە بولدى... پولشا بەس ـ مۇنازىرىسىز ھالدا ياۋروپادىكى ئىلغار خەلقنىڭ زۆرۈر بولغان بارلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دېيىلىدى. ماركس ۋە ئېنگېلس «پولشانىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ ھەرىكەت چار پادىشاھ تۈزۈمىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىجتىمائىي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى» دەپ قارىدى.

1863، 1867 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، 1863 ~ 1864 ـ يىللىرىدىكى پولشا قوزغىلىڭىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا (ئۇنى باش كومىتېت بىلەن پولشا سەرگەردانلىرى بىللە تەييارلىغان) كۆپلىگەن نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان پولشالىقلارنى قوللىدى. ماركس باش كومىتېتقا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى، ئۇ پولشانى ئەزگەن ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن قاتتىق سۆكتى ھەمدە «پولشانىڭ مۇستەقىللىقى بولمىسا، ياۋروپانىڭ ئەركىنلىكىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلغانلىقتىن، پولشا سەرگەردانلىرى بىرلەشمىسىنىڭ لوندوندىكى ياچېيكىسى 1867 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باش كومىتېتقا رەھمەت ئېيتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ماركس باشچىلىقىدىكى باش كومىتېتمۇ ئىرېلاندىيەنىڭ مىللىي ئازادلىق مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ماركس، ئېنگېلسلار ئىرېلاندىيەدىكى فېنىيچىلارنىڭ

خاتالىقىنى (ئۇلار فىنىىن ھەرىكىتىدە بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىكىنىڭ ئىپادىسىنى كۆردى) تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنى فىنىىن ھەرىكىتىنى قوللاشقا چاقىرىق قىلدى. بۇنى ئۇلار ئىرېلاندىيەنىڭ مىللىي ئازادلىقى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا پايدىلىق، دەپ قارىدى. 1867 ـ يىلى باش كومىتېت ماركسنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھەرىكەت قوزغاپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، تۆت قوزغىلاڭچىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. 1869 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باش كومىتېت ماركسنىڭ قەتئىي چىڭ تۇرۇشى بىلەن قارار ماقۇللاپ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى گىلادستوننىڭ ئىرېلاندىيەنى قۇل قىلىش سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىرېلاندىيە ئىنقىلابچىلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## 2. ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى ۋە پىرۇدونىزمغا قارشى كۈرەش

ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلقئارا باش كومىتېتنىڭ بىۋاسىتە تايىنىدىغان بىردىنبىر ئاممىۋى تەشكىلات، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئودجىر باش كومىتېتنىڭ رەئىسى ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. لېكىن، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىگە خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى مۇبالىغە قىلىپ، سىياسىي كۈرەشكە سەل قارىدى، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلماي، بەلكى مۇشۇ تۈزۈم ئاستىدا ئىشچىلارنىڭ مۇئەييەن ئىش ھەققى

سەۋىيەسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن قانائەتلەندى. بۇ ھال ماركسنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ بۇنداق خاتا ئىدىيەۋى خاھىشقا قارشى كۈرەش قىلماي تۇرالمىدى.

1866 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماركس باش كومىتېتنىڭ يىغىنىدا «ئىش ھەققى، باھا ۋە پايدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ دوكلاتىدا بىر تەرەپتىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى قوغداش ۋە ئىقتىسادىي كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئىقتىسادىي كۈرەش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كاپىتالىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىشىدىكى مەكتەپ ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆستۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن «بۇ كۈرەشنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلماي، بەلكى كاپىتالىزمنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ خىل كۈرەش ئاغرىق توختىتىش دورىسىلا بولالايدۇ، ئەمما ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى تۈپ ئاساسىدىن يوقىتالمايدۇ، شۇڭا ئىقتىسادىي كۈرەشنى سىياسىي كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ماركسنىڭ نەزەرىيەسى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىگە زەربە بېرىش ھەمدە ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنى قوراللاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماركس، ئېنگېلسلارمۇ ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىنىڭ ئىرېلاندىيە مەسىلىسىدە قوللانغان شوۋىنىزملىق مەيدانىنى تەنقىدلىدى. ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى ئىرېلاندىيەنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىشكە، ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇردى. ئۇلار ھەتتا ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ ئەنگلىيەلىك باش ۋەزىرنى

ئانچە ـ مۇنچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئالداپ، ئىرىلاندىيە خەلقىنىڭ «ئەڭ سەمىمىي» خەير ـ ساخاۋەتچىسى دەپ ماختاشقا ئۇرۇندى. ماركس، ئېنگېلسلار ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى ماختىغان گىلاستوننىڭ ئىرېلاندىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىروگراممىسىنىڭ ئالدامچىلىق خاراكتېرىنى رەھىمسىزلەرچە ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە بۇ پىروگراممىا ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىنقىلابنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چاقماق قايتۇرغۇچ، دەپ كۆرسەتتى.

لېكىن، خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىكى خەۋپ پىرۇدونىزمدىن كەلدى. چۈنكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ~ 60 ـ يىللىرى پىرۇدونىزم فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كەڭ تارقىلىپ، غەربىي ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ يۈز بېرىشىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلغاندىن كېيىن پىرۇدونىزم پارتىژ ياچېيكىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ توغرا لۇشيەنلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىنتېرناتسىيونالغا پائال ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ۋە پىروگراممىسىنى ئىنتېرناتسىيونالغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، پىرۇدونىزمغا قارشى تۇرۇش ئىنتېرناتسىيونالنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ۋەيران بولۇش تەھدىتىگە ئۇچرىغان قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىرۇدونىزمچىلار بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پىلاننىڭ يادروسى كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزم ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى بىر نەرسىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇش ئىدى. پىرۇدون خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى باراۋەرلىككە خىلاپ قىلغانلىق، كوممۇنىزم مۇستەقىللىققا قارشى چىققانلىق، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «باراۋەرلىك» ۋە «مۇستەقىللىق»نىڭ قوشۇلمىسىنى تېپىپ چىقىش ئىدى، بۇ قوشۇلما «ئەركىنلىك» دەپ ئاتىلاتتى. پىرۇدوننىڭ مەقسىتى ئاتالمىش «ئەركىن» جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش ئىدى.

پىرۇدون ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە «ئەركىن» جەمئىيەت «شەخسىي ئىگىدارچىلىق»نى ئاساس قىلغان «ئۆزئارا ياردەم بېرىش تۈزۈمى»دىكى جەمئىيەت دەپ قارايتتى ئۇ: ئۆزئارا ياردەم بېرىش تۈزۈمى «ھەرقايسى ئەركىن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىر خىل تۈزۈم، بۇ تۈزۈم ئاستىدا ھەربىر كۈچ ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئىجرا قىلىدۇ، ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەربىر كۈچ ئەمگەك ئارقىلىق تېگىشلىك ئەمگەكنى ئالماشتۇرۇۋالىدۇ»، «ئۆزئارا خىزمەت قىلىش، ئۆزئارا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش، بىر ـ بىرىگە قەرز بېرىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، بىر ـ بىرىگە كاپالەت بېرىش ۋە باشقىلار... مانا بۇ (ئۆزئارا ياردەم بېرىش تۈزۈمى) قائىدە» دېدى. قىسقىسى، پىرۇدون تەسەۋۋۇرىدا قۇرماقچى بولغىنى ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش تۈزۈمى قاتارلىقلاردۇر. ئېنىقكى، بۇ ئەكسىيەتچىل خىيالىي پىلاندۇر.

سىياسىي جەھەتتە پىرۇدون ئېيتقان «ئەركىن» جەمئىيەت ھۆكۈمەتسىزلىكتۇر. ئۇ بۇرژۇئازىيە بىيۇروكراتلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى ۋە بۇرژۇئازىيە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىكلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ باشقا بىر قۇتۇپقا قاراپ مېڭىپ، ھەرقانداق دۆلەت تەشكىلىگە قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسىگە ئىگە بولدى، بۇرژۇئازىيە دۆلىتىگىمۇ قارشى چىقتى ھەم پىرولېتارىياتنىڭ دۆلەت تەشكىلىنى قۇرۇشقىمۇ قارشى تۇردى. ئۇ دۆلەتكە قارشى تۇرۇپلا

قالماستىن، يەنە بارلىق ئىمتىيازغا، بارلىق شەكىلدىكى «هۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش»قىمۇ قارشى تۇردى. بۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ئۇچىغا چىققان تىپىك شەخسىيەتچىلىك نۇقتىئىنەزىرى ئىدى. پىرۇدون هەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىنىڭ «ئاپتونومىيەلىك گۇرۇھ» بولۇپ تەشكىللىنىشىنى، هەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ «ئەركىن ئىتتىپاق» بولۇپ ئۇيۇشۇشىنى تەشەببۇس قىلدى.

پىرۇدون سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇردى، ھەتتا ئىش تاشلاشقا، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا قارشى تۇردى. ئۇ هەرقانداق بىرلىشىش شەخسكە زورلۇق ئىشلىتىش دەپ قارايتتى. ئۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشىغا قارشى تۇردى، ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتۇن ـ قىزلار پەقەت ئائىلە ئەمگىكى بىلەنلا شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىدى.

ماركسىزمچىلار بۇ خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا مۇرەسسەسىز كۈرەشنى باشلىدى.

1866 ـ يىلى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا كوپېراتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىش تاشلاش، خوتۇن– قىزلار ئەمگىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە پىرۇدونىزمغا قارشى كۈرەش قىلدى. كوپېراتىپ مەسىلىسىدە قۇرۇلتايدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر پىرۇدونىزمچىلارنىڭ هەمكارلىق تۈزۈمىنى تىنچ يول بىلەن كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە رەددىيە بەردى. قۇرۇلتايدا «ھەمكارلىق تۈزۈمى توغرىسىدا» دېگەن قاراردا: هەمكارلىشىش پائالىيىتى سىنىپىي قارشىلىششىنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىكى ۋاستىلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئەسلىي كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يوقىتالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنقى ھەل قىلغۇچ شەرتى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بۇرژۇئازىيە،

پومېشچىكلارنىڭ قولىدىن پىرولېتارىياتنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش، دەپ كۆرسىتىلدى.
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىش تاشلاش مەسىلىسىدە، قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قارارلاردىمۇ پىرۇدونىزمچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە رەددىيە بېرىلدى. قارارلاردا: «كاپىتال مەركەزلەشكەن كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ»، ئىشچىلار ئەگەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى قۇرسا، ئىشچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، كاپىتالىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. ئىشچىلار ئىش تاشلىسا، كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتىشىنى توسۇغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىش تاشلاشلار زۆرۈر، دەپ كۆرسىتىلدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قارارلاردا يەنە سوتسىيالىزمچىلار ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىنى مۇبالىغە قىلىۋەتمەي، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ ئۆزىنى «تار» مەقسەت ئىچىدە چەكلەپ قويماي، بەلكى ئېزىلگەن مىليونلىغان ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى.
خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىش مەسىلىسىدە، قۇرۇلتايدىكى كۆپىنچە ۋەكىللەر خوتۇن ـ قىزلار ئەمگىكىنىڭ ئومۇملىشىشى ئەمگەك جەريانى ئاددىيلاشتۇرۇلغان كەڭ كۆلەمدىكى كاپىتالىستىك سانائەتتى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىتالىستلار تۆۋەن ئىش ھەققىدە چەك تۇرۇۋالغانلىقتىن، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زاۋۇتتىكى ئەمگەككە قاتناشماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پىرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرۇلتاي يەنە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا

قاتنىشىشى ئىلغار ھادىسە، بۇ پىرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىپ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئائىلە ئىشلىرىدىن ئىبارەت تار قەپەستىن قۇتقۇزۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

1868 ـ يىلى بىريۇسسېل قۇرۇلتىيىدا پىرۇدونىزمچىلار ئۇششاق يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىكنى ساقلاپ قېلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇڭا قۇرۇلتايدا يەر ـ مۇلۇكچىلىكى مەسىلىسىدە بەس ـ مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. ماركس بىريۇسسېل قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى باش كومىتېتقا بىر قېتىم يەر مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەرگەنىدى. ئۇ دوكلاتىدا: «كاپىتالىزم ئاستىدا دېھقانلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئۇششاق دېھقانلارنى كاپىتالىستىك چوڭ دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئەھۋالىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ماركسنىڭ بۇ كۆز قارىشى باش كومىتېتتىكى كۆپ سانلىق ئەزالار ھەمدە نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا، بىريۇسسېل قۇرۇلتىيىدىكى كۆپ سانلىق ۋەكىللەر پىرۇدونىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى. قۇرۇلتاي قارار ماقۇللاپ مېتال قېزىلمىلار، كۆمۈر كانلىرى ۋە تۆمۈريول «پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى شەرت»، يەر «جامائەت مال ـ مۈلكى» بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

بىريۇسسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتاي ماركسىزمنىڭ پىرۇدونىزمچىلار ئۈستىدىن قىلغان ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىسىدۇر. شۇڭا، قۇرۇلتايدىن كېيىن پىرۇدونىزمچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بەردى، فىرانسىيە ۋە بېلگىيەدە سول قانات پىرۇدونىزمچىلار مەيدانغا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەدىكى ۋارلىن ۋە بېلگىيەدىكى سېساردې باپۇلار بار ئىدى. ئۇلار ئۇششاق مۇلۇكچىلىك خام خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى.

# 3 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (1868 ~ 1876 ـ يىللىرى)

## 1. باكۇنىنىزمغا قارشى كۈرەش

پىرۇدونىزمچىلار بىرىيۈسسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرى خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ماركسىزمغا قارشى چىقمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، «سول»چىل قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى ۋە «سول» شوئارىنىڭ نىقابى ئاستىدا پائالىيەت قىلدى. باكۇنىزمچىلار ئەنە شۇنداق.

مىخائىل باكۇنىن (1814 ~ 1876) ئەسلىي رۇسىيەنىڭ ئوفىتسېرى ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا چەت ئەللەردە يۈرۈپ، ياۋروپانىڭ 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابىغا قاتناشتى. 1849 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قولغا ئېلىندى ۋە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1857 ـ يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىندى، كېيىن بۇ يەردىن ياپونىيەگە قېچىپ باردى، ياپونىيەدىن شىمالىي ئامېرىكىغا باردى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە شىمالىي ئامېرىكىدىن ياۋروپاغا قېچىپ باردى، 1864 ـ يىلى لوندونغا، ئاندىن ئىتالىيەگە كەلدى. 1865 ~ 1867 ـ يىللىرى ئىتالىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ سىياسىي ئىقتىساد نۇقتىئىنەزىرى شەكىللىنىپ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمەتسىزچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

دۆلەتنى دەرھال يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىش باكۇنىن

ئىدىيەسىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نۇقتا ئىدى. ئۇ: «دۆلەت كاپىتالنى ياراتتى، كاپىتالىست دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كاپىتالغا ئىگە بولىدۇ، شۇڭا دۆلەتنى يوقاتقاندىن كېيىن كاپىتال ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ» دېدى. ئۇ بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەرقانداق شەكىلدىكى دۆلەت زىيانلىق، دەپ قارايتتى، شۇنىڭ بىلەن پرولېتارىيات دۆلىتىگە قارشى تۇردى.

باكۇنىن دۆلەتنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، يەنە سىياسىي پارتىيەنىڭ رولىنى، سىياسىي كۈرەشنى ئىنكار قىلدى، قارامىلارچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، بۇ قوزغىلاڭ كاپىتالىستىك دۆلەتكە قارشى تۇرىدىغان ئومۇمىي قوزغىلاڭغا تەرەققىي قىلىپ، دۆلەتنى بىر يولىلا يوقىتىدۇ، ئەمگەكچى خەلق دەرھال ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. باكۇنىن جەمئىيەتتىكى داشقاللارنى تايىنىدىغان كۈچ دەپ ھېسابلاپ، قوزغىلاڭغا قاتنىشىدىغانلار لۈكچەك، قەلەندەر، ئوغرى ۋە يانچۇقچى قاتارلىقلار، دەپ قارايتتى.

باكۇنىندەك ھۆكۈمەتسىزچى ھەرقانداق قۇتقۇزۇش ئۈمىدى قالمىغان، ئاللىقاچان ۋەيران بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. باكۇنىنىزم ئىقتىسادى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە — ئىتالىيە، ئىسپانىيە، شىۋېيتسارىيە ۋە فىرانسىيەلەرنىڭ غەيرىي سانائەت رايونلىرىدا — تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، چۈنكى بۇ دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا ۋەيران بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، باكۇنىن ھۆكۈمەتسىزچىلىرى رادىكال تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئىنقىلابىي سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاچقا، كىشىلەرنى ئوڭايلا ئالداپ كېتەلەيتتى.

شۇڭا، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن باكۇنىنىزمچىلارغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەش ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى:

بىرىنچى، باكۇنىنىزمچىلارنىڭ بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تەشكىلىي پائالىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىدى.

باكۇنىن 1864 ـ يىلى كۈز كۈنلىرى لوندوندا ماركس بىلەن كۆرۈشتى. ماركس باكۇنىنغا ئىتالىيەدە بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ياچېيكىسىنى تەشكىللەشنى ھاۋالە قىلدى. لېكىن، ئۇ ماركسنىڭ تەلىپى بويىچە ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسىنى قۇرماي، سۇيىقەستلىك تەشكىلات ــ «مەخپىي جەمئىيەت»نى قۇردى ھەمدە بۇ تەشكىلاتقا بىر قىسىم ئىتالىيەلىكلەر، فىرانسىيەلىكلەر، شىۋېيتسارىيەلىكلەر ۋە رۇسىيەلىكلەرنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ «قېرىنداشلار» باكۇنىننىڭ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

1867 ـ يىلى يازدا باكۇنىن شىۋېيتسارىيەگە كۆچۈپ كەتتى، بۇ يەردە بۇرژۇئازىيەنىڭ تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك ئىتتىپاقىغا قاتناشتى ھەمدە بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا «قوشۇلۇپ كېتىش» تەكلىپىنى بەردى، ئاخىرى بۇ تەكلىپ بىرىۋۇسسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن باكۇنىن بۇ ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ، 1868 ـ يىلى شىۋېيتسارىيەدە خەلقئارالىق تەشكىلات ــ سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىنى قۇردى، يەنە كۆپلىگەن يەرلىك ياچېيكىلارنى تەسىس قىلدى. باكۇنىننىڭ «مەخپىي جەمئىيەت»تىكى «قېرىنداش»لىرى ئىتتىپاق ئىچىدە رەھبەرلىك رولىنى ئويناپ، بىر ـ بىرى بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. باكۇنىن خەلقئارا باش كومىتېتنىڭ بۇ ئىتتىپاقنىڭ پۇتكۇل تەشكىلاتلىرىنى (ئەسلىدىكى ئاپپارات ھەمدە رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا) ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1868 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى باش كومىتېت

ماركسنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، بۇ ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشنى رەت قىلدى ۋە: «خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە سىرتىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە باكۇنىن يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلدى، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىپ ياچېيكا بولۇشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باش كومىتېت بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. لېكىن، ئۇ ئىنتېرناتسىيونالنى ئالدىدى، كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلاتىنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېت تەشكىلاتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەخپىي تەشكىلات قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىنى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىغا تارقىتىپ، پات يېقىندا ئېچىلىدىغان باسېل قۇرۇلتىيىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەشنى، ئاخىر باش كومىتېتنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، باكۇنىننىڭ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستى مەغلۇپ بولدى. 1869 ـ يىلى باسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتاينىڭ سايلام نەتىجىسى باش كومىتېتنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرىنىڭ داۋاملىق ۋەزىپىدە تۇرۇۋېرىدىغانلىقى بىلەن ئاياغلاشتى. باكۇنىنچىلاردىن بىرەرىمۇ باش كومىتېتقا كىرەلمىدى.

باكۇنىن بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن باشقا ياچېيكىلارنى باش كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىۋېتىشكە

ئۇرۇندى. ئۇ جەنۋەدە چىقىدىغان «باراۋەرلىك گېزىتى»دە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ماركس بىلەن باش كومىتېتقا جېنىنىڭ بارىچە بوھتان چاپلىدى. گېرمانىيەدىكى لاسسالچىلار، ئەنگلىيەدىكى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى رەھبەرلىرى باكۇنىننى قوللىدى. ماركس ئاخىر جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بارلىق ياچېيكىلىرىغا تارقاتقان «باش كومىتېتنىڭ شىۋېيتسارىيەدىكى رومېن تىللىق رايوندىكى بىرلەشمە كومىتېتقا» (يەنە «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش خېتى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق خېتىدە باش كومىتېتقا قىلىنغان تۆھمەتلەرنى تارمار قىلدى. «ئۇقتۇرۇشنامە» باكۇنىنچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

باكۇنىنىزم بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى ئىدىيەۋى كۈرەشتۇر. بۇ كۈرەش ئاساسلىقى «ۋارىسلىق ھوقۇقى» مەسىلىسىدىكى كۈرەش بولدى. ئەگەر پىرۇدونىزمنىڭ غەلىبىسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا باكۇنىنىزمغا قارشى كۈرەشتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قانداق يوقىتىش مەسىلىسى، يەنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە قەدەم - باسقۇچلىرى مەسىلىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىندى. باكۇنىننىڭ قارىشىچە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىشنىڭ مۇھىم قەدەم - باسقۇچلىرى ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، چۈنكى ۋارىسلىق ھوقۇقى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ زورلۇق كۈچ بىلەن تەبىئىي بايلىق ۋە جەمئىيەت بايلىقىنى ئىگىلەشنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدى، ئۇ يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە جەمئىيەت بايلىقىنى ئاز سانلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپ سانلىقلارنىڭ بالايىئاپەت يىلتىزى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يەنە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش

ئارقىلىق يەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئومۇمغا تەۋە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ھەم ئۇششاق خۇسۇسىيلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتمەيدۇ، ھەم خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكلەرنى ئومۇمنىڭ تەۋەسىگە ئۆتكۈزۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

1869 ـ يىلى باسىلدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەر بولدى. قۇرۇلتايدا ئېكارىيۇس باش كومىتېتقا ۋاكالىتەن ماركس تەييارلىغان «ۋارىسلىق ھوقۇقى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئوقۇدى. ماركس بۇ دوكلاتتا: خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ قانۇندىكى ئىنكاسى، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى پەيدا قىلغان ئەمەس. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋارىسلىق ھوقۇقىنى پەيدا قىلغان. ئەلۋەتتە، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي كۆرەش داۋامىدا ۋارىسلىق ھوقۇقى جەھەتتە ئۆتكۈنچى تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ، مەسىلەن، تېخىمۇ كۆپ مىراس بېجى يىغىش، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ۋەسىيەت قىلىشنى چەكلەش قاتارلىقلار. لېكىن، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ نىشانى ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنى يوقىتىش ئىدى.

قۇرۇلتايدا كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەر قىلىنغاندىن كېيىن باكۇنىنچى ئۇنسۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى ۋارىسلىق ھوقۇق مەسىلىسى كومىتېتى باش كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەسى (يەنى ماركس باش كومىتېت ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن «ۋارىسلىق ھوقۇقى توغرىسىدىكى دوكلات») بىلەن باكۇنىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى قۇرۇلتايغا قويۇپ ئاۋازغا قويۇشنى قارار قىلدى. باش كومىتېتنىڭ تەكلىپ لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلغاندا، 19 بېلەت قوشۇلدى، 27 ئاۋاز قاتناشمىدى؛ باكۇنىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلغاندا، 32 سى قوشۇلدى، 23 ى قارشى

چىقتى، 13 ئاۋاز ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى، يەتتە ئاۋاز قاتناشمىدى. شۇنداقتىمۇ باكۇنىننىڭ تەكلىپ لايىھەسى قوشۇلغان ئومۇمىي ئاۋاز سانىنىڭ (75) يېرىمىغىمۇ يەتمىگەنلىكتىن قۇرۇلتايدا ماقۇللانمىدى. شۇنداق قىلىپ، باكۇنىننىڭ ئەسلىدىكى ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىنتېرناتسىيونالنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى سۇغا چىلاشتى.

## 2. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى

1871 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارىژ پرولېتارىيات ئىنقىلابى قوزغىلىپ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى — پارىژ كوممۇناسى قۇرۇلدى. پارىژ كوممۇناسى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈردى ھەمدە تەسىرىنى كېڭەيتتى. شۇڭا، كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەت بۇرژۇئازلىرى ئىنتېرناتسىيونالغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى 1871 - يىلى 6 - ئايدا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا ئورتاق «جازا يۈرۈشى» قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. شۇ يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى يەنە بىر قانۇن ماقۇللاپ، ئىنتېرناتسىيونالغا قاتناشقۇچىلارنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىش ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويۇشنى ھەمدە پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى بەلگىلىدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى 1871 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىبېل بىلەن لىبكنېختنى «دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش» جىنايىتى بىلەن ئىككى يىللىق نەزەربەند ئاستىغا ئېلىشقا ھۆكۈم قىلدى. گوللاندىيە، دانىيە، بېلگىيە، ئاۋسترو - ۋېنگىر، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، رۇسىيە ۋە

ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئىنتېرناتسىيونال ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك پۈرسەتپەرەسلەرمۇ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى، باش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئودجېر قاتارلىقلار باش كومىتېتتىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئوڭچىل پىرۇدونىزمچىلاردىن تورن قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا ئاتتى. باش كومىتېت بۇ خائىنلارنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنى ئىنتېرناتسىيونالدىن قوغلاپ چىقاردى.

باكۇنىنچىلار پارىژ كوممۇناسى مەسىلىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. باكۇنىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كوممۇنانىڭ رەھبەرلىرى رىگول، فېررې قاتارلىقلارنى «ئەڭ ئەشەددىي شەخسلەر» دەپ تىللىدى. باكۇنىننىڭ ئۆزىمۇ پارىژ كوممۇناسىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنى «جىنايى قىلمىش، ئەخمىقانە ئىش» دەپ قارىدى. باكۇنىنچىلار كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پايدىسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتېرناتسىيونالنى پارچىلاشتەك سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. باكۇنىن ئۆزىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىنى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ئۇ يەنە ژۇرا بىرلەشمە جەمئىيىتىنى ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى بازىغا سۆرەپ ئەكىردى ۋە ئىسپانىيە، ئىتالىيە ھەم بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇرىت توپلاش ئارقىلىق يەرلىك ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىلىرىنى پارچىلاپ، باكۇنىننىڭ مەزھىپىنى تىكلەشكە ئۇرۇندى. بۇ ھال ئىنتېرناتسىيونالنى پۈتۈنلەي پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ قىلدى.

باكۇنىنىزمچىلار ئوڭ قانات پىرۇدونىزمچىلار، ئىشچىلار

بىرلەشمىچىلىرى ۋە لاسساللىزمچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ۋەزىپىسى باكۇنىنىزمچىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش ھەمدە كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە كوممۇنانىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى يېڭىباشتىن بېكىتىش ئىدى. 1871 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوندوندا مەخپىي ئېچىلغان قۇرۇلتايدا ماركس بىلەن ئېنگېلس تۈزگەن «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھەرىكىتى توغرىسىدا» دېگەن قارارىنى ماقۇللىدى. قارارىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەش داۋامىدا ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن سىياسىي پائالىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكى تەكىتلەندى، ئىشچىلار سىنىپى ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «سىياسىي پارتىيە بولۇپ تەشكىللىنىشى» كېرەك، دېيىلدى. يىغىندا ماركس يەنە «شەھەردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىردەكلىككە ئىگە» دېگەن شوئارنى ھەمدە ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئىتتىپاقى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لوندوندا ئېچىلغان قۇرۇلتايدىمۇ باكۇنىننىڭ سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىتتىپاقنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

1871 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باكۇنىنىزمچىلار شىۋېيتسارىيەدە ئاتالمىش قۇرۇلتاينى چاقىردى، قۇرۇلتايغا ئاران 16 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار قۇرۇلتايدا «خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى بىرلەشمىلەرگە ئۇچۇق خەت»نى ماقۇللاپ، خەلقئارا باش كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئاشكارا قارشى چىقتى ھەمدە ماركس ۋە ئېنگېلسلارغا «مۇستەبىتچى» دەپ ھۇجۇم قىلدى، يەنە «ياچېيكا ئاپتونومىيەسى» ۋە «ئەركىن بىرلەشمە»نى تەلەپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، باكۇنىنىزمچىلار جېنىنىڭ بارىچە ئىنتېرناتسىيونالنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەگەر باكۇنىنچىلارنىڭ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇرۇۋېرىشىغا يول قويۇلسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. شۇڭا، 1872 ـ يىلى خەلقئارا گائاگادا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا باكۇنىنىزمچىلارنى ئىنتېرناتسىيونالدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. گائاگادا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا يەنە باش كومىتېتنىڭ لوندوندىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىش قارارىنى ماقۇللىدى. بۇ قارارنىڭ ماقۇللىنىشىدا ئاساسەن مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر بار ئىدى. بىرىنچى، ئاغمىچىلىق ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، باش كومىتېت لوندوندا تۇرۇۋېرىشقا ئامالسىز قالدى. ئىككىنچى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلىرى ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتلىرىغا بولغان زىيانكەشلىكىنى كۈچەيتتى، شۇڭا باش كومىتېتمۇ ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈشكە ئامالسىز قالدى. ئۈچىنچى، باكۇنىنىزم ياۋروپادىكى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر (ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە شىۋېيتسارىيە)دە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەگەر باش كومىتېت داۋاملىق ياۋروپادا تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باكۇنىنچى ئۇنسۇرلار تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ باش كومىتېتى ئامېرىكىغا كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن سورگ سېكرېتارلىققا سايلاندى، ئەمما كېيىن ياۋروپا ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىيالمىغاچقا، ماھىيەتتە خىزمىتى توختاپ قېلىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى. 1876 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا ماركسنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ تارقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال 13 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى تارىخىدا ئۆچمەس

تۆھپىلەرنى ياراتتى: بىرىنچى، ئىنتېرناتسىيونال ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەنگلىيەنىڭ ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىنى، گېرمانىيەنىڭ لاسسالىزمىنى، فرانسىيەنىڭ پرۇدونىزمىنى، شۇنىڭدەك باكۇنىنىزمىنى تەنقىد قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككىنچى، پرولېتارىياتنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقلىشىش ئىدىيەسى بىلەن ھەرقايسى دۆلەت پرولېتارىياتلىرىنى تەربىيەلەپ، ئىنتېرناتسىيونالىزمنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناتتى. ئۈچىنچى، ئۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ خېلى بىر تۈركۈم كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ، تەشكىلىي جەھەتتە ھەرقايسى دۆلەت پرولېتارىياتلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش ئاساسىنى سېلىپ بەردى. تۆتىنچى، ئۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پارىژ كوممۇناسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بوۋىقىدۇر. قىسقىسى، «بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال (1864 ~ 1872) خەلقئارا ئىشچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ، ئىشچىلارنى كاپىتالغا قارشى ئىنقىلابىي ھۇجۇمنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا بويرۇدى»[1]. «بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پائالىيەتلىرى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.»[2]

① لېنىن: «ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونال ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 709 ـ بەت.

② لېنىن: «ستۇتگارت خەلقئارا سوتسىيال پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قۇرۇلتىيى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 742 ـ بەت.

ئون يەتتىنچى باب

# فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسى ۋە پارىژ كوممۇناسى

## 1 ـ بۆلۈم فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى

### 1. ئىككىنچى ئىمپېرىيە ۋە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى

ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلى (1852 ~ 1870) دىكى فىرانسىيە ھاكىمىيىتى ناپولېيونچە ھاكىمىيەت①، بۇ ھاكىمىيەت ئاستىدا پادىشاھ ناپولېيون Ⅲ ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇ ۋە قول ئاستىدىكىلىرى ــ ئاز ساندىكى تەۋەككۇلچى سىياسىيونلار ــ زور كۆلەمدىكى ھەربىي بيۇروكرات ساقچى ئاپپاراتقا تايىنىپ، مۇستەبىت ھۆكۇمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. گەرچە ئۇ چاغدا فىرانسىيەدە پارلامېنت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل زىننەت بۇيۇمى ھېسابلىناتتى، يەنى ئۇنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئەڭ كىچىك دەرىجىدە چەكلىنىپ قالغانىدى②.

① ئېنگېلس ناپولېيونچە ھاكىمىيەت ئاساسىي قانۇنچىلىق تونىنى كىيىۋالغان پادىشاھلىق ئىستىبدات ھاكىمىيەت، ئۇ بۇرژۇئازىيە بىلەن پىرولېتارىياتنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قالغان تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن. ئەگەر بىسمارك ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيە، فىرانسىيە بىرىنچى ئىمپېرىيەسى ۋە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتلىرى مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ، دەپ كۆرسەتتى (ئېنگېلسنىڭ «تۇرالغۇ مەسىلىسى توغرىسىدا»غا قاراڭ»)، خەلق نەشرىياتى، 1951 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 101 ~ 104 ـ بەتلەر.

② 1852 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئۈچ ئاپپاراتقا تەۋە ئىدى، يەنى پارلامېنت (قانۇن چىقىرىش ئۆمىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سېنات ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى. خەلق سايلىمىدا پارلامېنت قانۇن لايىھە-

ئۇمۇمىي سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر ئالدامچىلىق ئىدى، پۈتكۈل سايلام جەريانى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولاتتى، ھەتتا سايلانغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پادىشاھنىڭ گۇماشتىلىرى ئىدى. ئۇلار خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالغانىدى. نەشر ھوقۇقى ئەڭ چوڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، خەلق ھەرقانداق سۆز ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ئەمگەكچى خەلق ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇرژۇئازىيەمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا كىرگۈزۈلمەيتتى. ناپولېيون III فىرانسىيە پىرولېتارىياتىنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھەرخىل سىياسىي نەيرەڭلەرنى ئۇستىلىق بىلەن قوللاندى، ئىشچىلارغا ئانچە - مۇنچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئىشچىلارنى بىخۇدلاشتۇردى. ئۇ بۇرژۇئازىيەنى سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە تولۇق غەمخورلۇق قىلدى. ئىچكى جەھەتتە سودا - سانائەتنى زور كۈچ بىلەن قوغدىدى ۋە ئىلھاملاندۇردى، سىرتقى جەھەتتە بۇرژۇئازىيەگە چەت ئەل بازىرى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن فىرانسىيەنى قىرىم ئۇرۇشىغا قاتناشتۇردى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ ياخشى مەنپەئەتكە ئېرەلىشىدە فىرانسىيەنىڭ چوڭ بانكىر، چوڭ زاۋۇت خوجايىنى قاتارلىق چوڭ بۇرژۇئازلار مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوغدىشى ۋە ئىلھامى ئاستىدا،

---

ىسگە بېلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرەتتى، ئەمما قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە بولاتتى. قانۇننى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى پادىشاھ تەيىنلىگەن سېناتتا بولاتتى. شۇڭا، پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارلامېنتمۇ ئۆزىنىڭ مۇھاكىمە خاتىرىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلالمايتتى

فىرانسىيە كاپىتالىزمى تېز تەرەققىي قىلدى، سانائەت ئىنقىلابى ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدە تاماملاندى. نۇرغۇن كارخانىلاردا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ھور گېنېراتورىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ ئات كۈچىنى 1852 ـ يىلىدىكى 216 مىڭ ئات كۈچىدىن 1865 ـ يىلىدىكى 878 مىڭ ئات كۈچىگە يەتكۈزدى. بىر قىسىم كەڭ كۆلەملىك كارخانىلار بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، سىنىدېر مېتاللۇرگىيە زاۋۇتى تەخمىنەن 10 مىڭ ئىشچىنى يالاپ ئىشلەتتى. بىراق، كۆپلىگەن رايونلاردا يەنىلا ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ھەممىدە ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى، ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى ساقلاپ قېلىندى، ھەتتا پارىژدىمۇ شۇنداق بولدى.

شۇ يىللىرى سانائەت تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. فىرانسىيە پولات زاۋۇتى كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىشنىڭ ئورنىغا ياغاچ كۆمۈرنى ئىشلەتتى ھەمدە يېڭىچە پولات ئېرىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە پولاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئېشىپ، پولات ـ تۆمۈرگە مۇناسىۋەتلىك سانائەت ئورۇنلىرى ـــ كېمىسازلىق سانائىتى (شۇ چاغدا پولات ـ تۆمۈردىن ياسالغان كېمىلەر قوللىنىلىپ ـ قېيىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى) كۈندىن ـ كۈنگە جانلاندى. ياتقۇزۇلغان تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئاشتى، يەنى 1850 ـ يىلىدىكى 3083 كىلومېتىردىن ئېشىپ 1860 ـ يىلى 9525 كىلومېتىرغا يەتتى، دۆلەت ئىچىدىكى تۆمۈريول تورى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

سانائەتنىڭ تەرەققىياتى شارائىتىدا، يەنە بۇ مەزگىلدە تاشقى سودا ئورنىسى ئىككى ھەسسە ئاشتى، دۆلەت ئىچىدىكى سودىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ، سودا تارىخىدا ئەڭ دەسلەپكى سودا ماگىزىنلىرى بارلىققا كەلدى.

لېكىن، بۇ سانائەت كارخانىلىرى، تۆمۈريول، كېمىسازلىق

شىركەتلىرى ھەممە چوڭ ماگىزىنلار چوڭ پاي شىركەتلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. لېكىن، بۇ چوڭ پاي شىركەتلىرى ئەمەلىيەتتە 183 چوڭ بانكىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئىدى. ئاكا ـ ئۇكا بانكىر بولېرلار 37 پاي شىركىتىنى، بانكىر روشىلد 27 شىركەتنى، مولېر 22 شىركەتنى كونترول قىلدى. بانكا سانائەت شىركەتلىرىنى كونترول قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى. فىرانسىيە بانكىلىرى سىرتقا كەڭ كۆلەمدە قەرز بېرىپ يۇقىرى ئۆسۈم ئالدى. بۇ چاغدا، بانكا كاپىتالى فىرانسىيە ئىقتىسادىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەددىدىن ئاشقان ھايانكەشلىك قىلمىشلىرى بارلىققا كەلدى، سودا جەمئىيىتىدىكى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئەمگەكچى خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ ھالىنى قويمىدى. چوڭ پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستلىرى، چوڭ سانائەتچىلەر ۋاستە تالىماستىن، دۆلەت زايومىدىن، شەھەر قۇرۇلۇشىدىن چوڭ پايدا ئالدى. خان جەمەتىمۇ قاقتى ـ سوقتى قىلىش خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرگە قول تىقىپ بىردىنلا بېيىپ كەتتى. بۇ بايلار ئاسانلا بېيىپ كەتكەنلىكتىن، قانغۇچە ئويناپ ـ كۈلۈپ، ھاياسىز ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

بايلار خەلق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. زور كاپىتالنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەيران بولغۇچىلىرى كۈندە دېگۈدەك خەۋەر سۈپىتىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپ قىسىم دېھقانلار يېرى بەك ئاز بولغاچقا، يەنە كېلىپ جازانىخورلار ھەممە دۆلەتنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى (ئېغىر باج)گە ئۇچراپ تۇرغاچقا، يېرىم ئاچ، يېرىم توق تۇرمۇش كەچۈردى. يېزىلاردىكى 3 مىليون يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ۋە مەدىكارلار تېرىيدىغان يېرى بولمىغانلىقتىن، ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەھۋالى ئەڭ

ئېچىنىشلىق ئىشچىلار سىنىپى ئىدى. شۇ چاغدا فىرانسىيەدە 3 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچىلار كۈنىگە 12 سائەت، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئىشلەيتتى. ئىش ھەققى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن مال باھاسى ۋە تۇرمۇش خىراجىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى، شۇڭا ئەمەلىيەتتە ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتتى.

بىراق، 1860 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ناپولېيون III نىڭ ھۆكۈمرانلىقى خېلىلا مۇستەھكەملەندى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل: بىرىنچى، فىرانسىيە سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق قىلىپ (مەسىلەن، قىرىم ئۇرۇشى)، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۈچۈن چەت ئەل بازىرى ئېچىپ بەردى. ئىچكى جەھەتتە سودا – سانائەتنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سودا – سانائەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇرژۇئازىيە سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمىسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن رازى ئىدى، شۇڭا ناپولېيون III نىڭ ھاكىمىيىتىگە سەۋر قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتتى. ئىككىنچى، فىرانسىيە پىرولېتارىياتىنىڭ كۈچى 1848 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ئىشچىلار پىرۇدونىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سىياسىي كۈرەشكە ۋە ئىش تاشلاشقا قاتنىشىشتىن باش تارتتى. شۇڭا، ئىشچىلار تېخى ئىمپېرىيەگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى.

لېكىن، 1860 ـ يىلىدىن كېيىن ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ قالدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالدى. چۈنكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپچانلىقى كۈچىيىپلا قالماستىن، بەلكى بۇرژۇئازىيەمۇ قوزغىلىپ ئىككىنچى ئىمپېرىيەگە قارشى تۇردى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىككىنچى ئىمپېرىيەگە قارشى تۇرۇشىغا

كۆپلىگەن ئاملىلار سەۋەب بولدى، يەنى 1860 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ناپولېيون Ⅲ نىڭ فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن يېڭى سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ سودا كېلىشىمىدە ئەركىن سودا پىرىنسىپى گەۋدىلىنىپ، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى نىسبىتىنى ئۆز ئارا تۆۋەنلىتىش بەلگىلەندى. ئېنىقكى، بۇ سودا كېلىشىمى فىرانسىيەنىڭ سانائىتىگە پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، فىرانسىيەنىڭ سانائىتى ئەنگلىيەنىڭكىدىن ئارقىدا قالغان، سودا كېلىشىمى ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ فىرانسىيەدە تۆكمە قىلىپ سېتىلىش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال بۇرژۇئازىيەنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى زور مالىيە قىزىل رەقىمىمۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. فىرانسىيە قىرىم ئۇرۇشى، ئىتالىيە ئۇرۇشى ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقتىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە چىقىمى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، يەنى 1853 ـ يىلىدىن 1860 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قىزىل رەقەم 2 مىليارد 878 مىليونغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ناپولېيون Ⅲ ئىتالىيەدە پىروسسىيەگە قارشى ئۇرۇشتىكى كاۋۇر (ساردىنىيە پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى)غا قىلغان ئاسسىيلىق ھەرىكىتى كۆپلىگەن بۇرژۇئازىيە ئەركىنچىلىرىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ قارشىلىقى ئالدىدا ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشكە ئۇستا ناپولېيون Ⅲ يول قويۇش چارىسىنى قوللاندى. 1859 ـ يىلى ئۇ سىياسىي كۆز قارىشى ئوخشىمىغانلىقى سەۋەبىدىن چەت ئەلگە قوغلىۋېتىلگەن كىشىلەرگە ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. ئىككىنچى يىلى پارلامېنتقا خېلى كۆپ ئەركىنلىك بەردى، يەنى پارلامېنت ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىش، پارلامېنتنىڭ بەس ـ مۇنازىرە مەزمۇنىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان

قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، نەشر ھوقۇقىمۇ كەڭ قويۇۋېتىلدى. بۇ يول قويۇشلار نەتىجىسىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر، پادىشاھنى قوغدىغۇچىلار ھەمدە مىسسىيونېرلاردىن تەشكىللەنگەن ئەركىنلىك ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى ھەمدە 1863 ـ يىلىدىكى سايلامدا 35 ئادەم سايلىنىپ پارلامېنتقا كىردى. بۇ بېسىم ئاستىدا ناپولېيون Ⅲ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يول قويدى، يەنى دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تارىخچى ۋىكتور دۇرۇينى مائارىپ مىنىستىرلىققا تەيىنلىدى.

لېكىن، بۇ يول قويۇشلار بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى دولقۇنىنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ ئاساسلىقى ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچىدىن، 60 ـ يىللىرى فىرانسىيە مېكسىكىغا يۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زور دەرىجىدە ئادەم ۋە ماددىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ناپولېيون Ⅲنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى دىپلوماتىيەسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، يەنە فىرانسىيە بىسماركنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن 1866 ـ يىلىدىكى پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكتە چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپ بىسمارك ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن فىرانسىيەگە زېمىن ھەققى بېرىشكە ماقۇل بولغاندى، ئەمما كېيىن بىسمارك گېپىدە تۇرمىدى. ناپولېيون Ⅲ زېمىن ھەققىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيەنىڭ پىرۇسسىيە رەھبەرلىكىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كېلىشىگە قاراپ تۇردى، ئاخىر گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى فىرانسىيەنىڭ ياۋروپاغا خوجا بولۇشىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇپ قالدى. سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىش ھەمدە دىپلوماتىيەدىكى مەغلۇبىيەت فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ يەنىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ يۇرەكلىك، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. بۇ كۈرەشتە ئۇچىنچى

پارتىيە بارلىققا كەلدى. پارتىيەدىكىلەر ئاساسلىقى مۆتىدىل ئەركىنچىلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۇلار سايلام ئەركىنلىكى، سۆز ئەركىنلىكى، تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكىنى، شۇنىڭدەك پارلامېنتقا مەسئۇل بولىدىغان ئىچكى كابىنېت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يول قويىدى، 1867 ~ 1869 ـ يىللىرى پارلامېنتنى تولۇق سوئال قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىپ، كىتاب ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى پەسەيتتى. ئاممىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلدى. بۇ يول قويۇشلار كۆپلىگەن بۇرژۇئازىيەنى رازى قىلدى. لېكىن، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىككىنچى ئىمپېرىيەنى ئاغدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رەھبىرى گامبېتتا ۋە ھېنرى لوشفو ئىدى. لوشفو ئاتاقلىق مۇخبىر، ئۇ 1868 ـ يىلى ھەپتىلىك گېزىت «ماياك گېزىتى» تەسىس قىلىپ، پادىشاھ ھەمدە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. شۇڭا، بۇ گېزىت ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ئىنتايىن كۆپ تارقىتىلدى. شۇ يىلى سوت قىلىنىۋاتقان بىر دېلو فرانسىيەنى بىر مەھەل زىلزىلىگە سالدى، سوتقا تارتىلغىنى بىر مۇخبىر بولۇپ، ئۇنىڭغا 1851 ـ يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە قۇربان بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەرگە خاتىرە مۇنارى تىكلەش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قوزغىغان، دەپ جىنايەت ئارتىلغانىدى. بۇ مۇخبىرنىڭ ئاقلىغۇچىسى گامبېتتا ئىدى. گامبېتتا سوتتا جاۋابكارنى ئاقلاپلا قالماستىن، يەنە ئۇزۇن نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئىككىنچى ئىمپېرىيەنى شەپقەتسىزلەرچە ئەيىبلىدى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، قىلمىشى زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پات ئارىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ: «12 ـ

ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تەخت ۋارىسلىقىغا تەمە قىلىپ يۈرگەن بىرىنىڭ ئەتراپىغا فىرانسىيەدىن كەلگەن ناتونۇشلار توپلاندى، ئۇلار قابىلىيەتسىز، نام ـ ئابرۇيى ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يوق ناتايىن بىرنېمىلەر، ئۇلار ھەرقانداق چاغدا سۈيىقەست پىلانلايدىغان ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىلەر تەپ تارتماستىن ئۆزلىرىنى تېخى فىرانسىيەنىڭ قۇتقۇزغۇچىلىرى، دېيىشىدۇ» دېدى. ئۇ ئارقىدىنلا بۇ سۈيىقەستچىلەر قۇرغان ھۆكۈمەتنى ئەيىبلىدى، شۇنىڭدەك سۆزىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق گەپلەرنى قىلدى: «17 يىلدىن بېرى فىرانسىيەگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاڭلاپ قويۇڭلار. سىلەر: 1789، ـ 1830 ـ ۋە 1848 ـ يىللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە كۈنىنى تەبرىكلىگەنگە ئوخشاش، بىزمۇ 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىنى تەنتەنىلىك دۆلەت خاتىرە كۈنى سۈپىتىدە تەبرىكلەيلى، دېگەن گەپنى دېيىشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايسىلەر. مانا بۇ سىلەرنىڭ ۋىجدانىي ئازابتا قالغىنىڭلارنى ئىسپاتلايدۇ. سىلەر تەبرىكلەشكە ئۇنىمىغان بۇ خاتىرە كۈنىنى بىز تەبرىكلەيمىز. بىز ھەر يىلى شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنى قەرەللىك خاتىرىلەيمىز، بۇ دۆلەت بېشىمىزدىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق نامىدا جىنايى قىلمىشلارنى جازالىغان كۈنگە قەدەر خاتىرىلەيمىز.»

بۇ نۇتۇق بىلەن گامبېتتانىڭ نام ـ ئابرۇيى چىقتى، شۇنىڭدەك جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىپ سايلىدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە پىروگراما تۈزۈپ بەردى، ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان پارلامېنت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنى ئايرىش، مائارىپنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ھەمدە سۆزلەش، تەشكىللاتلارغا ئۇيۇشۇشتىن ئىبارەت تولۇق ھوقۇقنى

تەلەپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1869 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئۆكتىچىلەر پارتىيەسىنىڭ 90 ئەزاسى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇنىڭ ئىچىدە گامبېتتا ۋە لوشىفو ئىككىسىمۇ بار ئىدى. پادىشاھ جۇمھۇرىيەتچىلەر كۈچلىرىنىڭ ئېشىشىغا قارىتا يەنە يول قويىدى. 1870 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى ئەمىر ـ پەرمانىنى ئاساس قىلغان بىر قاتار ئەمىر ـ پەرمانلار سېناتلارنى ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، پارلامېنتنى تېخىمۇ كۆپ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلدى.

لېكىن، ئىككىنچى ئىمپېرىيەگە ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ھەقىقىي تەھدىت بولدى.

ئىشچىلار سىنىپى 60 ـ يىللارغا كەلگەندە ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە يېتىلىپ زورايدى. بۇنىڭ ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، مۇستەقىل سىياسىي كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1864 ـ يىلى پارىژ ئىشچىلىرى «60 كىشىلىك خىتابنامە» ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر سىنىپ ئىكەنلىكىنى، پارلامېنتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. ئىككىنچى، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش تاشلاش روشەن سىياسىي خاراكتېرنى ئالدى. 1869 – يىلى پارىژ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىشچىلار بىرلەشمىسى جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىپ، نەچچە ئون ئىشچىلار تەشكىلاتىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئىش تاشلاش تەشكىللىك، رەھبەرلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتكە ئايلاندى. ئۈچىنچى، ئىشچىلار ئارىسىدا خەلقئارا ئىتتىپاقلىشىش ئىدىيەسى ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى كۈچەيدى. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە فىرانسىيە ئىشچىلىرى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى ھەمدە بىرىنچى

ئىنتېرناتسىيونالنى قۇرۇشقا قاتناشتى. 1870 ـ يىلى ئەتىيازدا فىرانسىيەنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، ئىنتېرناتسىيونال ئەزالىرى 200 مىڭغا يەتتى ھەمدە پارىژ، لىئون، رۇئان ۋە مارسېل قاتارلىق شەھەرلەردە تۆت ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكا بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ فىرانسىيە ياچېيكىسى دەسلەپ پىرۇدونىزمچىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولغان ھەمدە سىياسىي كۈرەش ۋە ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىدىن ئايرىلغان تار تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي پىرۇدونىزمچىلار ئارىسىدىن سولچىلار بۆلۈنۈپ چىقتى ۋە 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى بۇ سول قانات پىرۇدونىزمچىلار بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پارىژ گۇرۇپپىسىغا (بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر شەخسلەردىن ۋارلىن ۋە فىرانكېل قاتارلىقلار بار) رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىدى. سولچىلار پىرۇدونىزمنىڭ خاتالىقىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىياسىي كۈرەش ۋە ئىشچىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى ھىمايە قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇلۇكچىلىكنى قوللىدى. ئۇلار نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ماركسىزمغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشتى. ھەرىكەت جەھەتتە چوڭ ئىش تاشلاش ۋە نامايىش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. سولچىل پىرۇدونىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بىرىنچىدىن، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا ماركسىزمچىلار نەزەرىيە جەھەتتە پىرۇدونىزمچىلارنى يەڭگەنلىكىدىن بولدى. ئىككىنچىدىن، ماركسىزمچى لافارگ ۋە دۇپۇنتلارنىڭ فىرانسىيە پىرۇدونىزمچىلىرىغا كونكرېت ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولدى. سولچىللارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرىنچى

ئىنتېرناتسىيونالنىڭ فىرانسىيە ياچېيكىسى ئىشچىلار ئارىسىدا سوتسىيالىزمنى زور كۆچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. 1869 ــ يىلى «مارسېل گېزىتى»نى تەسىس قىلدى، بۇ گېزىتتە سوتسىيالىزم تۇسىنى ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىكى نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەردە كەلگۈسى ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى، كەلگۈسى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرى ھەمدە كەلگۈسى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ «كوممۇنا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ فىرانسىيە ياچېيكىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا 60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، فىرانسىيە ئىشچىلىرىدىن سوتسىيالىزمغا ئىشىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ بىر سىياسىي ئوبزورچىسى: «يېمەك ــ ئىچمەكلەردىن باشقا، يەنە باشقا ئىشلارغا قىزىقىدىغان ئون ئىشچىنىڭ توققۇزى سوتسىيالىزمچى ياكى سوتسىيالىزمچى بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان كىشىلەردۇر» دەپ يازدى. ئۈچىنچىدىن، ئىشچىلار ئارىسىدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى، بۇنى بىلانكىچىلارنىڭ تەشۋىقاتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىلانكىچىلارنىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ھەمدە زورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىشنى تەكىتلەش. ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەخپىي سۇيىقەستىگە ئىشىنىپ، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ كۈچىگە تايانمىغانىدى. بىراق، 60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلار ئىشچىلار ئاممىسىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. بىلانكىچىلار ئىچىدە ئەڭ ئاكتىپلاردىن ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان دۇۋال، ئوقۇغۇچى، مۇخبىرلىقتىن كېلىپ چىققان تىرىتون، رىگول قاتارلىقلار بار ئىدى.

1860 ــ يىلىدىن كېيىن كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە توپلىنىشىنىڭ تېزلىشىشى كىچىك تىپتىكى قول سانائەت

كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلەتتى. 1867 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس بۇ يۈزلىنىشنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. يېڭى ياكوبىنچىلار ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى. يېڭى ياكوبىنچىلار 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ياكوبىنچىلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، رادىكاللىق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ بۇكرات ساقچى ئاپپاراتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇزۇل ـ كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلابنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى دېلېكلىيۇز روبېسپىئېرنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىپ، دېموكراتىك، سوتسىيال جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلدى.

ئىشچىلار سىنىپى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھمۇ ئاخىر ئىسلاھاتقا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتمەكچى بولدى. 1862 ـ يىلى ھۆكۈمەت فىرانسىيە ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى لوندون دۇنيا كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى. 1864 ـ يىلى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى مەنئى قىلىدىغان ل. ساپېلىئېر قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى①. شۇنداق قىلىپ، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فىرانسىيەدە جۇمھۇرىيەتچىلەر، يېڭى ياكوبىنچىلار، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ فىرانسىيە ياچېيكىسىدىكى پرۇدونىزم سولچىلىرى ۋە بىلانكىچىلار قاتارلىق ئىنقىلابىي كۈچلەر

① ئەمەلىيەتتە، بۇ تەدبىر يەنىلا ناھايىتى چوڭ چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى، چۈنكى ئەينى چاغدا ئىش تاشلاشقا زۆرۈر بولغان يىغىلىش ئەركىنلىكىگە ھەق تۆلەنەتتى.

بارلىقتا كەلدى، ھەرقانداق بىر تاسادىپىي ۋەقەدە بىر قېتىملىق ئىنقىلابنى قوزغىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.

## 2. پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى ۋە فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسىنىڭ گۇمران بولۇشى

ناپولېيون Ⅲ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىشىدىن غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىچكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، مەملىكەت ئىچىدىكى دۈشمەن سىنىپىنىڭ، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى يۆتكەش ئۈچۈن، بىرقېتىملىق تاشقى ئۇرۇش قىلىش ئەڭ ياخشى چىقىش يولى ئىدى. خانىش ئېۋژېنىيەنىڭ سۆزىدىن ناپولېيون Ⅲ نىڭ «ئەگەر ئۇرۇش قىلمىسام، مەن پادىشاھ بولالمايمەن» دېگەن غەرىزىنىڭ بارلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى. تاشقى ئۇرۇشنىڭ نىشانى پىرۇسسىيە ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە، ناپولېيون Ⅲ دىپلوماتىيەدە مەغلۇپ بولۇپ، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئىچىدىكى نام ـ ئابرۇيى بەكلا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق پىرۇسسىيەنى مەغلۇپ قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، شۇ چاغدا فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ گېرمانىيەگە ناھايىتى چوڭ قارا نىيىتى بار ئىدى، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ياۋروپاغا خوجا بولۇشتەك توسالغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قەستىدە بولدى. ناپولېيون Ⅲ بۇرژۇئازىيەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىرۇسسىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىمۇ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. باش ۋەزىر بىسماركنىڭ رەھبەرلىكىدە، پىرۇسسىيە 1864 ـ يىلىدىكى دانىيەگە قارشى ئۇرۇش ۋە 1866 ـ يىلىدىكى ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىنى قۇردى. جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى تۆت چوڭ شەھەر ـــ بادېن، باۋارىيە، ۋيۇرتېمبېرگ ۋە خېسسېن ـــ يەنىلا شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئالدى بىلەن، فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسى قارشى تۇرغانلىقتىن، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى تۆت چوڭ شەھەر شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشمىدى. شۇ چاغدا فىرانسىيە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جاي ستراسبۇرگنى ئىگىلىۋالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جەنۇبىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئەلۋەتتە، جەنۇبىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىغا يىراق تۇرۇشىدا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. بىرىنچى، باۋارىيە ۋە ۋيۇرتېمبېرگنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىنى خالىمىدى. ئىككىنچى، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى چوڭ شەھەرلەر ئاھالىسى ئىچىدە شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىغا كىرىشكە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى، بۇرژۇئازىيە دېموكراتچىلىرى بىسماركقا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ مىلىتارىزمنىڭ پارلامېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۈچىنچى، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ سانائىتى گېرمانىيەنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىنىڭ سانائىتىدىن بەكلا ئارقىدا قالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بولغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى چوڭ شەھەرلەر ئىتتىپاققا قاتناشمىغان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىسماركنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن پىرۇسسىيە بىلەن مەخپىي ھالدا ھۇجۇم - مۇداپىئە ئىتتىپاقى ئورناتتى، شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن جەنۇبىي گېرمانىيە يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىسى فىرانسىيە ئۇنىڭغا يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىشقا باشلىدى، بىسمارك بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي گېرمانىيەنى ھۇجۇم - مۇداپىئە ئىتتىپاقىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. قىسقىسى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە، بىسماركنىڭ قارىشىچە، پەقەت بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىقلا فىرانسىيەنى يەڭگىلى بولاتتى، ئاندىن جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى چوڭ شەھەرلەرنى ئىتتىپاققا كىرگۈزۈپ، گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، بىسماركنىڭ مەقسىتى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئورۇنلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئۇرۇش ئارقىلىق فىرانسىيەنى تالان - تاراج قىلىش كويىدا ئىدى.

1868 - يىلىدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى ھەمدە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قارشى تەرەپنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى جىددىي باشلىۋەتتى.

ناپولېيون III دانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنى تېخى يېقىندىلا پىرۇسسىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان دۆلەتلەر دەپ قاراپ، ئۇلارغا فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن دانىيە، ئاۋستىرىيەلەر قۇدرەتلىك پىرۇسسىيەدىن قورقۇپ، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى. فىرانسىيە پادىشاھى ئىتالىيە پادىشاھىغا سىرلىق كۆز قىسىۋىدى، بۇمۇ كارغا كەلمىدى، چۈنكى ئىتالىيە خەلقىنىڭ ناپولېيون III نىڭ 1859 - يىلىدىكى ۋاپاسىزلىقىغا بولغان غەزىپى تېخىچە بېسىقمىغان، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ رىمدا تۇرۇپ ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئارىلاشقانلىقىدىن

قاتتىق غەزەپكە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ناپولېيون III نىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

لېكىن، پىرۇسسىيەنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. پىرۇسسىيە كەلگۈسىدىكى پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالدى، شۇڭا پىرۇسسىيەنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى رۇسىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ بىتەرەپلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئىتالىيە ناھايىتى تېزلا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. رۇسىيە بولسا پىرۇسسىيە 1863 ـ يىلىدىكى پولشا قوزغىلىڭىدا رۇسىيەنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشىغا قولچوماق بولغان، يەنە كېلىپ رۇسىيەگە «رۇسىيەنىڭ 1856 ـ يىلىدىكى پارىژ سۈلھى كېلىشىمىدىكى قارا دېڭىز مەسىلىسى توغرىسىدىكى ماددىلارنى (رۇسىيە قارا دېڭىز فىلوتى ۋە قارا دېڭىز بويلىرىدا ئىستىھكام ياساش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىش) ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا ھەرگىز ئارىلاشمايدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى، شۇڭا رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرەپتىنمۇ «رۇسىيە بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن ۋەدىگە ئېرىشتى.

پىرۇسسىيە دىپلوماتىيە جەھەتتە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي جەھەتتىمۇ ياخشى تەييارلىق كۆردى. لېكىن، بىسمارك پىرۇسسىيەنىڭ ئاۋۋال قول سېلىشىنى خالىمىدى، ئۇ خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە پىرۇسسىيە تاجاۋۇز قىلىنىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل تەسىرات پەيدا قىلىش ئارقىلىق دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئارمىيەنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ باھانىسى قىلىشنى، شۇڭا فىرانسىيەنىڭ ئاۋۋال ئۇرۇش قوزغىشىنى ئۈمىد قىلدى.

دېگەندەك، ئىسپانىيەدە پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۇغۇلدى، بۇ بىسمارك ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى.

1868 ـ يىلى ئىسپانىيەدە ئىنقىلاب قوزغىلىپ ئايال پادىشاھ ئىسابېللا ئاغدۇرۇۋېتىلدى. بىسماركنىڭ ئۆز يېنىغا تارتىشى بىلەن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پادىشاھلىق ئورۇنىنى پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شاھزادە لېئوپولدقا مەقسەتلىك بەردى. ناپولېيون Ⅲ دەرھال قارشى چىقتى، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، فىرانسىيەنىڭ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپى بولاتتى. لېكىن، بىسمارك ۋە روئېن، مولتكې قاتارلىقلار لېئوپولدنىڭ بۇ پادىشاھلىق تەختىنى قوبۇل قىلىشىنى كۈچەپ نەسىھەت قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلىش فىرانسىيەنىڭ ئاۋۋال ئۇرۇش قوزغىشىغا تۈرتكە بولاتتى. شۇ چاغدا پىرۇسسىيە پادىشاھى ۋىلھېلم I كۆرۈنۈشتە بىسماركقا ئىتائەت قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە خاتىرجەم بولالماي لېئوپولدنى پادىشاھلىق تەختىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىدى. ئاخىر لېئوپولد بۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلدى ھەمدە فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، بىسماركنىڭ پىلانى بىراقلا يوققا چىقتى.

لېكىن، ناپولېيون Ⅲ پىرۇسسىيەنىڭ بۇ يول قويۇشلىرىنى خۇددى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلمىغاندەك خاتا چۈشىنىپ قالدى. فىرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرى بىۋۇمۇ پىرۇسسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە بەكمۇ سەل قارىدى. شۇڭا، فىرانسىيە پادىشاھى ئۇرۇش پەيدا قىلىشقا ئاسانراق بولۇشى ئۈچۈن پىرۇسسىيەگە تېخىمۇ قاتتىقراق ئىغۋاگەرچىلىك قىلماقچى بولدى. 1870 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيە باش ئەلچىسىنىڭ پىرۇسسىيە پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىشى قوبۇل قىلمايدىغان، يەنى پىرۇسسىيە پادىشاھى بۇنىڭدىن كېيىن لېئوپولدنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھلىق تەختىنى قوبۇل قىلىشىغا مەڭگۈ يول قويماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدا ئېمس

ساناتورىيەسىدە دەم ئېلىنىۋاتقان پىرۇسسىيە پادىشاھى مۇلايىم تەلەپپۇز بىلەن رەت قىلدى، ئاندىن فىرانسىيەنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىك جەريانىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق بىسماركقا ئۇقتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىغا زۆرۈر بولغان ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئېلان قىلىۋېتىش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. بىسمارك تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن روئېن قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان تەلەپپۇزدىكى بىرقانچە ئېغىز گەپلەرنى قوشۇپ قويدى. بۇنداق قىلغاندا فىرانسىيەنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى ئىلگىرى سۈرەتتى.

بۇ ئۆزگەرتىلگەن تېلېگرامما گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن فىرانسىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى چۇقان كۆتۈردى، ھەتتا قانۇن چىقىرىش ئۆمىكىدىكى زور كۆپچىلىك ۋەكىللەر خورلۇق ھېس قىلىپ ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار ھەربىي ئۇچۇن خىراجەت ئاجرىتىشنى قوللاپ ئاۋاز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە فىرانسىيە پادىشاھى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى، ئەتىسى ئەتىگەندە فىرانسىيە ئارمىيەسى سەپەرۋەرلىككە كېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە پىرۇسسىيە ھۆكۈمىتى شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىغا سەپەرۋەرلىككە كېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى چوڭ شەھەرلەردىمۇ سەپەرۋەرلىككە كەلدى. ئۇرۇش ئاخىر قوزغالدى.

مولتكې پىرۇسسىيە ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزۈپ بەردى، بۇ پىلان ناھايىتى ئەتراپلىق، كونكرېت بولۇپ، كەلگۈسىدىكى دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق قىيىنچىلىقلار ئالدىنئالا ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ چارە ـ ئاماللىرىمۇ ئېنىق

كۆرسىتىلدى. فىرانسىيەنىڭ تۆمۈريول تىرانسپورت ئىقتىدارى ئېنىق تەكشۈرۈلدى، پىرۇسسىيە هۆكۈمەت دائىرىلىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىگە رېين دەرياسى بىلەن پارىژ ئارىلىقىدىكى خەرىتىنى بەردى، بۇ خەرىتە فىرانسىيە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خەرىتىسىگە قارىغاندا ناهايىتى توغرا ئىدى. پىرۇسسىيە ئارمىيەنى دەرھال ئالدىنقى سەپكە يۆتكىدى، يەنە ئىستىراتېگىيەلىك تۆمۈريول ياسىدى. ئارمىيەنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئەڭ يېڭى ئىدى، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇردى، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش ئىشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ھەتتا تاللىق مىلتىقتىن تارتىپ قول ياغلىقىچە تەييارلىق ئوبدان بولدى. پىرۇسسىيەنىڭ ھەربىي پىلانىغا ئاساسەن، 384 مىڭ ئەسكەر فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بولدى، شۇنىڭدەك فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەسكىرى 250 مىڭدىن ئاشمايدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. پىرۇسسىيە فىرانسىيەنىڭ تۆمۈريول تورىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، فىرانسىيە ئارمىيەسى چوقۇم مېتس بىلەن ستىراسبورگ ئەتراپىلىرىغا توپلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. شۇڭا، پىرۇسسىيە ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن 1 ـ كورپۇسنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ موسېل دەرياسى ۋادىسىغىچە، 2 ـ كورپۇسنى رېين دەرياسىغا، 3 ـ كورپۇسنى ھەمدە زاپاس قوشۇننى ئوتتۇرىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە ئۇلىدى. مولتكېنىڭ پىلانى پارىژنى ئىشغال قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى تارمار قىلىش ئىدى.

فىرانسىيەنىڭ ھەربىي پىلانى پىرۇسسىيەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەربىي پىلانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، روشەن سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىدى. پىرۇسسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى فىرانسىيەنىڭ دۆلەت كۈچىنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچىنى زىيادە يۇقىرى

مۆلچەرلىدى. ناپولېيون Ⅲ فىرانسىيە 400 مىڭ ئەسكەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالايدۇ، فىرانسىيە ئارمىيەسى گېرمانىيە ئارمىيەسى يېغىلىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پىرۇسسىيە 1866 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش جاراھىتىدىن تېخى ئېسىگە كېلەلمىگەندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىشى شىمالىي گېرمانىيە ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ پەرەزلەرنىڭ ھەممىسى خاتا ئىدى. فىرانسىيەنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ھۇجۇم قىلىشنىلا نەزەرگە ئالغان بولۇپ، مۇداپىئە مەسىلىسىنى ئويلاشمىغانىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا گېرمانىيە ئارمىيەسى پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ، ناھايىتى تېزلىكتە 330 مىڭ ئەسكەرنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلاندۇردى. فىرانسىيە تەرەپ بولسا قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى: ئەسكەرلەر ئوفىتسېرلىرىنى تاپالمىدى؛ زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقى، ئاتلارنىڭ جابدۇقلىرى يوق، تىرانسپورت قوراللىرى قولايسىز ئىدى؛ ھەربىيلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمىدى؛ ئوفىتسېرلارنىڭ قولىدىكى خەرىتىلەر كارغا كەلمىدى.

فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ گېرمانىيەگە بارىدىغان ئىككى ئېغىزى مېتس بىلەن ستىراسبۇرگتىن ئىبارەت ئىككى قورغان ئىدى. مېتس قورغىنى مارشال بازېن قوماندانلىقىدىكى ئارمىيە، ستىراسبۇرگ قورغىنىغا مارشال ماكماخون قوماندانلىقىدىكى ئارمىيە يىغىلدى. بۇ ئىككى چوڭ قوشۇن گېرمانىيەگە تاجاۋۇز قىلماقچى بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشى ئاستا بولغانلىقتىن چېگرادا يىغىلالمىدى، گېرمانىيە ئارمىيەسى تېز سۈرئەتتە فىرانسىيە زېمىنىغا بېسىپ كىردى. گېرمانىيەنىڭ 3 ـ كورپۇسى 8 ـ ئايىنىڭ 6 ـ كۈنى بازېن قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن ۋوتېردا جەڭ

قىلدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى مەغلۇپ بولدى، تۆۋەن ساكسونىيەنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىگىلىدى. گېرمانىيەنىڭ 1 ـ، 2 ـ كورپۇسلىرىمۇ 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بازىنىنىڭ قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن سىپىسىرۇندا قاتتىق جەڭ قىلدى، ئاخىر گېرمانىيە ئارمىيەسى غەلىبە قىلىپ، شەرقىي قىسىمدىكى لوررىن ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى. بازىنىنىڭ فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالدىنقى سەپتىن مېتسقا چېكىندى، گېرمانىيەنىڭ 1 –، 2 – كورپۇسلىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، مېتس قورغىنىنى قورشىۋالدى. ماكماخون ئارمىيەسى مېتس قورغىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيەنىڭ 3 – كورپۇسى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالدى، ئاخىر شىمالغا بۇرۇلۇپ سېدانغا (8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە) قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي سېدان گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى كەسكىن جەڭدە 120 مىڭ فىرانسىيە ئەسكىرى مەغلۇپ بولدى، سېداننى گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىشغال قىلدى. فىرانسىيە ئارمىيەسىدىن 17 مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، قالغان قىسمى ئەسىرگە چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناپولېيون Ⅲ مۇ بار ئىدى.

بۇ قېتىم گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس. بىرىنچى، بۇ غەلىبە گېرمانىيەنىڭ ئارمىيە ئىشتاتىدىكى ئۈستۈنلۈكى، قاتتىق بولغان ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى قوللانغانلىقى ۋە تولۇق زاپاس بولغان تولۇقلىما كۈچتىن ئىبارەت قوشۇنىنىڭ بولغانلىقى قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەرگە باغلىق دېيىشكە بولىدۇ. فىرانسىيە ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، يەنى جايلار پۇل بەرسىلا ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئىككىنچى، پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى زىچ، تۆمۈريولى تەرەققىي تاپقان بولغاچقا، ۋاقتى كەلگەندە ئارمىيەنى تېز

سوْرئەتتە يۆتكىگىلى بولاتتى. پىروْسسىيە ئەسكەرلىرى ئۇزاق مۇددەت قاتتىق ھەربىي مەشىق قىلىپ، ئۆزلىرىدە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، فىرانسىيە ئارمىيەسى تولۇق مەشىق قىلمىغان، ئوفىتسېرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە جەڭ قىلىش تەجرىبىسى يوق، پەقەت ھەربىي نەزەرىيەدىنلا خەۋىرى بار ئىدى. فىرانسىيە خەلقى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولدى، ئەسكەرلەرمۇ جەڭگىۋارلىق كۆرسىتەلمىدى. ئۇچىنچى، پىروْسسىيەنىڭ ھەربىي بىيۇروكرات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى، ھەربىي پىلانى پۇختا، يەنە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەنىدى. فىرانسىيەنىڭ بىيۇروكرات ساقچى ئورگانلىرى كېلەڭسىز ھەم قالايمىقان، مەمۇرىيەتلىرىنىڭ خىزمەت ئۇنۇمى تۆۋەن، ھەربىي تەييارلىقى يېتەرسىز ئىدى. تۆتىنچى، پىروْسسىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدە تالانتلىق كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، بىسمارك ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى ئىدى. بىسمارك يۈرەكلىك، جانلىق ھەم قاتتىق قول، مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ۋاسىتە تاللىمايدىغان ئىستىلگە، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇشتەك جاسارەتكە ئىگە، پىلانىمۇ پۇختا، ئەتراپلىق تۈزىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىستراتېگىيەلىك ھەربىي ئىشلار ئالىمى رۇئېن، مولتكې قاتارلىق تەدبىرچىلەر دۈشمەنى يېڭىپ غەلىبە قازىنىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سېداندىكى مەغلۇبىيەت خەۋىرىنىڭ پارىژغا يېتىپ كېلىشى پارىژ ئاممىسىنىڭ ئىستىخىيەلىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئامما، بىلانكىچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قانۇن چىقىرىش ئۆمىكىنىڭ بىناسى ئالدىغا خۇددى سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ: «يوقالسۇن ئىمپېرىيە!»، «ياشىسۇن جۇمھۇرىيەت!» دەپ شوئارلارنى توۋلاپ، ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ جۇمھۇرىيەت

قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قانۇن چىقىرىش ئۇمىكىدىكى بۇرژۇئازىيە جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىۋېتىشنى جاكارلاپ، ئارقىدىنلا شەھەر مەمۇرىيىتى زالىدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى جاكارلاش توغرا كەلسە، ئامما دەرھال قانۇن چىقىرىش ئۆمىكى زالى ئالدىدىن يىراق كەتسۇن، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا بىلانكىچى ئۇنسۇرلارمۇ تۈرمىگە سولاپ قويۇلغان يولداشلىرىنى دەرھال قۇتقۇزۇپ چىقتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىنئالا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى بېكىتىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە گامبېتتا باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئورلېئانچىلارمۇ بار ئىدى. كاتولىك دىنى ھوقۇقچى تىروشۇي ھۆكۈمەت باشلىقى، جۇمھۇرىيەتچى فاۋر دىپلوماتىيە مىنىستىرى، ئورلېئانچى كېراترى پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش نازارەتچىسى بولدى. ئىشچىلار سىنىپى تەشكىلىي جەھەتتە يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى كەمچىل، ئىشچىلار رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ تۈرمىسىگە قاماقلىق بولغاچقا، ئىشچىلار سىنىپى بۇرژۇئازىيەنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنى توسۇپ قالالمىدى.

## 2 ـ بۆلۈم پارىژ كوممۇناسى ــ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پىرولېتارىيات ھاكىمىيىتى

### 1. «18 ـ مارت» ئىنقىلابى

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پارىژ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، شۇنىڭ بىلەن

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆزىنى «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى» دەپ ئېلان قىلدى. دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن پارىژ ئىشچىلىرى خەلقنى قوراللاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئاخىر «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى» ئىلاجسىز 200 باتالىيوندىن تەركىب تاپقان خەلق ئارمىيەسىنى قۇردى. خەلق ئارمىيەسىگە ئاساسلىقى ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر قاتناشتى. زور كۆپچىلىك چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى ئەسكەرلەردىن، يەنى بىلانكى، ۋارلىن قاتارلىقلار چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. خەلق ئارمىيەسى پايتەختنى قوغداشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى مەردانىلىك بىلەن ئۈستىگە ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارىژ خەلقى سىياسىي جەمئىيەتلەرنى تەشكىللەشكە باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارىژدىكى 20 رايوندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 20 رايوندىكى مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىرلىكتە رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى — 20 ـ رايونلۇق مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى. بۇ كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ پارىژنى قوغداش ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، دۈشمەن بىلەن يارىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. مەركىزىي كومىتېتقا قاتناشقانلار ئىچىدە بىلانكىچىلار، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى ۋە يېڭى ياكوبىنچىلار بار ئىدى. مەركىزىي كومىتېت پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا خەلق تەشكىلاتلىرىغا، يەنى ئىشچىلار بىرلەشمىسى جەمئىيىتى، ھەرخىل خەلق كۇلۇبى قاتارلىقلارغا تاياندى. مەركىزىي كومىتېت ھۆكۈمەتنىڭ تەسلىمچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە ھوشيار بولۇپ، ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى، تىنچلىق ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

پارىژ خەلقى پايتەختنى قوغداشقا ئاتلانغاندا، ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ستراسبورگ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مېتسنى قاتتىق ساقلاۋاتقان مارشال بازېن 173 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە نۇرغۇن ھەربىي لاۋازىماتلىرى بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. بۇ ئىككى «دەرۋازا»نىڭ قولدىن كېتىشى گېرمانىيە ئارمىيەسىنى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى»دىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رەھبىرى گامبېتتا 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھىدروگېنلىق شارغا چۈشۈپ پارىژغا ئۆچتى ۋە پارىژنىڭ شەرقىدىكى تاۋار شەھىرىگە كېلىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئارمىيەسىنى تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناپولېيون Ⅲ تەسلىم بولغاندىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىش يولىدا توسالغۇ قالمىدى. لېكىن، گېرمانىيە ئارمىيەسى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى، بولۇپمۇ بارغانلىكى يېرىدە فىرانسىيە خەلقىنى دەپسەندە قىلىپ ئوت قويدى، ئۆلتۈردى، بۇلاپ ـ تالىدى، ئىشقىلىپ، قىلمىغان ۋەھشىيلىكى قالمىدى. شۇڭا، فىرانسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىن قوغدىنىش خاراكتېرلىك ھەققانىي ئۇرۇشقا ئايلاندى. ئىلگىرى ناپولېيون Ⅲ قوزغىغان ئۇرۇشقا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان فىرانسىيە خەلقى ئەمدىلىكتە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇلار ئىستىخىيەلىك ھالدا پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ھەممىلا يەردە تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە زەربە بەردى.

لېكىن، پۈتۈن مەملىكەت ھەممە پارىژ خەلقى ۋەتەننى قوغداش يولىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پەيتتە، چوڭ بۇرژۇئازىيە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا باشقىچە

پوزىتسىيەدە بولدى[1]. ئۇلار خەلقنىڭ قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىشە ئىچىدە قېلىپ قوراللانغان خەلق پرۇسسىيە ئارمىيەسىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن، دەپ ئويلىدى، بولۇپمۇ قوراللانغان پارىژ خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۇلارنى تېخىمۇ هوشيار قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارىژ خەلقىنى قوراللاندۇرۇش قوراللىق ئىنقىلابتىن، پارىژنىڭ گېرمانىيە ئارمىيەسىدىن غالىب كېلىشى پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ كاپىتالىستلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، «دۆلەت مۇداپىئە هۆكۈمىتى» بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلدى، هەتتا ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى (مەسىلەن، بىرنەچچە قېتىم مۇۋەپپەقىيەتسىز زەربە بېرىشنى تەشكىللەپ، پارىژ خەلقىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتماقچى بولدى)، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەن بىلەن ئاستىرتىن تەسلىم بولۇش مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆھبەتلەشتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى فاۋر 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بىسمارك بىلەن سۆھبەتلىشىپ تەسلىم بولۇشقا تەييارلاندى. سۆھبەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن «دۆلەت مۇداپىئە هۆكۈمىتى» يەنىلا چەت ئەلنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىغا ئۈمىد باغلىدى ۋە تىيېر[2]نى پەۋقۇلئاددە ئەلچى سۈپىتىدە ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئاۋسترىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇچ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. «دۆلەت مۇداپىئە هۆكۈمىتى»نىڭ قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ۋەتەن ساتقۇچ هۆكۈمەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

---

① بىراق، گامبېتتا باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق جۇمھۇرىيەتچىلەر تاجاۋۇزچىلىققا ئاداققىچە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا رازى ئىدى.

② تىيېر — تارىخشۇناس، ئىيۇل خاندانلىقى ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولغان (1836 ~ 1840).

دەل مۇشۇ چاغدا قورشاۋ ئىچىدە قالغان پارىژ ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە قىيىنلاشتى. ئاشلىقنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى، چوڭ سودىگەرلەر ئەسەبىيلەشكەن ھالدا بېسىمدارلىق قىلدى، ئاشلىق باھاسى ئۇچقاندەك تېز ئۆرلىدى، بازارلاردا سېتىۋالىدىغان بولكىمۇ قالمىدى. ئامما ئىت، مۈشۈك گۆشلىرىنى يەپ جان باقتى، بەزى چاغدا چاشقان تۇتۇپ قورسىقىنى گوللاشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولماي، مەككار سودىگەرلەرنىڭ ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىغا يول قويدى.

مېتسىنىڭ تەسلىم بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن پارىژ خەلقىنىڭ سەۋر ـ پەيمانى تاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۇلار 20 ـ رايون مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن، تەييارلىق پۇختا بولمىغانلىقتىن، قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىدىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستى. 1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى ئۇقتۇرۇشتا مەركىزىي كومىتېت ھۆكۈمەتنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى، كوممۇنانى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، خەلقنى قوزغىلىپ كوممۇنا قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پارىژ خەلقى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئاقىۋەت يەنە مەغلۇپ بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەركىزىي كومىتېت بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال بىلەن بىرلىكتە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، «ھۆكۈمەتنىڭ ئولىگارخىيە ۋە سانائەت ئاقسۆڭەكلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ»، ئىشچىلارنى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 20 ـ رايوننىڭ مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىمۇ خىتابنامە ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا: «مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى

ئۆزىنى سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيەسىگە مەنسۇپ، دەپ جاكارلىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىمتىيازىنى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق يوقىتىشنى ھەمدە ھۆكۈمران بۇرژۇئازىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەمگەكچىلەرنى سىياسىي سەھنىگە چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى» دەپ يېزىلدى. شۇنداق قىلىپ، پارىژ پرولېتارىياتلىرى ۋە ئەمگەكچى ئامما 1871 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە كوممۇنا قۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى تەييارلىقىغا ئىگە بولدى.

1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى نومۇسسىزلارچە تەسلىم بولۇپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈپ، فىرانسىيە گېرمانىيەگە 200 مىلىيون فىرانك تۆلەم بېرىدىغانلىقى، پارىژ رايونلۇق مۇنتىزىم ئارمىيە قورالسىزلاندۇرۇلىدىغانلىقى (خەلق ئارمىيەسى بۇنىڭ سىرتىدا) ھەمدە پىرۇسسىيەنىڭ پات ئارىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ تەستىقلىنىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دەرھال مىللىي قۇرۇلتاينىڭ سايلىمىغا تەييارلىق كۆرۈشكە تۇتۇش قىلدى. سايلام رىقابىتىدە گېرمانىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسى سايلىغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى دېھقانلارغا ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى قىلىپ، قانداقتۇر ئىشچىلار ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلماقچى دېگەندەك پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقاتتى. شۇڭا، سايلامدا دېھقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇرژۇئا پومېشچىكلارنى نامزاتلىققا كۆرسىتىپ بېلەت تاشلىدى. نەتىجىدە مىللىي قۇرۇلتايغا سايلانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ بۇرژۇئازىيە، پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ئىچىدە خانپەرەسلەر كۆپ

سانلىقنى ئىگىلـەيتتى. 1871 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي بوردورا ئېچىلدى، ئىككىنچى كۈنى تىيېر ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە سايلىنىپ «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى»نى تارقىتىۋەتتى.

مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمگەكچى خەلققە پايدىسىز تەدبىرلەر يولغا قويۇلدى. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى ئالىدىغان ئازراققىنە تەمىناتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈلدى. بۇ جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى يامانلاشتۇرۇۋەتتى. مىللىي قۇرۇلتاي پارىژ خەلقىنىڭ شەھەر قورشاۋىدا قالغاندىن كېيىن ئۆي ئىجارىسىنى كېچىكتۈرۈپ تۆلەش تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئاھالە، جۈملىدىن ئىشچىلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەلەر تۇرالغۇ ئۆيلەردىن ھەيدەپ چىقىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

1871 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تىيېر بىسمارك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 26 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ تەييارلىق سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: فىرانسىيە گېرمانىيەگە 5 مىليارد فىرانك تۆلەم تۆلەيدۇ، پۈتكۈل ئېلزاس ئۆلكىسىنى ۋە لوررىن ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمىنى گېرمانىيەگە بۆلۈپ بېرىدۇ، تۆلەم پۇل تولۇق قايتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمى پارىژدا تۇرىدۇ، دېگەنلەر ئىدى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي تەييارلىق سۈلھە شەرتنامىنى (رەسمىي سۈلھى شەرتنامە 1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فىرانكفورتتا ئىمزالاندى) تەستىقلىدى. چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شۇملۇقلىرى پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

تىيېر ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلمىشلىرىنىڭ چوقۇم خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پارىژ خەلقىنى باستۇرۇشنى

كوچەيتىش ئوچۇن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تىيىر ھۆكۈمىتى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال مەزگىلىدىكى ئەكسىيەتچى گېنېرال پالادائىنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەش ئارقىلىق مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا بەند قىلىپ قويۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ناپولېيون III نىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ۋىنويانى پارىژنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى ۋە پارىژنىڭ ھەربىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى، ئىنقىلابىي گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ پېچەتلەنگەنلىكىنى ھەمدە باشقا ئۆلكىدە بىلانكىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەنە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ژاندارما كاتتىبېشى ۋالونتونىنى پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

بۇ ئېغىر ۋەزىيەتكە قارىتا ھەربىي، سىياسىي بىرلەشتۈرۈلگەن تەشكىلات قۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش پارىژ پىرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئېھتىياجقا ماسلىشىش ئۈچۈن 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سايلاپ چىقىلدى. 20 – رايوندىكى مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۆپلىگەن مۇھىم ئەزالىرى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 20 ـ رايوننىڭ مەركىزىي كومىتېتى ئورنىغا دەسسەپ پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ھەربىي، سىياسىي رەھبەرلىك مەركىزى بولۇپ قالدى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتقا سايلاپ كىرگۈزۈلگەنلەردىن بىلانكىچىلار، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى (سولچىل پىرۇدونىزمچىلار) بار ئىدى، ئىشچىلار يېرىم سانىنى ئىگىلەيتتى، قالغان يېرىمى ئىشچىلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان

زىيالىيلار ۋە ئۇششاق خىزمەتچىلەر ئىدى. شۇڭا، ئىشچىلار مەركىزىي كومىتېتنى كونترول قىلدى.

پارتىژ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي، ھەربىي جەھەتلەردە تەشكىللىنىشى بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر تەھدىت ئىدى، شۇڭا تىيېر ھۆكۈمىتى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنى قورالسىزلاندۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى پارىژنىڭ ئاساسلىق قوراللىق كۈچى بولۇپ قالدى. بۇ ئارمىيەنىڭ زەمبىرەكلىرى مونتمارتىر ئېگىزلىكىگە جايلاشتۇرۇلغانىدى. ئەسلى بۇ زەمبىرەكلەرنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى ئۆزى پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغانىدى، لېكىن تىيېر ھۆكۈمىتى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەكلىرى دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى دەپ تۇرۇۋالدى ۋە 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە زەمبىرەكلەرنى تارتىۋېلىشقا بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى ئەۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يېقىن ئەتراپتىكى ئىشچىلار دەرھال قوزغىلىپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ يولىنى ھەرىكىتىنى توسۇدى. بىر توپ خوتۇن ـ قىزلار مەردانىلىك بىلەن كۆكرەكلىرىنى ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئەسكەرلىرىنىڭ مىلتىق ئاغزىغا تۇتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ، ئامما بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئاممىا ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى لېكونت ۋە «ئىيۇن» قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىگە غالجىرلارچە قارشى تۇرغان كېلېمونت تومانى قولغا ئالدى ۋە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۇسۇغىنىغا قارىماي ئىككىسىنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىمۇ ھەرىكەتكە كەلدى، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى قۇرۇقلۇق

ئارمىيە ئىشتابى، ساقچى ئىدارىسى ھەمدە شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسى قاتارلىق مۇھىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئىشغال قىلدى.

لېكىن، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تېپىر قاتارلىق مۇھىم ئادەملىرىنى دەرھال قولغا ئالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قالغان ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ بىر دىۋىزىيەسىنى باشلاپ پارىژدىن ۋېرسالغا قېچىپ كەتتى. ساقچىلار قورالسىزلاندۇرۇلمىدى، شەھەر دەرۋازىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى، تېپىر قاتارلىقلار گىدەيگەن پېتى چىقىپ كەتتى. بۇ چوڭ بىر خاتالىق ئىدى.

تېپىر ھۆكۈمىتى چېكىنگەندىن كېيىن مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، ئىشچىلار سىنىپى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

شۇ چاغدا مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋېرسالغا قېچىپ بېرىۋالغان ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئارام ئېلىۋالغۇچە دەرھال ۋېرسالغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىۋېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى بۇنداق قىلمىدى، يەنە كېلىپ قىممەتلىك ۋاقىتنى كوممۇنانىڭ سايلىمىغا سەرپ قىلىۋەتتى. بۇمۇ شەكسىزكى باشقا بىر ئەجەللىك خاتالىق بولدى. ئەمما، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا پىرولېتارىيات فرانسىيەدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ئارمىيەسى پارىژ شەھىرىدە ۋېرسالغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان تەقدىردىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پارىژ پىرولېتارىياتىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، ماركس، ئېنگېلس كۆرسەتكىنىدەك قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن

كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي ۋېرسال بىلەن پوتكول خەلققە پايدىلىق مۇرەسسە تۈزدى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق پرولېتارىيات ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز بېرىشى تاسادىپىي ئەمەس، ئۇ بىر قاتار ۋەقەلەر تەرەققىياتىدىن بارلىققا كەلدى.

پرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەمدە شەھەر قورشاۋىدا قالغان مەزگىلدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، پرولېتارىياتنىڭ ئىشسىزلىقى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەيران بولۇشى، بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەتەن ساتقۇچىلۇقى ھەمدە خەلقنى تېخىمۇ كۆلپەت ـ جاپاغا قويىدىغان تەدبىرلىرى — ئىشقىلىپ مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىكى بىۋاستە سەۋەبنى ئىلگىرى سۈردى.

لېكىن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. بىرىنچى، 1789 ـ يىلىدىن بۇيان زورلۇق ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئارقىلىق جەمئىيەتنى ۋە سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش فىرانسىيە خەلق كۈرىشىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھەمدە بىر ئەنئەنىسى بولۇپ قالدى. 1789 ـ يىلىدىكى «10 ـ ئاۋغۇست» ئىنقىلابى، 1793 ـ يىلىدىكى «31 ـ ماي» ئىنقىلابى، «2 ـ ئىيۇن» ئىنقىلابى، 1795 ـ يىلىدىكى مايسا ئېيى ۋە چۈپان ئېيى قوزغىلىڭى، 1830 ـ يىلىدىكى «ئىيۇل» قوزغىلىڭى، 1831 ـ ۋە 1834 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق لىئون ئىشلار قوزغىلىڭى، 1848 ـ يىلىدىكى «فېۋرال» ئىنقىلابى ۋە «ئىيۇن» قوزغىلىڭى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زورلۇق ئىنقىلابى ھەرىكەت ئىدى. 1871 ـ يىلىدىكى «18 ـ مارت» ئىنقىلابى مۇشۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى، يەنى يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار زورلۇق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. ئىككىنچى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدا فىرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان

«يالاڭ تۆشلەر» بۇرژۇئازىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر نۆۋەتلىك قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشتى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئورنىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى. 1830 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە «ئىيۇل»، ئىنقىلابىغا قاتناشتى، بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ «ئىيۇل»، سۇلالىسىنى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن خۇلاسىلەندى. 30 ـ ، 40 ـ يىللىرى فىرانسىيە پىرولېتارىياتى شەكىللەندى ھەمدە مۇستەقىل بىر سىنىپ سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىقتى، ئەمما ئىككى قېتىملىق لىئون قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتلىك تەقدىر بىلەن ئاياغلاشتى. 1848 ـ يىلىغا كەلگەندە پارىژ پىرولېتارىياتى «ئىجتىمائىي جۇمھۇرىيەت»تىن ئىبارەت بىر خىل ئارزۇ بىلەن «فېۋرال» ئىنقىلابىغا قاتناشتى، ئەمما بۇرژۇئازىيەنىڭ ئالدامچىلىقى ئارقىسىدا بۇ ئارزۇسى يوققا چىقتى. ئارقىدىنلا يۈز بەرگەن «ئىيۇن» قوزغىلىڭى «بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ياكى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.»① لېكىن، بۇ قوزغىلاڭمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنداق قىلىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەيلى «يالاڭ تۆشلەر» ياكى پىرولېتارىيات بولسۇن، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرى بىر ـ بىرلەپ مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، 1871 ـ يىلىدىكى «18 ـ مارت» ئىنقىلابى ماھىيەتتە شۇ كۈرەشنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، پارىژ پىرولېتارىياتىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆتۈرۈلگەن زورلۇق ھەرىكەتتۇر.

① ماركس: «1848 ـ يىلىدىن 1850 ـ يىلىغىچە بولغان فىرانسىيەدىكى سىنىپىي كۈرەش»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 34 ـ بەت.

## 2. بۇرژۇئازىيەنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش، پىرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك تەجرىبىسى

«18 ـ مارت» ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ: «پارىژ خەلقى ئاخىر باشقىلار ئۇلارغا تاڭماقچى بولغان كىشەندىن خالاس بولدى» دەپ جاكارلىدى ۋە خەلقنى دەرھال «كوممۇنا سايلىمىغا تەييارلىق كۆرۈش ۋە سايلامدا ئاۋاز بېرىش»قا چاقىردى، كوممۇنا سايلىمى ئۆتكۈزۈلسە، بارلىق ھوقۇق كوممۇناغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 18 ـ كۈندىن 28 ـ كۈنگىچە بولغان 10 كۈن ئىچىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئوينىدى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىر تەرەپتىن سايلامغا تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا كىرىشتى.

ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى كېلەڭسىزلىكتە چېكىگە يەتكەن ھەربىي بيۇروكرات ئاپپاراتلىرى فىرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيەسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك قورالى بولدى. بىرىنچى، بيۇروكراتلار، ساقچىلار خەلقنىڭ شىللىسىگە دەسسەپ، خەلقنى ئۆز مەيلىچە بوزەك تاپتى ۋە ئەزدى، خەلقنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ھەممە ئەركىنلىكنى بوغدى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى ۋەھشىيلىك بىلەن باستۇردى. ئىككىنچى، ناھايىتى كېلەڭسىز بيۇروكرات ھەربىي ئورگانلار (بيۇروكرات 500 مىڭ، ھەربىيمۇ 500 مىڭ)نىڭ نۇرغۇن مالىيە راسخوتىنى ساقلاپ قېلىش خەلقنىڭ شىللىسىگە چۈشكەن ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. «18 ـ مارت» ئىنقىلابى «دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ھۆكۈمران سىنىپتىن

ئىبارەت بۇ گۇرۇھتىن يەنە بىر گۇرۇھقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ئەمەس، ئۇ بۇ سىنىپنى ھۆكۈمرانىنىڭ ياۋۇز ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابتۇر.»[1]

مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشتا تۈنجى قوللانغان تەدبىرى دائىمىي قوشۇننى يوقىتىش بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى تۈنجى قېتىملىق يىغىنىدا «ھەربىي مۇستەبىتلىكنى قورالسىزلاندۇرۇش» پىكرى ماقۇللاندى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ماقۇللانغان قاراردا «پارىژدا قېپقالغان بارلىق ئەسكەرلەر مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىگە كىرگۈزۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ تەدبىرلەر ئەمەلىيەتتە دائىمىي قوشۇن، ساقچى ۋە ژاندارمىلارنى يوقاتتى. كوممۇنا قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارقىتىلغان تۈنجى پەرماندا دائىمىي قوشۇننى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنى دەسسىتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دائىمىي قوشۇن ۋە كونا ساقچىلارنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ بۇرژۇئازىيەنىڭ خەلقنى ئېزىشتىكى ماددىي كۈچىمۇ يىمىرىپ تاشلاندى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى دۈشمەننى باستۇرىدىغان ۋە چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرىدىغان خەلق قورالىغا ئايلاندى.

كونا بيۇروكرات ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىجرا قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ مەركىزىي كومىتېت ۋەكىل ئەۋەتىپ كونا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقىنى ۋە ئاساسلىق مەمۇرىي ئورگانلارنى، مەسىلەن،

[1] ماركس: «فىرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 17 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 587 ـ بەت.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتابى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە ساقچى ئىدارىسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. كونا ھۆكۈمەت ئەمەلدارى قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئىشنى ئاقساتقانلىقىدىن مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەردىن 25 ـ كۈندىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلمىغانلار خىزمىتىدىن شەرتسىز ئېلىپ تاشلىنىدۇ» دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش چىقاردى ۋە يېڭى خادىملارنى كونا ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھەرقايسى رايون باشلىقلىرىنىڭ قولىنىشى ئارقىسىدا تىيېر ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانى سودا بازىرى مەيدانىدا توپىلاڭ كۆتۈردى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى بۇيرۇق بويىچە ئۇلارنى باستۇردى، ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۆزلۈكىدىنلا تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ قوماندانى ۋېرسالغا قېچىپ كەتتى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى دەرھال بارلىق رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. پايتەخت پارىژنىڭ كونا بيۇروكرات ئورگانلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پاچاقلاپ تاشلاندى①.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، كوممۇنا كومىتېتىنىڭ سايلىمى بولدى، ئامما بەس ـ بەستە ئاۋاز بېرىشكە قاتناشتى. دەسلەپ 86 ھەيئەت ئەزاسىنى سايلاپ چىقىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 35 ى زىيالىي، 25 ى ئىشچى، 8 ى خىزمەتچى، بىرى قول سانائەتچى، 17 سى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى كوممۇنادىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئىشچىلار ياكى كوممۇنادىكى

① پارىژ كوممۇناسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كونا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى بولغان كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە زەربە بېرىلىپ، دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئايرىۋېتىلگەنلىكى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى بىكار قىلىنغانلىقى، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغانلىقى جاكارلاندى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى كوممۇناغا رەھبەرلىك قىلدى. شۇڭا، كوممۇنا كومىتېتى ماھىيەتتە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمىتى ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسى ئالدىدىكى مەيداندا كوممۇنا قۇرۇلۇش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. كوممۇنا كومىتېتىنىڭ ئاستىدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقىغا تەڭ كەلگۈدەك توققۇز كومىتېت ــ ھەربىي، سىياسىي، ئاشلىق، ئەدلىيە، مالىيە، دىپلوماتىيە، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت، مائارىپ ھەمدە ئەمگەك، ئالماشتۇرۇش كومىتېتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىجرائىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ تارقاتقان پەرمانلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نازارەت قىلىندى. ھەرقايسى كومىتېتلار بەشتىن ـ سەككىزگىچە بولغان كىشىلەردىن تەشكىللەندى. كوممۇنانىڭ ھەيئەت ئەزالىرى كومىتېتنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

پارىژ پرولېتارىياتى يۇرەكلىك ھالدا پرولېتارىيات دېموكراتىيەسى تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. بۇ ئالدى بىلەن پارىژ پرولېتارىياتى خەلقنى ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلاندۇرۇش، ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنى «جەمئىيەت چاكارلىرىدىن جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» ① قوللانغان بىر قاتار تەدبىرلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ دېموكراتىك سايلىمىنى يولغا قويۇش.

ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدە مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ تەرىپىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك خىزمەتكە تەيىنلەندى. پارلامېنت ئەزالىرى سايلىنىپ بارلىققا كەلگەن

① ماركس: «فىرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش (ئېنگېلس يازغان 1891 ـ يىلىدىكى كىتابچىنىڭ كىرىش سۆزى)»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 12 ـ بەت.

بولىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر خىل شەكىل ئىدى، ئەمەلىيەتتە پادىشاھنىڭ گۇماشتىلىرى سايلامنى كونترول قىلىۋېلىپ، سايلامنى ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى خەلقنىڭ ھەقىقىي چاكىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىك سايلامنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ چىن دىلىدىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان نامزاتلارنى سايلاپ چىقىپ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى قىلىش كېرەك ئىدى. «18 ـ مارت» ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتلىرى، 20 ـ رايوننىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى ھەمدە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلدى. «18 ـ مارت» ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ناھايىتى تەبىئىي ھالدىلا ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگانغا ئايلاندى. لېكىن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ھوقۇق ۋە ئورۇنغا ھەرگىز مەستانىلىك قىلماي، بەلكى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان كوممۇنا كومىتېتىغا ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن پائال سايلامغا تەييارلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك بۇ روھى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى ئۇقتۇرۇشىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەندى. ئۇقتۇرۇشتا: «سىلەر بىزگە پارىژنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى تەشكىللەش، سىلەرنى قوغداش ھوقۇقىنى تاپشۇردۇڭلار. بىز بۇ ۋەزىپە ئادا قىلىنىپ بولدى، دەپ قارايمىز... شۇ تاپتا بىزنىڭ ۋەكىللىك گۇۋاھنامىمىزنىڭ قەرەلى توشتى، شۇ ۋەجىدىن گۇۋاھنامىنى تاپشۇرۇپ بېرىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئامىمىنىڭ بوران ـ چاپقۇنىدا يېڭىلا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئورنىنى كۆزلەش مەقسىتىمىز يوق» دەپ يېزىلدى. ئارىدىن

ئۆزاق ئۆتمەي، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يەنە مۇراجىئەتنامە تارقىتىپ: «بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىز نامسىز ئەۋلادلار ئىدۇق، بىز نامسىز ئەۋلادلار سالاھىيىتىمىز بىلەن سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلىمىز» دېدى.

كوممۇنانىڭ سايلىمىدا ھەقىقىي دېموكراتىك پىرىنسىپ گەۋدىلەندى. بىرىنچىدىن، سايلام ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بولدى. شۇڭا، سايلامغا قاتناشقانلار ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. پارىژ ئىشچىلار سىنىپى ھەمدە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاۋاز بېرىشكە قاتناشتى، ئاۋاز بەرگۈچىلەر 229 مىڭ 167 ئادەمگە يەتتى. ئىككىنچىدىن، سايلام تەرتىپى ئاددىي، ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق بولدى. سايلام رايونلار بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. ھەرقايسى رايونلار سايلاپ چىققان ۋەكىللەرنىڭ سانى ھەرقايسى رايونلارنىڭ نوپۇسى بىلەن توغرا نىسبەتتە بولدى، يەنى ھەر 20 مىڭ ئاھالە بىر ۋەكىل سايلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئاھالىسى زىچ ئىشچىلار رايونىدا ۋەكىللەرنىڭ سانى كۆپەيتىلدى. ئۈچىنچىدىن، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولغا قويۇلدى، بىرەر ئادەمنىڭمۇ سايلامغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى.

پارىژدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق كوممۇنانىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بەرپا قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە كوممۇناغا قاراشلىق ئىدارىلەر — زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى (سودىيە، گۇۋاھلىق بەرگۈچى)مۇ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقتى. لېكىن، تېخىمۇ كۆپ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، يەنى ئۇلار توپچى قىسىمنىڭ باش نازارەتچىلىكى، تۆمۈريولنىڭ باش نازارەتچىلىكى ۋە دوختۇرخانىنىڭ باش

نازارەتچىلىكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى. كوممۇنانىڭ ھەرقايسى كومىتېتلىرىغا قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ھەرقايسى كومىتېت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلدى. بىراق، ۋەزىپىگە تەيىنلەشمۇ ئاممىۋى يۈنىلىش بويىچە بولدى. ئاۋۋال ئامما نامزات كۆرسەتتى، كوللېكتىپ مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. كەسىپچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. كوممۇنانىڭ سايلىمىدىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈشتە دېموكراتىك پرىنسىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە خىزمەتتىن بوشىتىش ھوقۇقى يولغا قويۇلدى.

پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ كەسكىن مەسىلە بيۇروكرات گۇرۇھىنىڭ پەيدا بولۇشىنى، خەلقتىن ئايرىلغان ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، «ئىجتىمائىي چاكار»نىڭ خەلقنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى توسۇش ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كوممۇنا سايلىغۇچىلارغا ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە خىزمەتتىن بوشىتىش ھوقۇقى بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان ئۇقتۇرۇشتا كوممۇنا «دائىم دېگۈدەك كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ تۇرغاچقا، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇردى»، «ھەيئەت ئەزالىرى ئۆزۈكسىز تۇردە جامائەتچىلىكنىڭ تەكشۈرۈشىگە، ھەيدەكچىلىك ۋە تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئىشەنچلىك، سايلىغۇچىلارغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكىمۇ بولىدۇ» دېيىلدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، كوممۇنا «فىرانسىيە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»دە:

«سايلام ياكى سايلام رىقابىتى ئارقىلىق خىزمەتكە تەيىنلەنگەن
هۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە كوممۇنا ئەمەلدارلىرى دائىم نازارەت
قىلىنىشى، ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلەندى.
كوممۇنا خەلقنىڭ نازارەت قىلىش هوقۇقىنى هەقىقىي
يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پەرمانىدا ئېنىق
قىلىپ: «جىسمانىي ئەركىنلىكى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە
ئەمگەك ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ؛ پۇقرالار ئۆز
قارىشىنى ئەركىن ئېلان قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى
ئەركىن قوغداش ئارقىلىق كوممۇنانىڭ ئىشلىرىغا هەردائىم
قاتنىشالايدۇ؛ كوممۇنا بۇ هوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، چۈنكى
كوممۇنا توغرا هەم ئەركىن هالدا يىغىلىش هوقۇقى ۋە نەشىر
ئەركىنلىكىنى يۈرگۈزۈشتى نازارەت قىلىشقا تولۇق
هوقۇقلۇق، شۇنىڭدەك بۇ هوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە كاپالەتلىك
قىلىدۇ» دەپ بەلگىلىدى.
ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كوممۇنا
هەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق خەلققە كوممۇنانىڭ خىزمەتلىرىنى
چۈشەندۈردى. كوممۇنا چىقارغان قارارلىرىنى، بەزىدە جۇملىدىن
كوممۇنا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان مۇهىم مەسىلىلەرنى
ۋاقتىدا «ئاخبارات»تا ئېلان قىلىپ تۇردى. كوممۇنا يەنە كوممۇنا
هەيئەت ئەزالىرى هەمدە هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەرنىڭ خەلققە
ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى ۋە
سايلىغۇچىلار يىغىنىدا ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئاممىنىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. كوممۇنا مۇهىم مەسىلىلەرنى
مۇزاكىرە قىلغاندا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى يىغىنغا تەكلىپ
بىلەن قاتناشتۇردى، شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى
قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ تەنقىد ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.
ماركس كوممۇنانىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئىنتايىن قوللاپ: «كوممۇنا
بارلىق كونا هۆكۈمەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى هەرگىز خاتالىق
ئۆتكۈزمەيدۇ دەپ ماختىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق سۆز ـ

ھەربىكەتلىرىنى جاكارلاپ تۇرىدۇ، بارلىق كەمچىلىكلىرىنى جامائەتچىلىكتىن يوشۇرمايدۇ»[①] دېدى.

ھەرخىل ئاممىۋى تەشكىلاتلار — كۆلۈبلار — مۇ كوممۇنانى نازارەت قىلىش رولىنى ئوينىدى. بۇ كۆلۈبلار دائىم دېگۈدەك كوممۇناغا تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىپ تۇردى.

كوممۇنا يەنە بىر قىسىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاممىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا قاتناشتۇردى، ئىشچىلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، زاۋۇتلاردا نازارەت قىلىش كومىتېتى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نازارەت قىلىش كومىتېتىغا قاتناشقان ئىشچىلار ۋەكىلى زاۋۇتنىڭ بارلىق ئىچكى ـ تاشقى كەسپىنى بىلىش، مۇناسىۋەتلىك ھېسابات دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىدى.

كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى ھەمدە باشقا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئاممىنىڭ نازارىتىنىڭ قوبۇل قىلغاندىن سىرت، خەلقنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىگە ئاساسەن ھەرۋاقىت ئالماشتۇرۇلۇپ تۇردى. كوممۇنا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلار ياكى لاياقەتسىز رەھبەرلەرنى بايقاپ قالسا ۋە ياكى خەلق پاش قىلسا، ئاخىر تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ئادەتتە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىناتتى.

تىسقىسى، سايلام، نازارەت قىلىش ھەمدە خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن پىرىنسىپ كوممۇنانىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرىدە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ چاكارلىرىغا ئايلىنىشىغا زور دەرىجىدە ياردىمى بولدى.

ئۈچىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى مائاش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.

---

① ماركس: «فىرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 65 ـ بەت.

كوممۇنا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ خەلقنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىم چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى، يەنى يۇقىرى مائاش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر ئايلىق مائاش كىرىمىنى ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر، ئىشچىلارنىڭ كىرىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن پەرق چوڭ ئىدى. ناپولېيون Ⅲ يىلىغا 255 مىليون فىرانك پادىشاھ نەپىقە پۇلى ئالاتتى. بىر دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ يىللىق مائاشى 130 مىڭ فىرانك ئىدى. تىيېرنىڭ يىللىق مائاشى 3 مىليون فىرانكقا يېتەتتى. كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىرمۇنچە ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ۋەزىر رۇئېيرنىڭ يىللىق مائاشى 260 مىڭ فىرانك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىڭ فىرانكى سېناتنىڭ پارلامېنت ئەزالىقى ئۈچۈن، 100 مىڭ فىرانكى ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كونسۇلخانىنىڭ ئەزالىقى ئۈچۈن، 130 مىڭ فىرانكى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ئىدى. لېكىن، تۆمۈريولدا ئىشلەيدىغان بىر قارا ئىشچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 540 فىرانك، ئادەتتىكى ئىشچى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئاران 800 فىرانكتىن 1400 فىرانككىچە ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئون نەچچە ھەسسە پەرقلىنەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى مائاشى خەلقنىڭ قان ـ تەرى ئىدى، لېكىن ئۇلار ئېرىشكەن يۇقىرى مائاش يەنە ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. شۇڭا، پارىژ پىرولېتارىياتى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن مۇۋاپىق بولمىغان بۇنداق ھادىسىنى ئۆزگەرتىشكە تۇتۇندى. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كوممۇنانىڭ ھەيئەت ئەزالىرى مائاش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ئەڭ يۇقىرى مائاش پەرمانىدا: «ھازىرغا قەدەر ئەھۋاللارنى نەزەرگە

ئالغاندا، ھەرقايسى جامائەت ئورگانلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ ئېرىشكەن يۇقىرى مائاشى تۆپەيلىدىن كۆپىنچە ھاللاردا خۇشامەت قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ھەقىقىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتە ھەم يۇقىرى مائاشلىق بىكار مەنسەپ بولماسلىقى، ھەم يۇقىرى مائاش بولماسلىقى كېرەك. شۇڭا، مۇنداق قارار چىقىرىلدى... ھەرقايسى شەھەر مەمۇرىيىتى ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئالىدىغان يىللىق مائاشى 6000 فىرانك بولىدۇ» دېيىلدى.

كوممۇنا ئەڭ يۇقىرى مائاش چېكىنى بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۆۋەن مائاشنى ئۆستۈرۈپ، مائاش پەرقىنى ئازايتتى. تېلېگراف ئىدارىسىنى مىسالغا ئالساق، تەڭشەشتىن ئىلگىرى ئەڭ تۆۋەن مائاش بىلەن ئەڭ يۇقىرى مائاشنىڭ نىسبىتى 1:9 ئىدى، تەڭشەشتىن كېيىن 1:3.9 بولدى.

پارىژ كوممۇناسى يۇقىرى مائاشلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ئارقىلىق دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ چاكارلىرىدىن خوجايىنىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مائاش بىلەن ئەمگەكنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش» پىرىنسىپىنى يولغا قويدى. بىرىنچى، كوممۇنا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭ مائاش كىرىمىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى ئىشچىلار مائاشىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل خادىملارنىڭ ئەمگىكى نىسبەتەن مۇرەككەپ، تۆھپىسى تېخىمۇ چوڭ ئىدى. ئىككىنچى، ئىشچىلار ئارىسىدىمۇ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىمۇ مائاش پەرقى يولغا قويۇلدى.

يۇقىرى مائاش ئىمتىيازىنى بىكار قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بيۇروكراتلىشىشىنىڭ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاينىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ تۈرغۇن پۇل ـ

بايلىقلىرىنى ئىسراپ قىلغان بيۇروكرات ئورگانلارنىڭ ئىقتىسادچىل، پاك ھۆكۈمەتكە (كوممۇنانىڭ ئورگانلىرى ۋە خادىملىرى زور دەرىجىدە ئىخچاملاشتۇرۇلدى) ئايلىنىشىغا ياردىمى بولغانلىقىدا ھەم كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشتىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىر بولغانلىقىدا روشەن ئىپادىلەندى.

كوممۇنا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ بارلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى. كوممۇنا ھەربىي ھەيئەت ئەزاسى ئاۋلىئار: «ھەرقانداق ئادەم 20 قېتىم كوممۇنا ھەيئەت ئەزاسى بولغان تەقدىردىمۇ ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ» دېدى. كوممۇنا بۇ جەھەتتە بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كوممۇنانىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىدا «كورپۇسنىڭ قوماندانى ۋە ئىككى ئىشتاب ئوفىتسېرىنىڭ ئاتقا مىنىش ھوقۇقى بولۇشتىن باشقا، ھەرقانداق ئوفىتسېر ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئات تەييارلاپ مىنسە، ئۇنىڭ ئېتى دەرھال ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ئەلۋەتتە، كوممۇنانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ياخشى بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى.

تۆتىنچى، قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى.

كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ يۇقىرىلارنى ئۆز مەيلىچە بوزەك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ھەمدە باشقا ھەرخىل دېموكراتىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى. كوممۇنا قىسقىغىنە 72 كۈن ئىچىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ شارائىتتىمۇ كۆپلىگەن پەرمان ۋە قارارلارنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كوممۇنا ئىجرائىيە كومىتېتى «ئۆز مەيلىچە قولغا ئېلىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى

چىقاردى ۋە ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ بۇ تەدبىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەردى. چۈنكى، بۇ قارار «جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى — ئەركىنلىك پرىنسىپىغا بىۋاستە بېرىلىپ تاقىلاتتى.» 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كوممۇنا يەنە قارار ماقۇللىدى، بۇنىڭدا: «ئەگەر سوت رەسمىيەتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە توغرا كەلمىسە، خۇسۇسىيلارنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىشكە يول قويۇلمايدۇ، ئۆز مەيلىچە ئاختۇرۇشقا ۋە ئادەمنى قولغا ئېلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كوممۇنا يەنە قولغا ئېلىش رەسمىيىتى توغرىسىدا پەرمان ماقۇللاپ، قولغا ئېلىش رەسمىيىتى ھەققىدە كونكرېت ھەم مۇپەسسەل بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

كوممۇنا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇردى، كوممۇنا ئامانلىق كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى پىلۇتېير جىنايەتچىنى قولغا ئالغاندا، جىنايەتچىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى، دەپ ئەيىبلەندى. كوممۇنا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن قانۇنغا قەستەن خىلاپلىق قىلغان بۇ ھەيئەت ئەزاسىنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

پارىژ كوممۇناسىنىڭ پرولېتارىياتچە دېموكراتىيەسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرخىل تەدبىرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي تۇرمۇشقىمۇ سىڭىپ كىردى.

بىرىنچى، كوممۇنا رەھبەرلىرىنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش ئىستىلى.

كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ سايلام مەزگىلىدە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان ئۇقتۇرۇشتا: «پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭ ئىچىدىن سايلاپ چىقىلغان، ھالاۋەت ۋە جاپادىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولالايدىغان ئادەملا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلىدۇ»، «قارا نىيەتچىلەر ۋە يۇقىرىغا

يامىشىدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار»، «لەۋزىدە تۇرمايدىغان سەپسەتىۋازلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار»، «قىسقىسى، سەممىي نىيەتلىك، ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئىرادىلىك، ئاكتىپ، ئادالەتپەرۋەر، ۋىجدانلىق كىشىلەرنى تاللاڭلار»، «سىلەر ئاخىر خەلققە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئورگاننى تەسىس قىلالايسىلەر، ئۆزىنى مەڭگۈ خوجايىن دەپ ھېسابلىمايدىغان ۋەكىللەرنى تاپالايسىلەر» دەپ يېزىلغانىدى. دەرۋەقە، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆمىدىنى يەردە قويمىدى، يەنى خەلق سايلاپ چىققان كوممۇنانىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋىجدانلىق خەلق چاكارلىرى ئىدى.

كوممۇنا رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋارلىن كىتاب تۇپلەش ئىشچىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جاپالىق ئۆگىنىپ ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە يەتكەنىدى. ئۇ مالىيە ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەندە كوممۇنا ئىنتايىن چوڭ مالىيە قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلدى، لېكىن ۋارلىن ھەر كۈنى 350 مىڭ ئادەمنىڭ تامىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەر كۈنى ۋارلىننىڭ قولىدىن نۇرغۇن پۇل ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ پۇلغا قىلچە كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى، يەنىلا جۇل ـ جۇل كىيىم كىيىپ يۈردى، دائىم دېگۈدەك جەڭچىلەر بىلەن بىللە تاماق يېدى. ئۇ مالىيە خىزمىتىدە قىلچە بىپەرۋالىق قىلمىدى، ئىسراپچىلىق، ئالدامچىلىق ئەھۋاللارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ھەرقانداق بىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ قالمىدى. خىيانەت قىلغۇچىلارنى بايقاپ قالسىلا، كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالىدى. گېنېرال ئېدۋارد 6000 فىرانكقا بىر قۇر گېنېرال فورمىسىنى بۇيرۇتتى، بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالغان ۋارلىن ھېسابات تالونىغا دەرھال: «كوممۇنانىڭ بۇنداق قىممەت باھالىق كىيىمنى سېتىۋېلىشقا پۇلى يوق» دەپ تەستىق سالدى ھەمدە ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئاخىر بۇ گېنېرالنىڭ

چىكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىق قىلمىشىنى توسۇپ قالدى. پولشالىق ئىنقىلابچى ۋىروبلېۋسكىي ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. لېكىن، ئۇ ھەرقانداق بىر ئالاھىدە ئېتىباردىن بەھرىمەن بولمىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ كاتىپى ئۇنىڭغا كاتتا بىر ھەشەمەتلىك داچا ئۇقۇشۇپ بەردى، ئەمما بۇ قوماندان ئۇ داچىدا ئولتۇرۇشنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى ۋە: «گېنېرالنىڭ ياتىقى جەڭچىلەر بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك» دېدى. يەنە بىر پولشالىق ئىنقىلابچى دومرووۋسكىي كوممۇنا مەزگىلىدە پارىژ مۇداپىئە رايونىنىڭ قوماندانى بولدى، تىيېر ئەكسىيەتچى سودىگەر ۋېسېنى ئەۋەتىپ 1مىليون 500 مىڭ فىرانكقا ئۇنى سېتىۋالماقچى بولدى، بۇ پۇل دومرووۋسكىينىڭ 250 يىللىق ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلەتتى، ئەمما ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلىپ، نامراتلىق ۋە موھتاجلىقتىمۇ ئۆز ئىززىتىنى يوقاتماسلىقتەك پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. كوممۇنانىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋېنگرىيەلىك ئىنقىلابچى فىرانكېل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئۇنىڭ «ھەرقانداق ئىنسان بەرىبىر ئۆلىدۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئادالەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆلۈشى كېرەك» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. كوممۇنانىڭ مەمۇرىي تەپتىش باشلىقى بولغان رىگول يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغان خالىس جەڭچى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىككىنچى ئىمپېرىيە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ئىلگىرى ئۆزىنى قوغلاپ يۈرگەن كونا ساۋاقدىشى لاتۇنىڭ مەخپىي جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ ۋە دەرھال قولغا ئېلىش بۇيرۇقىغا قول قويۇپ، ئۇنى تۈرمىگە قاماپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

كوممۇنا مەزگىلىدە پارىژ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك خوجايىنلىق مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئۇلار

سايلىغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، جەمئىيەت چاكارلىرىنى سايلاپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ كوممۇناغا تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇردى ۋە ئۇنى تەنقىدلىدى، كوممۇنانىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

پارىژ ئاممىسى ئاساسەن كۇلۇبتىن ئىبارەت بۇ تەشكىلات شەكلىدىن پايدىلىنىپ پائالىيەت قىلدى. «18 ـ مارت» ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى پارىژ خەلقى كۆپلىگەن كۇلۇبلارنى قۇردى، ئىنقىلابتىن كېيىن بۇ كۇلۇبلار تېخىمۇ كۆپەيدى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دائىم پائالىيەت قىلىدىغان كۇلۇبلار 40قا يەتتى.

كۇلۇبنىڭ ۋەزىپىسى كوممۇنانىڭ ھوقۇقىغا، ئەركىنلىك ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش؛ خەلقنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش؛ خەلقنى سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلەش ئارقىلىق خەلقنى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش؛ سايلانغان ۋەكىللەرنى قوللاش، تەنقىد قىلىش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ھەرقايسى كۇلۇبلار دائىم نۆۋەتتىكى سىياسىي مەسىلىلەر، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلاتتى. كوممۇنانىڭ كۆپلىگەن ھەيئەت ئەزالىرىمۇ دائىم دېگۈدەك ھەرقايسى كۇلۇبلارنىڭ يىغىلىشى، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى. سان ئېستېش چېركاۋى كۇلۇبىدا كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرىدىن شامبو، شارلتون، بىرووۋنىسې قاتارلىقلار نۇتۇق سۆزلىدى. رىگۇلنىڭ ياردەمچىسى فېرې بىرنەچچە قېتىم سان بېنا چېركاۋىدا سۆز قىلدى.

كۇلۇب كوممۇنا ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى ئىدى. مەسىلەن، نۇرغۇن تىرىنتىس كۇلۇبىدا بىر ئايال نائەقنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىش تەك-

لىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ ئايال ناتىق: «ئالدى بىلەن ئىجتىـ
مائىي ئاپەتكە خاتىمە بېرىپ، ئىشچىلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە
بېيىغان كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىشچىلارغا يۈرگۈزگەن ئېكسپلا ـ
تاتسىيەسىنى تۈگىتىش كېرەك. ئىشچىلارنى مەلۇم ئىشلەپچىقىـ
رىش ماشىنىسى ئورنىدا كۆرىدىغان كارخانا ئىگىلىرىنى يوقىـ
تىش لازىم. ئىشچىلارنى بىر جەمئىيەتكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۆز
ئەمگەكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بەختلىك كىشىلەرگە
ئايلاندۇرۇش كېرەك» دېدى. بەزىدە كولۇبلارمۇ ئارتۇقچە، مۇۋاپىق
بولمىغان تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالاتتى. مەسىلەن، 5 ـ
ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇلغان بەش رايوندىكى سان سېۋېرىن كۇ ـ
لۇبى كوممۇنادىن قوغداش خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان
زاۋۇتلاردىن باشقا زاۋۇتلارنى پېچەتلىتىۋېتىشنى، قولىغا قورال
ئېلىپ جۇمھۇرىيەتنى قوغداشتىن باش تارتقان بارلىق پۇقرالارنى
ئېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. كوممۇنا كولۇبلارنىڭ مۇۋاپىق تەك ـ
لىپلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەمەلدە كۆرسەتتى.

پارىژ پىرولېتارىياتىنىڭ دېموكراتىيەسى پارىژ
پىرولېتارىياتىنىڭ يۈرەكلىك ھالدا ياراتقان ئىجادىيىتى، بۇ
ئىجادىيەت ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىيەت ئىدى. شۇڭا،
بۇنىڭدا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن
ساقلانغىلى بولمايتتى.

بىرىنچى، كوممۇنا ھۆكۈمىتى بۇرژۇئازىيە پارلامېنت
تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، قانۇن تۈزۈش، مەمۇرىيەتنى
بىرلەشتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت كوممۇنا كومىتېتى تۈزۈمىنى
يولغا قويدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كوممۇنا كومىتېتى تۈزۈمى
ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تۈزۈلمىگە مۇۋاپىق كەلگىنى بىلەن، ئەمما
نورمال ئەھۋال ئاستىدا داۋاملاشتۇرغىلى بولمايتتى. قانۇن
تۈزۈش، مەمۇرىيەتنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئەڭ چوڭ
كەمچىلىكى ھوقۇق ئايرىمىسى يولغا قويۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆزئارا چەكلەپ تۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى

بولماي، ئاز ساندىكى كىشىلەر ياكى ئايرىم شەخسلەر ئوڭايلا مۇستەبىت بولۇۋالىدى. قانۇن تۈزۈش، مەجبۇرىيەتنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىش تەقسىمات پرىنسىپىغا خىلاپ ئىدى. بىر ھاكىمىيەت ئورگىنى ھەم قانۇننى تۈزسە، ھەم مەمۇرىيەتنى باشقۇرسا، تەڭ ئېتىبار بېرىشكە ئامالسىز قېلىشتەك سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايتتى. ئەمەلىيەتتە، كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى ھەر كۈنى قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، كوممۇناغا ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق رەھبەرلىك قىلدى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇن كومىتېتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈستىگە ئالدى، يەنە ھەرقايسى رايونلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىكىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، رايونلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. بۇنداق قىلغاندا ئۇنى دەپ، بۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشى تۇرغانلا گەپ، يەنى كوممۇنانىڭ قانۇن تۈزۈش خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن بىلەن (دائىم ئۈچتىن بىر ھەيئەت ئەزاسى يىغىنغا قاتناشمايتتى)، مەمۇرىي خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزەتتى. شۇڭا، كوممۇنا قۇرۇلۇپ ئۆزاق ئۆتمەي، قارار، قانۇن - پەرمانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى، قوماندانلىقنىڭ جانلىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىككىنچى، پارىژ كوممۇناسى پرولېتارىيات دېموكراتىيەسىنى كۈچەيتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، دۈشمەنگە دىكتاتورا يۈرگۈزۈشكە سەل قارىدى. «18 - مارت» ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانمىغاچقا، پارىژدا قېپقالغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار ھەمدە ۋېرسالدىن ئەۋەتىلگەن جاسۇسلارنىڭ پارىژدا ئۆز مەيلىچە پائالىيەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەردى. ئۇلار ھەتتا ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىپ ئاخبارات توپلايدىغان جاسۇسلار ئىدى. ئارمىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان دۈشمەن جاسۇسلىرى ھەمدە يېنىدا پارتلاتقۇچ ئېلىپ يۈرىدىغان

بۇزغۇنچىلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىپ قويۇۋېتىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋېرسال تەرەپ ئەسىرگە چۈشكەن كوممۇنا ئەزالىرىنى خالىغانچە قىرغىن قىلدى. گېنېرال دۇفۇر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ھېچقانداق سوراق رەسمىيىتى ئۆتمەيلا دۈشمەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. كوممۇنا ئەكسىيەتچىل گېزىتخانىنى پېچەتلىۋەتمىدى. مانا بۇلار كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىقلار ئىدى.

لېكىن، قانداقلا بولسۇن، پارىژ كوممۇناسى يولغا قويغان پرولېتارىيات دېموكراتىيەسى ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى.

### 3. كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەدبىرلىرى

پارىژ كوممۇناسى سىياسىي جەھەتتە پرولېتارىيات دېموكراتىيەسىنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئەمگەكچى ئامما ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. كوممۇنا رەھبەرلىرى مۇكەممەل ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆپلىگەن مۇراجىئەتنامىلىرىدە ئەمگەكنى ئازاد قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ھەمدە مەقسىتىنى تالاي قېتىم بىلدۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى خەلققە چىقارغان ئۇقتۇرۇشىدا: «بۇ بىر قېتىملىق ئۇلۇغ كۈرەش، بۇ تىرىكتاپلىق بىلەن ئەمگەك، ئېكسپىلاتاتسىيە بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش» دەپ يازدى، شۇنىڭدەك «ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىزدىنىدىغان

بارلىق كىشىلەر»نىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كوممۇنا خەلققە چىقارغان بىر پارچە مۇراجىئەتنامىسىدە كوممۇنا ئىنقىلابى «پرولېتارىياتنى قوۇل قىلىدىغان، ۋەتەنگە كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئاپەت كەلتۈرىدىغان مىلىتارىستچە ھۆكۈمرانلىق، بيۇروكراتلىق تۈزۈلمە، ئېكسپلاتاتسىيە، پۇرسەتپەرەسلىك، مونوپول ۋە ئىمتىيازلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ يېزىلدى.

كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ئادەتتە ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق بولۇپ، ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يولغا قويۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كوممۇنا بولكىخانىلاردىكى كېچىلىك ئىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەتىگەن سائەت 5 تىن بۇرۇن ئىش باشلىمايدىغان بولدى. مانا بۇ بولكىچى ئىشچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك بىرلىشىپ تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بولكىچى ئىشچىلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى يىلدىن كۆپرەك كۈرەش قىلدى. مانا ئەمدى بۇ تەلەپ ئاخىر ئىشچىلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئەمەلگە ئېرىشتى، شۇڭا ئىشچىلار ئېيتقۇسىز شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بولكىچى ئىشچىلار كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بۇ قېتىمقى غەلىبىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ يىغىلىشقا 1500 ~ 2000 دەك ئادەم قاتناشتى، ئىشچىلار قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىغا يۈرۈش قىلدى. قىزىل بايراقلارغا «1871 ـ يىلىدىكى جەمئىيەتنىڭ جۇمھۇرىيىتى !» «كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئەمگەك ياشىسۇن !» «كىشى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنى يوقىتايلى !» دېگەن شوئارلار كەشتىلەنگەنىدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كوممۇنا ئەمر ـ پەرمانلارنى تارقىتىپ خۇسۇسىيلار ۋە جەمئىيەتتىكى كارخانا دائىرىلىرىنىڭ

ئىشچىلار، خىزمەتچىلەردىن جەرىمانە ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشىنى چەكلىدى، شۇنىڭدەك بۇ ئەمر ـ پەرمانلارغا بويسۇنمىغانلارنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاتتىق سوراق قىلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا يەنە «مۇشۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىن جازالاش نامى بىلەن ئېلىنغان جەرىمانە ۋە تۇتۇپ قېلىنغان ئىش ھەققى مەركىزىي قانۇن ـ پەرمان ئېلان قىلىنىپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كوممۇنا كومىتېتى يىغىنىدا ئەمگەك ۋە ئالماشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى فىرانكېل كوممۇنا ھەربىي لاۋازىمات بۆلۈمى بىلەن خۇسۇسىي ئىش ھۆددىگىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھەربىي كىيىم تىكىش توختامىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن دوكلات بەردى. ئەسلىدە 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ كوممۇنا ھۆكۈمىتى بىلەن توختام تۈزگەن تىككۈچى ھۆددىگەرلەر ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى ۋە فورمىنىڭ سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. شۇڭا، فىرانكېل دوكلاتىدا كوممۇنا تىككۈچى ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىلەن بىۋاسىتە توختام تۈزۈش تەكلىپىنى بېرىپ: «بىز 18 ـ مارت، ئىنقىلابىنى پۈتۈنلەي ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئادا قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى تاللاشنى ئۆزىمىزنىڭ پىرىنسىپى قىلدۇق. مۇبادا بۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان بولساق، كوممۇنانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلەلمەي قالىمىز» دېدى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاخىر بىر ئەمر ـ پەرمان ماقۇللىنىپ ئەتىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ئەمر ـ پەرماندا ئەمگەك ۋە ئالماشتۇرۇش كومىتېتى ئىلگىرى تۈزۈلگەن بارلىق توختاملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەمدە بۇيرۇق قىلىنغاندىن كېيىن

ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىلەن بىۋاسىتە توختام تۈزۈش ھاۋالە قىلىندى. ئەمر ـ پەرماندا: «ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش شارائىتى ۋە باھاسى ھەربىي لاۋازىمات بۆلۈمى، ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەمدە ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئەمر ـ پەرمان ئىشچىلارنىڭ زور نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنا مەغلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلىندى، شۇڭا ئۈنۈمى تولىمۇ ئاز كۆرۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كوممۇنا ئۆي ئىجارىسىنى كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى چىقاردى. پارىژ مۇھاسىرىگە ئېلىنغان مەزگىلدە سودا ئۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، مۇھاسىرە بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرى دەرھال ئۆي ئىجارە ھەققىنى سۈيلىدى، بۇ ھال نۇرغۇن ئائىلىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى، پەقەت شەھەر مۇھاسىرىدە قالغان مەزگىلدە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ بېيىغان سودىگەرلەر ھەمدە بايلارلا ئۆي ئىجارىسىنى تاپشۇرۇشقا قۇربى يېتەتتى. بۇيرۇقتا شەھەر قورشاۋدا قالغان مەزگىلدە كىرىمى ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى كىرىمى ئازلاپ كەتكەن ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ 1870 ـ يىلىنىڭ 4 ـ پەسلىدىن 1871 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ پەسلىگىچە بولغان ۋاقىتتىكى ئۆي ئىجارىسىنى كەچۈرۈم قىلىش، شۇنداقلا شەھەر قورشاۋدا قالغان مەزگىلدە نورمال كىرىم قىلغان پۇقرالار ئۆي ئىجارىسىنى ئوخشاشلا تاپشۇرىدۇ، لېكىن ئۆي ئىجارىسىنى شەھەرلىك راسخوت ساقلاش ئورنىغا تاپشۇرۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. بۇ تەدبىر ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە پايدىلىق ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كوممۇنا گۆرە بۇيۇملىرىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش پەرمانى چىقىرىپ، 1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى گۆرۈگە قويۇلغان،

قىممىتى 20 فىرانكقا توشمايدىغان كۆچمە مۈلۈكلەر (ئۆي جاھازلىرى، كىيىم ــ كېچەك، كۆرپە ــ كۆڭلەك، ئورۇن ــ كۆرپە ۋە ئەمگەك قوراللىرى)نى 5 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىگىسىگە ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

4 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى كوممۇنانىڭ ئىشچىلارنى خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا پارىژدىكى 20 ــ رايوننىڭ باشلىقى مەسئۇل بولدى.

كوممۇنا ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 4 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى قاچقان بايلارنىڭ قورۇ ــ جايلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ماكانسىز قالغان ئىشچىلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا، 3 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى قەرەللىك چەكنى 1871 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنىگىچە كېچىكتۈرۈپ تۆلەش بۇيرۇقىنى چىقاردى، كوممۇنا يەنە 4 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى بارلىق قەرزلەرنى ئۈچ يىل كېچىكتۈرۈپ تۆلەش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى.

يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر دېموكراتىك خاراكتېرنى ئالغان ئىسلاھات بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق، ئەمما بۇرژۇئازىيەگە پايدىسىز بولغان بۇنداق ئىسلاھات پەقەت پىرولېتارىيات ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ساھەسىدە ئېلىپ بارغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىسلاھات تەدبىرى 4 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى ئېلان قىلغان پارىژدىن قېچىپ كەتكەن زاۋۇت ئىگىلىرى تاشلىۋەتكەن سانائەت كارخانىلىرىنى ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى پەرمانى بولدى. پەرماندا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا «تەكشۈرۈش كومىتېتى»نى قۇرۇش بۇيرۇق قىلىندى، بۇ كومىتېت تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل بولاتتى: بىرىنچى،

تاشلىۋېتىلگەن زاۋۇتلارنىڭ سانىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ئېنىق، توغرا خاتىرىلىگە ئېلىش؛ ئىككىنچى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنىڭ ئەمەلىي چارە - ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇش؛ ئۈچىنچى، بۇ ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ پىروگراممىا لايىھەسىنى تۈزۈش؛ تۆتىنچى، كارخانا ئىگىلىرى قايتىپ كەلگەندە زاۋۇتنى ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمدە ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ زاۋۇت ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەق ئۆلچىمىنى بەلگىلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھەكىملەر سوت مەھكىمىسىنى قۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ پەرمانلار كوممۇنا كومىتېتىنىڭ پۈتكۈل قاتناشچىلىرى تولۇق ئاۋاز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ماقۇللاندى.

بۇ پەرمانلارنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر قىسىم زاۋۇتلارنى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، روشەن سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىش ئىدى. شۇڭا، بۇ پەرمانلار ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور ئويغىنىشنى قوزغىدى. ئىشچىلار ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بۇ خىزمەتكە قاتناشتى. مېتال تاۋلاش ئىشچىلىرى سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ماشىنىسازلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەمدە مېتال ئېرىتىش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مېتال تاۋلاش ئىشچىلىرى قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، ئىككى ۋەكىلىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىغا قاتناشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. قۇرۇلتاي ئىككى ۋەكىلگە تارقاتقان كۆرسەتمىدە ئۇلارنىڭ چوقۇم «كىشى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان بۇ قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلىنى ئورۇنلاپ بولۇش» تەلەپ قىلىندى. تىككۈچى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بارلىق ئىشچىلارغا مۇراجىئەتنامە

چىقىرىپ، ئۇلارنى تېزلىكتە تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇشقا چاقىردى. مۇراجىئەتنامىدە: «ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت ئىشچىلار سىنىپىغا تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت بەرگىنى يوق، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشتىن ۋاز كېچىش ئەمگەك ئازادلىقىغا خائىنلىق قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ يېزىلدى.

پەرمان چىقىرىلىپ بىر ئاي ئىچىدە، پارىژ ئىشچىلىرى كۆپلىگەن تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەپسۇس، كوممۇنانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى قىسقا بولدى، بۇ پەرمانلارمۇ يولغا قويۇلمىدى.

رووۋىل قورال - ياراغ زاۋۇتىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتقا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تاشلىدى. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى رووۋىل قورال - ياراغ زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى كوممۇنانىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەركىزىي زاۋۇتنىڭ باشقۇرۇش نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، تۈزدى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەلگىلىدى. نىزامنامە ئالدى بىلەن ئىشچىلارنىڭ زاۋۇت باشقۇرۇشقا قاتنىشىش پىرىنسىپىنى بېكىتتى. بۇ پىرىنسىپ ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ خوجايىن بولۇش روھىنى تولۇق نامايان قىلدى. نىزامنامىدە: «يۇقىرىغىچە زاۋۇت ۋەكىلى، تۆۋەنگىچە ئىشبېشى قاتارلىقلارنى ئىشچىلار قۇرۇلتىيى بىۋاسىتە تاللاپ چىقىدۇ، ئىشچىلار ۋەكىلى قاتناشقان باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، بۇ كومىتېت زاۋۇت ئىچىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. نىزامنامىدە-يەنە ئېنىق خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە قاتتىق ئەمگەك ئىنتىزامى بېكىتىلدى، ئوخشىمىغان يۇقىرى مائاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇ ھەرگىزمۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى ئەمەس ئىدى. بۇ نىزامنامە كوممۇنانىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات پەرمانلىرىنى سولچىل پىرۇدونىزمچىلار كوممۇنا كومىتېتىدا ئوتتۇرىغا قويدى. 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى

پەرماننى تەشەببۇس قىلغۇچى مېخانىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان سولچىل پىرۇدونىزمچى ئاۋلىئار ئىدى. رووۋىل قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنىڭ نىزامنامىسىمۇ شۇ چاغدا توپچى قىسىم ئەسۋاب ـ قورال ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ئاۋلىئارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشچىلارغا ۋە ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق بەزى ئىسلاھاتلارنى قىلغانلىقى ناھايىتى چوڭ جەھەتتىن ئەمگەك ۋە تەكشۈرۈش كومىتېتىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ كومىتېتنىڭ مەسئۇلى ماركىس بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان سولچىل پىرۇدونىزمچى فىرانكېل ئىدى. فىرانكېل بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا ئەمگەكچى خەلقنى پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ 1871 يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ماركسقا خەت يېزىپ: «ئەگەر بىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۈستىدىن تۈپكى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، 18 ـ مارت تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىش بولۇپ قالىدۇ» دېدى. ئۇ خېتىدە ماركسنىڭ ياردەم بېرىشىنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۆتۈندى. فىرانكېلمۇ ئىشچى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا تولىمۇ دىققەت قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇ قۇرغان مەخسۇس «تەشەببۇس قىلىش كومىتېتى» ئەمگەك ۋە ئالماشتۇرۇش كومىتېتى قارىمىقىدا بولدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىشچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى، 20 ـ رايون مەركىزىي كومىتېتى، بىرىنچى ئىنتېرناتسيونال پارىژ بىرلەشمىسى ھەمدە سانائەت، ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى. تەشەببۇس قىلىش كومىتېتى كۆپلىگەن ئىشچى ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى يىغىپ، مۇزاكىرە ۋە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن كوممۇناغا تەكلىپ بەردى. بۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي توغرىسىدىكى بىرقانچە پەرمانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ياردىمى بولدى. بۇ كومىتېت يەنە

كوممۇنانىڭ ئېلان قىلغان پەرمانلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ياردەم بەردى.

فىرانكېل بازارنى نازارەت قىلىش مەسىلىسى ۋە ئىش ھەققى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ يەنە ئاۋلىئار بىلەن بىرلىشىپ رووۋىل قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنىڭ نىزامنامىسى (بولۇپمۇ ئەمگەك ۋاقتى ۋە ئىش ھەققى توغرىسىدا)نى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇ سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كوممۇنا يولغا قويغان بۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئەمگەكچى خەلققە دەسلەپكى قەدەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئازادلىقنىڭ تەمىنى تېتىتتى، مانا بۇ كېيىن نېمىشقا پارىژنى قوغداش جېڭىدە پارىژ خەلقىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، كوممۇنا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى جەھەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى، يەنى فىرانسىيەنىڭ ئاساسلىق پۇل مۇئامىلە پېشاۋاسى ھېسابلانغان فىرانسىيە بانكىسىنى مۇسادىرە قىلمىدى. كوممۇنا بۇ بانكىنىڭ ۋېرسال بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان كونا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. شۇڭا، بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خاتالىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىكىمۇ بىر خاتالىق ئىدى. ئېنگېلسنىڭ قارىشىچە، مۇبادا كوممۇنا بۇ بانكىنى كونترول قىلغان بولسا، «بۇ 10 مىڭ تۇتقۇننى قاماپ قويغانغا قارىغاندا ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى.»① كوممۇنا فىرانسىيە بانكىسىنى ئۆتكۈزۈۋالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بانكا ۋېرسالغا 257 مىليون فىرانكنى يېرىۋۇت قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر كۈچىيىپ كەتتى.

① ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن: «پارىژ كوممۇناسى توغرىسىدا»، خەلق نەشرىياتى، 1971 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ بەت.

كومموٗنانىڭ بوٗ خاتالىقىدىن پىروٗدونىزمچىلار باش تارتالمايتتى. ئەينى چاغدا كومموٗنا فىرانسىيە بانكىسىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن بىرى پىروٗدونىزمچى ئىدى. ئوٗنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بانكىنى تارتىۋالسا، «ۋېرسال ھوٚكوٚمىتى، كومموٗنا، پوٗتكوٚل دوٚلەت، فىرانسىيە كىرېدىت ئىشلىرىغا ۋە پوٗتكوٚل سودا ساھەسىگە ئېغىر زەربە بولاتتى.» ئوٗنىڭ بوٗ قارىشى پىروٗدونىنىڭ نوٗقتىئىنەزىرىنى ئىپادىلىدى. چوٗنكى، كېيىنكىسىنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي توٗرموٗشنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى ئالماشتوٗروٗش بەلگىلەيتتى. بىلانكىچى ئاموٗرو فىرانسىيە بانكىسىنى ئىگىلەشنى تەشەببوٗس قىلىپ: «قورال كوٚچى ئىشلىتىپ بانكىنى ئىگىلەش كېرەك، چوٗنكى بانكا ئەكسىيەتچىل، بىز بىلەن روشەن دوٗشمەنلىشىش مەيدانىدا توٗروٗۋاتىدوٗ... ئوٗ بانكا بىزنىڭ باشقوٗروٗشىمىزنى خالىمىغانىكەن، بىز ئوٗنى تېخىمۇ ئىگىلىشىمىز، باشقوٗروٗشىمىز كېرەك» دېدى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كوٗنى بىلانكىچىلارنىڭ تەشەببوٗس قىلىشى، كومموٗنا ئاماتلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ قوشوٗلوٗشى بىلەن، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ 20 ـ رايونىنىڭ ئىشچىلار باتالىيونى بانكىنى موٗھاسىرىگە ئالدى. لېكىن، كومموٗنانىڭ بانكىدا توٗروٗشلوٗق ۋەكىلى بىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن توسقوٗنلوٗق قىلىشى بىلەن، ئىشچىلار باتالىيونى بانكىنى ئىشغال قىلالمىدى.

كومموٗنا مەكتەپ تەربىيەسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىمۇ غايەت زور ئوٚزگەرتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

كومموٗنا مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەسئوٗلى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولوٗپ، ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزاسى بىلانكىچى ۋايالانت ئىدى. مائارىپ كومىتېتىغا قاتناشقانلاردىن يەنە مەشھوٗر سەنئەتكار كوٗربېت ۋە سىياسىي ئوبزورچى، شائىر ژان كېمېنتمۇ بار ئىدى.

دەھرىي مائارىپنى پۈتۈنلەي دىنىي مائارىپنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كوممۇنانىڭ مەكتەپ تەربىيەسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەدبىرى ئىدى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ مۇھىم تايانچىلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن، شۇنىڭدەك مائارىپ ئورۇنلىرىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغانىدى. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى دىنىي خادىملار قورىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن مۇئەللىملەر دىنىي خادىملاردىن تولۇقلىناتتى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋاپلانت بىر بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، پارىژدىكى ھەرقايسى رايونلاردىن «دىنىي مائارىپنى دەھرىي مائارىپقا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش»نى بىر جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە قاراشنى، شۇنىڭدەك دەرھال «مائارىپ تەشكىلىي كومىتېتى» قۇرۇپ، بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپلەردىكى دىنىي خادىملار تازىلىنىۋېتىلدى، دەھرىي ئوقۇتقۇچىلار دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، مەكتەپلەردىكى دىنىي مۇراسىم ۋە دىنىي ھەيكەللەر بىكار قىلىندى.

مائارىپ جەھەتتە يەنە بىر ئىسلاھات تەدبىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى، ماددىي تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش بولدى.

«18 ـ مارت» ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى فىرانسىيەدىكى ئوقۇتقۇچىلار سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز ئورۇندا ئىدى. ئۇلار شەرتسىز ھالدا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشى، بوناپارتچىلىقنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئازراق نارازىلىق قىلسا، شۇ زامان ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ

تاشلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى بەكلا تۆۋەن، ئەر مۇئەللىملەرنىڭ يىللىق مائاشى ئادەتتە 700 ~ 850 فرانكقا، ئەر ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىللىق مائاشى 400 ~ 450 فرانكقا يېتەتتى. ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىمۇ بەكلا تۆۋەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىللىق مائاشى ئاران 550 فرانك بولسا، ئايال ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 350 ~ 400 فرانك ئىدى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

كوممۇنا مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كوممۇنا ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلاردىن: «ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار، ئوقۇتقۇچىلار تەلىم ـ تەربىيەسىگە بويسۇنۇڭلار، ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنى تەربىيەلەپ ئۆزۈڭلارغا ۋە ئۆزگىلەرگە يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك» دەپ تەلەپ قىلدى. كوممۇنا ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. كوممۇنانىڭ بىر پەرمانىدا: «18 ـ مارت» ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى كۆلكىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى»، شۇڭا كوممۇنا ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن يىللىق مائاشىنى 1500 فرانك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن يىللىق مائاشىنى 2000 فرانك قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى. پەرماندا يەنە ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشى، ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى تەكىتلەندى.

كوممۇنانىڭ مائارىپ سىياسىتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى ئېشىپ، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتى

بارلىقتا كەلدى. يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار سىياسىي كۆرەشكە ئاتلىنىپ، كوممۇنانىڭ پائالىيەتچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن، كوممۇنانىڭ مەشھۇر ئايال قەھرىمانى لۇئىس مىشېل ئەسلىي مونتمارتر رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار كوممۇنا تەرەپتە تۇرۇپ ۋېرسالغا قارشى كۆرەش قىلغانلىقتىن، كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ۋېرسال ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 106 ئوقۇتقۇچىغا ھەربىي سوت تەرىپىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان.

كوممۇنا مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇردى. ۋايلانت بىر ھۆججەتكە: «كوممۇنانىڭ ئىنقىلابىي مائارىپ ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى بېكىتىپ، ھەربىر ئادەمنى ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنىڭ ھەقىقىي ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەربىر ئادەمنى ئادەتتىكى مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش كېرەك» دەپ يازدى. كوممۇنا ئەمگەكچى خەلق پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى ئۈچۈن ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويدى. ئوقۇشقا كىرگەن بالىلار ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشى كەچۈرۈم قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلدى.

كوممۇنا يەنە تۈرلۈك كەسپىي ئىختىساس خادىملىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن كەسپىي مائارىپنى يولغا قويدى.

كوممۇنا مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى، يەنى ئىلغار سەنئەتكارلارنى، ئارخېتىكتورلارنى كوممۇنا قۇرغان سەنئەت كومىتېتىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. كوممۇنا سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ خەلققە كۇتۇپخانا ۋە مۇزېي ئېچىپ بەردى.

كوممۇنا يولغا قويغان پىرولېتارىيات دېموكراتىيەسى ۋە

ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق تۈزۈلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھەمدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەدبىرلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر ئويلىمىغان دەرىجىدە ئۈنۈم بەردى. پارىژ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال دەۋرىدە ئىپلاسلىق ۋە مەينەتچىلىك بىلەن تولغان جىنايى ماكان بولۇپ، ئوغرىلىق، قاتىللىق ئىشلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، كوممۇنا مەزگىلىدە بۇ جىنايەتلەر پۈتۈنلەي توختىدى. لافارگىنىڭ خاتىرە قالدۇرۇشىچە، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىن ھېچكىم «ئوغرىلىق ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى.»

## 4. كوممۇنانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر كۈرىشى

كوممۇنا كومىتېتىنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسىم ھەيئەت ئەزالىرى پىرۇدونىزمچىلار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ئىنقىلابچىلار كوممۇنا كومىتېتى ئىچىدە ئاز سانلىقلاردىن بولۇپ قالغانىدى. قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمى كۆپ سانلىقلار ئىدى. كۆپ سانلىقلار بىلانكىچىلار، يېڭى ياكوبىنچىلار ھەمدە مۇستەقىل ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. كوممۇنا قۇرۇلۇپ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا كۆپ سانلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. 1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ئاخىر 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى[1].

كۆپ سانلىقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى رىيالىيلار قاتلىمىدىن

---

[1] جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخ ساھەسىدە بۇ ئىككى مەزھەپ كۈرىشىگە ھەرخىل باھالار بېرىلدى. بەزىلەر كۆپ سانلىقلارنى ماختاپ، ئاز سانلىقلارنى كەمسىتتى، بەزىلەر ئاز سانلىقلارغا قارشى تۇردى.

كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، مۇخبىر ۋە سىياسىي ئوبزورچى قاتارلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي ئىنقىلابچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقانىدى. «4 ـ سېنتەبىر» ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇلار كوممۇنا قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدە قالتىس رول ئوينىدى. 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەنگەن ئۈچ گېنېرال — ئېۋد، بىرۇنېل ۋە دۇۋال قاتارلىقلار كۆپ سانلىقلاردىن ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋېرسال ئارمىيەسى پارىژ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلغاندا، كوممۇنا جەڭچىلىرىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغىنى دۇۋال بىلەن بىللە ئىككىنچى فىلۇرېنس ئىدى. كوممۇنا مەزگىلىدە يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ۋېرسال جاسۇسلىرىغا قارشى كۆرەشتە ئەڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن رىگول بىلەن فېررې بىلانكىچىلاردىن ئىدى. يېڭى ياكوبىنچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى دېلېكلىيۇز كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە ئابرۇيى ئەڭ يۇقىرى بىرقانچەيلەننىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مەمۇرىي خادىم بولسىمۇ، لېكىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتى كىرىزىس ئىچىدە قالغان پەيتتە ھەربىي ۋەكىللىككە سايلاندى، بۇ كوممۇنانىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ ۋەزىپىنى ئۇ تاكى كوچا توسۇقلىرىدا قۇربان بولغۇچە ئۆتىدى. بۇنىڭدىن كۆپ سانلىقلارنىڭ كوممۇنا ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن، كۆپ سانلىقلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق تۆھپە قوشمىدى، بىلانكىچىلار ۋە يېڭى

ياكوبىنچىلارمۇ شۇنداق قىلدى. بىلانكىچىلارنىڭ ئەزەلدىنلا سوتسىيالىستىك نەزەرىيەسى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش توغرىسىدىمۇ ئېنىق بىر لايىھەسى يوق ئىدى. كۆپ سانلىقلار ھەربىي ئىشلاردىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزدى، مەسىلەن، مۇلىن ـ ساگېدومېن قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشى كۆپ سانلىقلار ئىچىدىكى پىيانىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان مەزگىللىرىدە ھەربىي ئىشلارغا ئۆز مەيلىچە ئارىلىشىپ، قالايمىقان بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىدىن بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن پىيا ھەدېسىلا تېنىۋېلىپ خاتالىقىنى بويىنىغا ئالمىدى. ئاخىر باشقىلار دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ گەپ تاپالماي قالدى.

ئاز سانلىقلار ئىچىدىكى پىرۇدونچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سولچىل پىرۇدونچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەشھۇر ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ پائالىيەتچىسى، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچىلەر، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك كوممۇنانىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرلىرى سولچىل پىرۇدونچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، كونا پىرۇدونچىلار ئارىسىدىكى بەزىلەرمۇ بۇ جەھەتتە تۆھپە كۆرسەتتى. مەسىلەن، مېتال ئويمىچىلىق ئىشچىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تېيىس كوممۇنانىڭ پوچتا ئىدارىسىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە پوچتا ئىدارىسىنى رەتكە سېلىپ نەمۇنىلىك ئورگان قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە كۆرسەتتى.

لېكىن، ئاز سانلىقلار ئىچىدە بەزىلەر پىرۇدونىزمنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، پىرۇدون پىرىنسىپىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇلۈك ھوقۇقىغا چېقىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان قورقۇش روھىي ھالىتىنى

ئىپادىلىدى، فىرانسىيە بانكىسى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ كوممۇناغا غايەت زور زىيان سالدى.

دېمەك، ئىككى مەزھەپنىڭ تۆھپىسىمۇ ۋە خاتالىقىمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇلارنى ئايرىغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى مەزھەپنىڭ كۆرەش داۋامىدا ھەق ـ ناھەق قىلغان ئىشلىرىمۇ بار ئىدى.

بىرىنچى، ئىككى مەزھەپنىڭ دەسلەپتىلا كوممۇنا ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە بولغان چۈشەنچىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ بار ئىدى. بىلانكىچىلار، يېڭى ياكوبىنچىلار ھەمدە مۇستەقىل ئىنقىلابچىلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، پارىژ كوممۇناسى مەملىكەت خاراكتېرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ۋېرسال ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرالمايتتى، شۇڭا كوممۇنا ھەر ۋاقىت ۋېرسالغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىلانكىچىلار قوزغىلاڭدىن كېيىنكى پارىژنى فىرانسىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يەرلىك كوممۇنا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى خالىمايتتى. بۇ قاراش مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى كومىتېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەندى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»دا: «پارىژنىڭ خەلق ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش ھەمدە خەلق ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماسلىقنى تەلەپ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. پارىژ باشقا ئۆلكىلەردىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا خەقلەرنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنى پارىژنىڭ قوينىدىن تارتىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. پارىژ ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ فىرانسىيەنىڭ پايتەختى، جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ئايرىلمايدىغان بېشى ۋە يۈرىكى» دېيىلدى. كۆپ سانلىقلار قوزغىلاڭدىن كېيىنكى پارىژ بىرلىككە كەلگەن فىرانسىيەنىڭ پايتەختى بولۇشى، پارىژ كوممۇناسى فىرانسىيەنىڭ مەركىزىي

ھۆكۈمىتى بولۇشى كېرەك، دېگەندە چىڭ تۇردى.
پىرۇدونچىلار ۋە مۇستەقىل ئىنقىلابچىلار ئىچىدىكى باشقا بىر قىسىم كىشىلەر كوممۇنا پارىژنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭ ئورنى فىرانسىيەدىكى باشقا شەھەرلەر بىلەن ئوخشاش، پارىژ ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ پۈتۈن مەملىكەتكە قوماندانلىق قىلالمايدۇ، پەقەت «ئاپتونومىيە ۋە بىرلىشىش»تىن ئىبارەت پىرىنسىپنى، يەنى ھەربىر شەھەر مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ھەرقايسى شەھەرلەر ئەركىن بىرلىشىش پىرىنسىپىنى قوللىنىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار يەنە «كوممۇنا پارىژ خەلقى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئىكەن، ئۇنداقتا ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە، كوممۇنا كىشىلەرنى كوممۇنانىڭ پۈتكۈل فىرانسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا دەسسەش غەرىزى بار دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، گۇمان پەيدا قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك» دەپ قارىدى. پىرۇدونچى بېرى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كوممۇنا كومىتېتى يىغىنىدا پارىژ كوممۇناسىنى يەرلىك ھوقۇقنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئاپتونومىيەنىڭ ئۈلگىسى، دېدى. بېرى يەنە: «شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تولۇق مۇستەقىللىققا ۋە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى» دېدى. ئۇ يەنە: «تىنچلىق ۋە ئەمگەك! مانا بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىمىز!... بۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي گۈللىنىشىمىزنىڭ كاپالىتى» دېدى.
ئېنىقكى، بۇ ئىختىلاپقا كۆپ سانلىقلار توغرا تەرەپتە تۇردى، ئاز سانلىقلارنىڭ خاتا تەرەپتە تۇردى. ماركس ئاز سانلىقلارنىڭ خاتالىقىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، يېڭى تارىخىي ئىجادىيەت كۆپ ھاللاردا ئاز سانلىقلار ئىلگىرىكى بار بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنى كۆچۈرۈۋالدى، دەپ قارالغاندەك، ھازىرقى

زامان دۆلەت هاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلىغان كوممۇنانى هوقۇقىنىڭ مەركىزىگە مەركەزلىشىشكە قارشى چىققان ئۇتتۇرا ئەسىر كوممۇناسىنىڭ تىرىلىشى دېگەن خاتا چۈشەنچە پەيدا بولدى. لېكىن، يېقىنقى زاماندا بولسا مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈچلۈك ئامىلى[①] بولۇپ قالدى، شۇڭا مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئاز سانلىقلارنىڭ بۇ قارىشى ئىنتايىن خاتا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتىمۇ زىيانلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنقىلابىي پارىژغا 17 كىلومېتىرلا كېلىدىغان ۋېرسال هۆكۈمىتىنىڭ ئىپادىلىگەن ئادەم يەيدىغاندەك دۈشمەنلىك غەرىزىگە سەل قاراپ، تىنچلىقتىن ئىبارەت خام خىيالغا غەرق بولۇپ كەتتى. مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «18 ـ مارت» ئىنقىلابىدىن كېيىن بىرلا غەيرەتكە كېلىپ ۋېرسالغا يۈرۈش قىلمىدى، بۇ ئاساسلىقى پىرۇدونچىلارنىڭ مۇشۇ قارىشىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يىغىنىدا دۇۋال، ئېۋد قاتارلىقلار ۋېرسالغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، «ئاۋۋال ئىنقىلابنى ئادا قىلىپ، ئاندىن كوممۇنانى سايلاپ چىقىش»نى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ پىكرى رەت قىلىندى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى چىققان پىرۇدونچىلار: «بىزنىڭ پارىژنى قوغداش هوقۇقىمىزدىن باشقا، هېچقانداق ۋەزىپىمىز يوق» دېدى.

پىرۇدونچىلار كوممۇنانىڭ ئەركىن بىرلىشىشىگە مەپتۇن بولدى، ئەمەلىيەتتە بۇ پىرۇدوننىڭ هۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. پىرۇدونچىلار قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كوممۇنا ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىگە

① ماركس: «فىرانسىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 57 ـ بەت.

ئىنقىلابىي يول ئاچتى. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولسۇن، كوممۇنا كومىتېتى فىرانسىيە مەركىزىي ھۆكۈمەتلىك رولىنى ئوينىدى.

ئىككىنچى، ئىككى مەزھەپ ئارىسىدا دىكتاتورىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. بىلانكىچىلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىكتاتورىنى كۈچەيتىش تەرەپدارى ئىدى، ئۇلار چوقۇم خەلقنىڭ نامىدا دىكتاتورىنى يولغا قويۇپ، چوڭ ھوقۇقنى بىرنەچچە ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلابقا پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئاز سانلىقلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندا دېموكراتىيەنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەشتۈرۈش يولىغا ماڭىدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يامراپ كېتەتتى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كوممۇنا كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا كوممۇنانىڭ يىغىن خاتىرىسىنى ئېلان قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش يۈز بەردى. شۇ چاغدا يېڭى ياكوبىنچىلاردىن بولغان گىروسېي «كوممۇنا يىغىنىنى ئاشكارىلىماسلىق، يىغىن دوكلاتىنى ئېلان قىلماسلىق، پەقەت يىغىننىڭ قارار خاتىرىسىنىلا ئېلان قىلىش» تەكلىپىنى بەردى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ۋېرسال بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پايدىلىق بولاتتى. ئۇ يەنە: «كوممۇنا ھەربىي كومىتېت خاراكتېرىنى ئالغان ئورگان بولۇشى، دۈشمەنگە ئۆزىمىزنىڭ مۇزاكىرە قىلغان ئىشلىرىمىزنى بىلدۈرمەسلىكىمىز كېرەك» دېدى. بۇ تەكلىپ بىلانكىچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، پرۇدونچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. چۈنكى، كېيىنكىسىنىڭ قارىشىچە، ئەگەر مۇشۇ قارار بويىچە ئىش كۆرۈلسە، ئاممىلا كوممۇنانىڭ بەس - مۇنازىرە مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنانى نازارەت قىلغىلى بولمايتتى، دېموكراتىيە زىيانغا ئۇچرايتتى. لېكىن، نەتىجىسى يەنىلا كۆپ سانلىقلارنىڭ تەشەببۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ ۋە 24 ـ كۈنلىرىدىكى ئىككى قېتىملىق كوممۇنا يىغىنى جىنايەتچىلەرنى ئايرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپلىگەن ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يولغا قويۇلغان جىنايەتچىلەرنى ئايرىش تۈزۈمى توغرىسىدا خىلمۇخىل پىكرى بولدى. پىرۇدونچى ئارنۇلد، تېيس قاتارلىقلارنىڭ مۇئامىلىسى ئەڭ كەسكىن ئىدى، ئۇلار بۇ تۈزۈمنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ھەرقانداق بىر كوممۇنا ھەيئەت ئەزاسىنىڭ تۈرمىگە بېرىپ جىنايەتچىلەرنى زىيارەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى ئاڭلاش ھوقۇقىنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. كوممۇنا ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى، بىلانكىچى رىگول بىلەن ئارنۇلد بەس ـ مۇنازىرە قىلدى، دىگولنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇرۇش مەزگىلى، ئەگەر كوممۇنانىڭ ھەربىر ئەزاسى جىنايەتچىلەرنى زىيارەت قىلغىلى تۇرسا، ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە پۇرسەت بېرىپ قوياتتى. ئاخىر بەس ـ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى رىگولنىڭ ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئاخىرلاشتى (ئەمما كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، رىگول يەنە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە كوممۇنا باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى).

كوممۇنا ئەزالىرى ئىككى مەزھەپنىڭ ئاخىر بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار تېزلەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پارىژ 19 ـ رايون تەپتىش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ پارىژنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلار «خەۋپ ـ خەتەرلەردىن بارغانسېرى ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇڭا تېخىمۇ زور غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ». كوممۇنانىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كوممۇنا دەرھال

تولۇق ھوقۇقلۇق رەھبەرلىك يادروسى — ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. 19 - رايون تەپتىش كومىتېتى ئاخىر بۇ مەسىلىدە قارار چىقاردى. كوممۇنا كومىتېتى ئىچىدىكى بىلانكىچى مىئو 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇش، بەش ھەيئەت ئەزاسىدىن تەشكىل تاپىدىغان بۇ كومىتېت ئەڭ چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇش تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىئونىڭ تەكلىپ لايىھەسى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، كوممۇنا ئۈچ قېتىملىق يىغىندا ئۇنى مۇزاكىرە قىلدى. زور كۆپچىلىك بىلانكىچىلار مۇشۇنداق بىر ھوقۇق مەركەزلەشكەن ئورگاننى بۇرۇنلا قۇرۇش كېرەك ئىدى، بولمىسا كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ھەربىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ پىرۇدونچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم بىر سەۋەب: تولۇق ھوقۇقلۇق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇش «ئىستىبداتلىققا قايتىش»، «كوممۇنانىڭ دېموكراتىك پرىنسىپىنى بۇزۇش» ھېسابلىناتتى. ئەمما، كۆپ سانلىقلار ئاز سانلىقلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي بۇ تەكلىپنى زورلۇق بىلەن ماقۇللىدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۈنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتىنى سايلاشقا پىرۇدونچىلار كوللېكتىپ بويىچە قارشى چىقتى (ئايرىم بىلانكىچىلارمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە قاتناشتى). شۇڭا، سايلاپ چىقىلغان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ سانلىقلار ئىدى. 5 - ئاينىڭ 13 ~ 15 - كۈنلىرى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى كوممۇنا كومىتېتىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىقلارنى تازىلىدى. 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاز سانلىقلار يوچتا ئىدارىسىگە يىغىلىپ، كۆپ سانلىقلاردىن ئوچۇق - ئاشكارا ئايرىلىپ كېتىدىغان «ئاز سانلىقلار خىتابنامىسى»نى

ماقۇللاپ، كۆپ سانلىقلارنىڭ كوممۇنانى ھاكىمىيەتنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە بۇ «ئىستىبدات ئورگان»نى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە كوممۇنا يىغىنىغا قاتناشماي، سايلىغان رايونغا قايتىپ باشقۇرۇش رايون مەھكىمىسىگە بېرىشنى ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەتىسى «ئاز سانلىقلار خىتابنامىسى» گېزىتتە ئاشكارا ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پىكىر ئىختىلاپى ئاخىر ئاشكارىلاندى.

بۇ خىتابنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پارىژ جامائەتچىلىكىدە غۇۋغا كۆتۈرۈلدى، ۋېرسالنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى ئىچى تارلىق قىلىشتى. كوممۇنادىكى خىلمۇخىل مەزھەپلەرنىڭ قارشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى، ئاممىۋى كۇلۇبلارمۇ ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئىككى مەزھەپنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. پارىژنىڭ ھايات ـ ماماتلىق خەۋپلىك پەيتتە قالغانلىقىنى، بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئىنقىلابقا پايدىسىزلىقىنى بىلگەن ئاز سانلىقلار ئىچىدىكى 15 ھەيئەت ئەزاسى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پارىژغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. لېكىن، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىششنى زادى ئوڭشىغىلى بولمىدى، بۇ ئەھۋال 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋېرسال ئارمىيەسى پارىژغا ھۇجۇم قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

سالماقلىق بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندا، بۇ قېتىمقى بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى كۆپ سانلىقلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئىختىلاپنى ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى پەيدا قىلغانىدى. ئۇلار ئاز سانلىقلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ قېتىمقى كۆرەش ۋە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، تولۇق ھوقۇقا ئىگە بولداق بىر ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئاز سانلىقلار، ھەتتا شەخسنىڭ مۇستەبىتلىك ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېنىق ئىدى، بۇ پارتىژ پىرولېتارىياتى ئىجاد قىلغان پىرولېتارىيات دېموكراتىيەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن باراۋەر ئىش بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، كۆپ سانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي قوتقۇزۇش كومىتېتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى بىلانكىنىڭ دىكتاتۇرا ھەققىدىكى خاتا تەشەببۇسىنىڭ گەۋدىلىنىشى ئىدى. بىلانكىنىڭ نەزىرىدىكى دىكتاتۇرا ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «پۈتكۈل ئىنقىلابىي سىنىپ، يەنى پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئەمەس، بەلكى تۆيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ دىكتاتۇرىسى، يەنە كېلىپ بۇ كىشىلەر ئاۋۋال بىر ئادەم ياكى مەلۇم بىرنەچچە ئادەمنىڭ دىكتاتۇرىسى ئاستىغا تەشكىللىنىدۇ.»[1]

ئەمدى ئىككى مەزھەپ كۈرىشىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، بۇ ئىككى مەزھەپ ماركسىزمچى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كوممۇنا ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. مەيلى كۆپ سانلىقلار ياكى ئاز سانلىقلار بولسۇن، ئۇلار ئاما ئىچىگە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلارغا بولغان ساداقەتمەنلىكى، ئاما بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش ئىرادىسى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ياراتقان ئىشلار ھەمدە پىداكارلىق روھى بىلەن

[1] ئېنگېلس: «مۇساپىرلار ئەسەرلىرى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 244 ـ بەت.

سىلىشتۇرغاندا ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ۋېرسال ئارمىيەسى پارىژغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنقىلاب ھاياتـ ماماتلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئاخىر ئىككى مەزھەپ ئىلگىرىكى غۇم ـ ئاداۋەتلىرىنى تۈگىتىپ، كوممۇنانى قوغداش كۈرىشىگە بىللە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئۆزئارا كۈرىشى شەخسىي ئاداۋەتتىن ئەمەس، بەلكى قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولغان ئىش ئىدى. ئىختىلاپلارنى تارىخ پەيدا قىلغان، كوممۇنا ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بارلىق كىشىلەر مەيلى قايسى مەزھەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ.

ئىككىنچى، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەرەققىي قىلىپ بۆلۈنۈپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، بىرەر مەزھەپ ئوخشىمىغان سىياسىي قاراش بىلەن يەنە بىر مەزھەپكە ئىنتايىن ئېغىر تەدبىر — ياكوبىنچە تېررورلۇق قوللانمىدى، دار ئالدىغا ئاپىرىپ قارشى تەرەپنى يوقاتقىنى يوق. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تازا ئۆتكۈرلەشكەندە، كۆپ سانلىقلارنىڭ بىر گېزىتى ئاز سانلىقلارنى «بىر توپ قورقۇنچاقلار»، «خائىن» دەپ ئاتىدى ۋە ئۇلارنى قولغا ئېلىپ سوتقا تاپشۇرۇش ھەمدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش كومىتېتىنى چاقىرىلغا ئېلىنىۋالغان كۆپ سانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كاتتا ھوقۇقىنى ئىشلەتمەي، ئاز سانلىقلارغا «دۈشمەن» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى دار ئالدىغا ئېلىپ باردى. پارىژ 4 ـ رايونى سايلىغۇچىلار چوڭ يىغىنى ئاچتى، يىغىندا كۆپ سانلىقلار ۋەكىلى بىلەن ئاز سانلىقلار ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى تولۇق بايان قىلدى، پىكىرلەرگە خەلق باھا بەردى. يىغىن ئىككى مەزھەپنىڭ پىكىرلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىتتىپاقلىق روھىغا تولغان تەكلىپ لايىھەسىنى ماقۇللىدى. تەكلىپ لايىھەسىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «4 ـ رايوندىكى

سايلىغۇچىلار يىغىنى ۋەكىللىرىنى زادى ئەيىبلىمەي، ئۇلارنىڭ كومموناغا قايتىپ كېلىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا چاقىرىدۇ ۋە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بايان قىلغان پىكرىگە مەسئۇل بولۇشى ئۈچۈن كوممۇنا يىغىنلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.» پارىژ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چوڭ ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىشتەك بۇنداق روھ قەدىرلىنىشكە، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

لېكىن، ئىككى مەزھەپ كۆرۈشى كۆپلىگەن خەيرلىك چاغلارنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى، ناھايىتى نۇرغۇن زېھنىي كۈچنى ئىسراپ قىلىۋەتتى، ئاخىر بىرىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

## 5. پارىژنى قوغداش جېڭى ۋە كوممۇنانىڭ مەغلۇپ بولۇشى

تيېر ھۆكۈمىتى ۋېرسالغا قېچىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن ۋېرسال ئەكسىلئىنقىلابىي بازىغا ئايلاندى.

دەسلەپ ۋېرسال ھۆكۈمىتىنىڭ پارىژدىن قېچىپ چىققان تەخمىنەن 15 مىڭ ئەسكىرىنىڭ پارىژ ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى، شۇڭا تيېر سۇيىقەستلىك ۋە ھىيلىگەرلىك ۋاستىلەرنى قوللاندى. بىرىنچى، تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە پارىژ كوممۇناسىنىڭ ئىقتىدارىنى ھاقارەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر مەنىۋى جەھەتتىن پارىژنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىككىنچى، پارىژنىڭ بەزى رايون باشلىقلىرىنى كوممۇنانىڭ سايلىمىنى كەينىگە سۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى كومىتېتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى يۆتكەپ، ۋېرسالغا ھۇجۇم قىلىشنى كېچىكتۈرمەكچى بولدى.

ئۆچىنچى، پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىيېر قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارە ـ ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ، ۋېرسالنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى، يەنى ھەممە يەرلەردە ئەسكىرىي كۈچنى شوراپ، بىسماركقا يېلىنىپ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچىلەر پارىژ كوممۇناسىنى «دەھشەتلىك بالايىئاپەت» دەپ قاراپ، پارىژ ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنى تاقەتسىزلىك بىلەن تەلەپ قىلدى. چار پادىشاھ ئالېكساندر II بىسماركنىڭ تىيېر ھۆكۈمىتىنىڭ پارىژ ئىنقىلابىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ھەدەپ تەلەپ قىلدى. بىسمارك دەسلەپ يالغاندىن بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن، ناھايىتى تېزلا ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، بىر قىسىم فىرانسىيە ئەسىرلىرىنى قويۇپ بەردى. شۇڭا، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ۋېرسالنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 65 مىڭ ئادەمگە يەتتى. ئىككىنچى ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى مارشال ماكماخون باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەن ۋېرسال ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پارىژغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. شۇ چاغدا پارىژ كوممۇناسىنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشكە يېتەرلىك كۈچى بار ئىدى، يەنى ئادەم سانى كۆپ بولۇپ، تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىققا ئىگە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مىڭلىغان توپ ـ زەمبىرەكلەرگە ۋە يېتەرلىك قورال ـ ياراغلارغا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارىژ كوممۇناسىنى ئامما پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايتتى. لېكىن، كوممۇنانىڭ ھەربىي رەھبەرلىكى بىرلىككە كەلمىگەن، قوماندانلىق ھوقۇقى كوممۇنا ھەربىي كومىتېتى ۋە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قولىدا بولۇپ، قەدەم بىرلىكى يوق ئىدى، بەزى چاغدا بىر ـ بىرىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى. مىللىي

قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ مەشىق قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس، زەمبىرەكلىرى كەمچىل، تەگدىن تولىسى ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلغانىدى، شۇڭا كوممۇنانىڭ قوشۇنلىرى ۋېرسال ئارمىيەسى بىلەن دەسلەپكى ئېلىشىشتىلا پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، پارىژنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى بەزى مۇھىم تايانچ نۇقتىلىرى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ۋېرسال ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى دەرھال پارىژ ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. مەيدان، كوچىلارغا ھاياجانغا چۆمگەن كىشىلەر يىغىلىپ، جەڭگە قاتنىشىشنى بەس ـ بەستە تەلەپ قىلدى. كوممۇنا كومىتېتى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ ھەربىي پىلاننى تەتقىق قىلدى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈپ، ۋېرسالغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئوڭ يۆنىلىش ئارمىيەسىگە بېرژېرې ۋە فىلۇرېنس باشچىلىق قىلدى، ئوتتۇرا يۆنىلىش ئارمىيەسىگە لانژىئې ۋە ئاۋلىئار مەسئۇل بولدى، سول يۆنىلىش ئارمىيەسىگە دۇۋال قوماندانلىق قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھەربىي ھەرىكەت باشلاندى. دەسلەپ مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتى خېلىلا ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئوڭ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋېرسالنىڭ شىمالىدىكى رۇئېينى ئىشغال قىلدى. سول يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋېرسالنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىرنەچچە كىلومېتىر يەرگىچە ئىلگىرىلەپ باردى. لېكىن، دەسلەپكى قەدەمدە پۇختا پىلان، ئەمەلىي تەجرىبە كەمچىل بولغاچقا، يەنە كېلىپ ياردەمچى قوشۇن كەلمەي، دۈشمەننىڭ شىددەتلىك توپقا تۇتۇشى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. دۈشمەن فىلۇرېنسنى قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. دۇۋال جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ۋە دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. دۇۋال ئۆلۈش ئالدىدا «ياشىسۇن كوممۇنا!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ۋېرسالغا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش ئوڭۇشسىزلىققا

ئۈچرىغاندىن كېيىن، كىلىيۇسېر كوممۇنانىڭ ئالىي ھەربىي رەھبىرى بولۇپ قالدى. ئۇ باكونىنچى بولۇپ، شۆھرەتپەرەس، مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى، مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىدە خاتا چىڭ تۇراتتى ۋە مۇداپىئە بولغاندىلا يامان ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ چۇشۇرگەن بۇيرۇقىدا: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تاجاۋۇز قىلىنىشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش، چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تونۇپ يەتتۇق. ئۆزىمىز تەرىپىدىن ئېيتقاندا، مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىزغىلا توغرا كېلىدۇ» دېدى. كىلىيۇسېرنىڭ پاسسىپ مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسى كوممۇناغا غايەت زور زىيان يەتكۈزدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋېرسال ئارمىيەسى پارىژنىڭ غەربىي رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى. ناھايىتى زور ھەربىي قىممەتكە ئىگە سېنا دەرياسىدىكى كېچىك ــ نېيى كۆۋرۈكى قولدىن كەتتى. لېكىن، پارىژ ئارمىيەسى توختاۋسىز قارشىلىق كۆرسەتتى، 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە كەلگەندە دۈشمەن سېنا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى رايونلارنى بېسىۋالدى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پارىژنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى زەمبىرەك ئىستىھكامى قولدىن كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تىيېر گېرمانىيە ئوتتۇرىغا قويغان فىرانسىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويدى. بىسمارك دەرھال 100 مىڭ ئەسىرنى قويۇپ بەردى ھەمدە ۋېرسال ئارمىيەسىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىدىن ئۆتۈپ شىمال تەرەپتىن پارىژغا ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويدى. شۇ چاغدا تىيېرنىڭ خورىكى شۇنچە ئۆسۈپ، «قولىمىزدا قانۇننى تۇتۇپ پارىژغا كىرىمىز»، پارىژغا «ھەرگىز رەھىم ـ شەپقەت قىلمايمەن» دەپ جار سالدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋېرسال ئارمىيەسى جاسۇسلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، مۇداپىئەسى چىڭ بولمىغان سېن كىلۇ

دەرۋازىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپلا، پارىژ شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىردى، ئارقىدىنلا دۈشمەن ئارمىيەسى ئوتېيل، پاسسى، شېفېر ھەمدە ۋېرسال دەرۋازىلىرىنى ئىشغال قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە بۇ بەش شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەن پارىژ شەھەر رايونىدىكى دۈشمەن 90 ~ 100 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن پارىژنى قوغداش جېڭى باشلاندى.

بۇ جەڭدە كوممۇنالىقلار ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالدا قالدى: ۋېرسال ئارمىيەسى غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن پارىژ شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گېرمانىيە ئارمىيەسى تىيېرنىڭ تەلىپى بىلەن شىمال ۋە شەرق تەرەپتىن مۇھاسىرىنى كۈچەيتكەچكە، كوممۇنانىڭ ئارمىيەسى ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم ئىچىدە قالدى.

لېكىن، كوممۇنالىقلار باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كوممۇنا «پارىژ خەلقى ۋە مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسىگە ئۇقتۇرۇش» ئېلان قىلىپ، «يوقىرالار، قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار!» دەپ چاقىرىق قىلدى. چاقىرىقنامىدە: «سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار سىلەر بىلەن بىللە كۈرەش قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا سىلەر بىلەن بىللە جان پىدالىق كۆرسىتىدۇ» دەپ يېزىلدى.

پارىژ خەلقى كوممۇنانىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېمەي ھەممەيلەن جەڭگە ۋە قوغدىنىش خىزمىتىگە بەس ـ بەستە قاتناشتى. پارىژ خەلقى كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك كوچا ئىستىھكاملىرىنى ياسىدى، خوتۇن ـ قىزلار ۋە بالىلارمۇ بۇ ئىشقا قاتناشتى. ئىككى كۈندىلا شەھەر ئىچىنى كوچا ئىستىھكاملىرى بىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەھرىمان پارىژلىقلار ھەربىر ئېغىز ئۆي، تام ھەمدە توسالغۇلارنىڭ دالدىسىغا پاناھلىنىپ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە زەربە بەردى.

خوتۇن ـ قىزلارمۇ كوممۇنانى قوغداش جېڭىگە ئاتلاندى.

بەزىلىرى كوچا ئىستىھكاملىرىنى چىڭ ساقلاپ دۈشمەنگە زەربە بەردى، بەزىلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى قۇتقۇزدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، تەخمىنەن 10 مىڭ خوتۇن ـ قىزلار جەڭگە قاتناشتى. ئاياللار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى مىشېل تولۇق قوراللانغان قىسمىنى باشلاپ، باشتىن ـ ئاخىر ئالدىنقى سەپ بازىلىرىدا جەڭ قىلدى.

پولشالىق ئىنقىلابچى دومبروۋسكىي شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كۆپ قېتىم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مونتمارتر ئېگىزلىكىنى قوغداش جېڭىدە باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا: «مېنىڭ ھاياتىمنىڭ كارى چاغلىق، سىلەر ئامال قىلىپ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزدى قىلىڭلار!» دېدى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە ھەربىي كومىتېتنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ۋارلىن جەڭگاھتا مەھكەم تۇرۇپ جەڭنى تەشكىللىدى. ئۇ بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا، بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا يۆتكىلىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلدى ۋە كوممۇنانى قوغداش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تىيېر ھۆكۈمىتى بىسماركنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سېپىدىن ئۆتۈپ، شىمالىي ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدىن پارىژغا ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا، كوممۇنانىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پارىژنىڭ كۆپ قىسمى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كوممۇنانىڭ ئاخىرقى بىر كوچا ئىستىھكامىنى دۈشمەن ئىگىلىۋالدى. دەبدەبىلىك پىرولېتارىيات ئىنقىلابى مانا مۇشۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەكسىلئىنقىلابىي تېررورلۇق باشلاندى. جەڭگە قاتناشقانلار، ئىشقىلىپ، كۆڭلىكىدە قان دېغى بارلىكى كىشىلەر، ھەتتا

ئىشچى فورمىسى كىيگەنلەرنىڭ بىر ىمۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنىپ كوللېكتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەنلەر قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن چاچما سىنارەد ئىشلەتتى. دۈشمەن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرىگە قىلچە رەھىمدىللىك قىلمىدى. ۋارلىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قولى ئارقىغا باغلىنىپ مونتماترنىڭ قىيپاش كوچىسىدا تويتوغرا بىر سائەت سۆرەپ مېڭىلدى. دۈشمەن قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قاتتىق يارىدار قىلدى، قىپقىزىل قان بەدىنىنى بويلاپ ئاقتى. لېكىن، ئۇ مەردانىلىك بىلەن تىك تۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا باش ئەگمەسلىكتەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. ئاخىر دۈشمەن ۋارلىنغا ئوق ئاتتى، ئۇ يىقىلدى، ئەمما جان تالىشىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنلۇك ئاۋازدا: «ياشىسۇن كوممۇنا !» دەپ توۋلاپ جان ئۈزدى. ۋارلىن قۇربان بولغاندا 32 ياشتا ئىدى.

ئاق تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، جەمئىي 30 مىڭ ئادەم قىرغىن قىلىندى، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 46 مىڭ ئادەم ھەربىي سوتقا تارتىلدى، 200 دىن كۆپرەك ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، 13 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە قاماق جازاسى ياكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، 7000 ئادەم سۈرگۈن قىلىندى.

## 6. ماركس ۋە كوممۇنا، پارىژ كوممۇناسىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

ماركس 1870 ~ 1871 ـ يىللىرىدىكى فىرانسىيە ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىنى باشتىن ـ ئاخىر دىققەت بىلەن كۆزەتتى ھەمدە كوممۇنانىڭ تەقدىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئاجايىپ بىر خۇشاللىق بىلەن كونا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ پاچاقلىنىپ تاشلانغانلىقىنى ۋە يېڭىچە پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت پارىژ

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنى كۆردى.
ماركس ھەرخىل يوللار ئارقىلىق كوممۇنا بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. پارىژ ۋە ئىنتېرناتسىيونال ياچېيكىلىرىغا بەرگەن يوليورۇقلىرىدا ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ماركس پارىژنىڭ فىرانسىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئالاقە ئورنىتىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى، پارىژنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى توغرۇلۇق كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس كوممۇنانىڭ ھەيئەت ئەزالىرىغا يازغان خېتىدە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى تۇتىشىدىغان مونتماتر ئېگىزلىكىدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەردى، چۈنكى ئۇ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ۋېرسال ئارمىيەسىنى ئۆزىنىڭ مۇداپىئە سېپىدىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىنلىكىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ يەنە كوممۇنانى تىيېر بىسمارك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پارىژ ئىنقىلابىنى باستۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ماركسنىڭ ئالدىنئالا دېگەن گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.
ئەلۋەتتە، ماكس پارىژ ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنى مەدھىيەلەش ھەمدە ئۇلارغا ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارىژ كوممۇناسىنىڭ خاتالىقىنى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە كەڭچىلىك قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىد قىلدى ۋە «سىلەرنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ھەم خۇسۇسىي تالاش ـ تارتىشلارغا ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاقتىڭلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى» دېدى.
ماركس ئىنتېرناتسىيونال باش كومىتېتى ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەت ياچېيكىلىرىغا ئەۋەتكەن بىرنەچچە يۈز پارچە خېتىدە كوممۇنانىڭ خاراكتېرىنى تونۇشتۇردى، كوممۇنانىڭ پرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ھەرقايسى دۆلەت

پىرولېتارىياتلىرىنى كوممۇناغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى، بولۇپمۇ ماركس پارتىژ خەلقى جاپالىق بىلەن قىلىۋاتقان پارتىژنى قوغداش جېڭىدە بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال باش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىنى كەسكىنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، فىرانسىيە ئىچكى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خىتابنامىنى تۈزۈپ چىقتى. ماركس خىتابنامىدە تىيېر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ بىسمارك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كوممۇنانى باستۇرغانلىق جىنايى قىلمىشىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، پارىژ پىرولېتارىياتى ياراتقان كوممۇنانىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيەلىدى ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ كوممۇنا ھەمدە بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىگە كەسكىن رەددىيە قايتۇردى، شۇنىڭدەك كوممۇنانىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ چىقتى.

كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ كوممۇنا مۇساپىرلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى.

كوممۇنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شەپقەتسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىنغان مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان فىرانسىيەلىكلەر يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەللەردە قېچىپ يۈردى. ئۇلار ئاساسلىقى ئەنگلىيەنىڭ لوندون ۋە شۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھەرلىرىدە مۇساپىرچىلىق تۇرمۇش كەچۈردى. يەنە بەزىلىرى بېلگىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە قېچىپ يۈردى. فىرانسىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنى بوش قويۇۋەتمىدى، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ سەرگەردانلارنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەسلىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى بويىچە ئېيتقاندا، چەت ئەلدىكى سىياسىي

مۇساپىرلار قانۇنلۇق ھالدا پاناھلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئايانماستىن پاكىت ئويدۇرۇپ، بۇ قېچىپ سەرگەردانلارنى ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى دەپ تۇرۇۋالدى ۋە مۇشۇنداق رەزىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بۇ سەرگەردانلارنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ سەرگەردانلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەنگلىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ماركس پائال ھەرىكەت قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ فىرانسىيە مۇساپىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. ئۇ ئىنتېرناتسىيونال باش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ فىرانسىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولچومىقى بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ نۇتقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باش كومىتېت يىغىنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا فىرانسىيە ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا پاش قىلىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ھەقىقەتەن بىر خىل بېسىم بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇساپىرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە توسۇش رولىنى ئوينىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي فىرانسىيەدە تۇرۇپ قالغان كوممۇنالىقلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتىنى بېجىرىشىگە ئامالىنىڭ بارىچە ياردەم قىلدى.

چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن كوممۇنالىقلارنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا، ئۇلار تۇرمۇشتا بەكمۇ قىينالدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ مۇساپىرلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش

ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئىنتېرناتسىيونال باش كومىتېتى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش فوندى تەسىس قىلدى ھەمدە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس باشلامچىلىق قىلىپ ئىئانە بەردى. ئىككىيلەن مۇساپىرلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەم قىلدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇساپىرلارغا سىياسىي جەھەتتىنمۇ ياردەم بەردى. شۇ چاغدا مۇساپىرلار ئىچىدە كۆپلىگەن تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى، ماركس بىلەن ئېنگېلس تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ تەشكىلاتلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بەردى. ئۇلار يەنە تارقىلىپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىغا ياردەم قىلدى.

كوممۇنانىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «18 ـ مارت» ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دەرھال ۋېرسالغا يۈرۈش قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا قاتتىق زەربە بېرىلمىدى. ۋېرسال بىلەن بولغان جەڭدا مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسى قوللىنىلدى. فرانسىيە بانكىسى مۇسادىرە قىلىنمىدى.

ئىككىنچى، كوممۇنا پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۆرۈشىدە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى. يەنە كېلىپ كوممۇنا كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۈچىنچى، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقى قۇرۇلمىدى. ئەلۋەتتە، كوممۇنا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆرەشكە قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، كوممۇنا شەھەر ئىچىدە

مۇھاسىرىدە قالغان بولغانلىقتىن، ھەرقايسى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلدى. كوممۇنا دېھقانلار ئۈچۈن 100 مىڭ پارچە مۇراجىئەتنامە بېسىپ، ھىندروگېنلىق شار بىلەن تارقاتماقچى بولدى، ئەمما بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

تۆتىنچى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق جازالىمىدى، ھەتتا پارىژدا نەشر قىلىنىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى.

لېكىن، يەنىلا ئاساسلىقى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ئىدى.

ياۋروپا كاپىتالىزم دۇنياسى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئىنقىلابىي ۋەزىيەت تېخى بارلىققا كەلمىگەنىدى، شۇڭا ھەرقايسى دۆلەت پىرولېتارىياتلىرى فىرانسىيە ئىنقىلابىغا كۈچلۈك ياردەم قىلالمىدى. يەنە بىر جەھەتتە فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ۋاقىتلىق بولسىمۇ، تۈنۈگۈنكى دۈشمىنى گېرمانىيە ھۆكۈمران سىنىپى بىلەن كۈچلۈك ئىتتىپاق تۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەنىڭ ئون نەچچە ئۆلكىسىنى بېسىۋالغان، يەنە ۋېرسال ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە پارىژنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقتىن، كوممۇنانىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتكە تەرەققىي قىلالمىدى.

پارىژ كوممۇناسى مەغلۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئىدى.

بىرىنچى، پارىژ كوممۇناسى پىرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تۇنجى سىنىقى، پىرولېتارىيات دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ تەجرىبە قىلىنىشى بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى قالدۇردى.

ماركس 1848 ~ 1852 ـ يىللىرىدىكى فىرانسىيە سىنىپىي كۈرىشى تارىخىنى يەكۈنلەپ: «ئىشچىلار سىنىپى كېيىنكى قېتىملىق ئىنقىلابتا تەييار دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىن ئاددىي

پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شۇ چاغدىكى سىنىپىي كۈرەش تەيپار تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرالمىغاچقا، ماركسىزم قانداق دۆلەت شەكلىنى كونا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق بىرنېمە دېيەلمىدى. پارىژ كوممۇناسى ئاخىر پاچاقلاپ تاشلانغان كونا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدىغان سىياسىي شەكىلنى بايقىيالمىدى. لېنىن بۇنى «كوممۇنا تىپىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت»① دەپ ئاتىدى. بۇ يېڭىچە دۆلەتتە ھۆكۈمەت خەلقنى ئېزىدىغان ئورگاندىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگانغا، خەلق ئېزىلگۈچىدىن دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىناتتى. ماركس بۇ يۈرەكلىك ئىجادىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئىككىنچى، پارىژ كوممۇناسى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمىنىڭ نەمۇنىسىنى تىكلىدى.

كوممۇنانىڭ ئىنتېرناتسىيونالىلىق روھى كۆپ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال كوممۇنانىڭ كۈرەشى داۋامىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، يەنە كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى، چۈنكى، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە كوممۇنا كومىتېتىدىكى پرۇدونچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزالىرى ئىدى، كوممۇنانىڭ ھەرقايسى سەپلىرىنى جانلاندۇرغان تالاي مەشھۇر شەخسلەر چەت ئەللىك ئىنقىلابچىلاردىن ئىدى. كوممۇنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان، شۇنىڭدەك ئەمگەكچى ئاممىنىڭ پاراۋانلىقىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن فىرانكېل ۋېنگرىيەلىك ئىشچى ئىدى. كوممۇنانىڭ مەشھۇر گېنېراللىرى دومبروۋسكىي ۋە

① لېنىن: «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 3 ـ نەشرى، 219 ـ بەت.

ۋىروبلېۋسكىي پولشالىق ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كوممۇنا بايرىقى ئاستىدا كۆرەش قىلغان نۇرغۇن چەت ئەللىك ئىنقىلابچىلار ئىچىدە ۋېنگىرلار ۋە پولشالىقلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاۋستىرىيەلىكلەر، بېلگىيەلىكلەر، رۇسىيەلىكلەر ۋە ئىتالىيەلىكلەرمۇ بار ئىدى. پەقەت پولشا تەۋەلىكىدىكى كوممۇنالىقلارلار 500 ~ 600گە يېتەتتى. رۇسىيەلىك ئايال ئىنقىلابچى ئېلىزابېت دېمىترىۋا كوممۇنانىڭ مەشھۇر ئايال رەھبىرى ھېسابلىناتتى. فىرانكېل كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا: «مەن بۇنىڭغا شەخسىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلمىدىم، يەنە كېلىپ ھەيئەت ئەزالىقىنى خەلقئارا خاراكتېرلىك بىر تەدبىر دەپ بىلدىم» دېدى.

كوممۇنانىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھى ۋېندوم تۈۋرۈكىنى چېقىپ تاشلاشتا ئەڭ كۆچلۈك ئىپادىلەندى. بۇ ناپولېيون I نىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان تۈۋرۈك بولۇپ، ناپولېيون I نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغانىدى. پارىژ پىرولېتارىياتى خېلى ئۇزۇندىن بېرى تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ تۈۋرۈكنى چېقىۋېتىشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. 1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پارىژدا تەسىرى كۈچلۈك «خەلق ساداسى گېزىتى» تەنتەنىلىك ھالدا زەپەر تۈۋرۈكىنى چېقىپ تاشلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلقنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارىژ كوممۇنا كومىتېتى «ۋېندوم مەيدانىدىكى تۈۋرۈكنى چېقىۋېتىش كېرەك» دەپ پەرمان چىقاردى. بۇ پەرمان پارىژ شەھىرىدىكى ئىشچىلار ۋە ئىلغار ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېندوم مەيدانىدا تۈۋرۈكنى چېقىۋېتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، خۇددى سەلدەك لۆمشىپ تۇرغان ئامميىنىڭ تەنتەنە ساداسى ۋە «مارسېيل مارشى»نىڭ كۈچلۈك

ساداسى ئىچىدە تۆۋرۆك ئۈستىگە ئورنىتىلغان ناپولېيون I نىڭ مىس ھەيكىلى ئۆرۈپ تاشلاندى. بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرگۈچى ئارنۇلد كۆرسەتكەندەك «ئۇرۇش ۋە ئىستېلا قىلىشنى ئەيىبلەشتە»، «خەلق ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئاشۇ مۇستەبىتچىنى سوت قىلىشىدا» ئىدى.

پارىژ كوممۇناسىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىلىق روھى ناھايىتى زور چەكتىن ئېيتقاندا، بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بولدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال ماركسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈزۈكسىز تۈردە پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمى بىلەن ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارا كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇپ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس فىرانسىيە ياچېيكىسىدىكى شوۋېنىزملىق كەيپىياتنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. شۇڭا، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىلىق ئىدىيەسى فىرانسىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدا بارغانسېرى ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى.

ئون سەككىزىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى ۋە مونوپولىنىڭ شەكىللىنىشى

### 1. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلى «ئەركىن» كاپىتالىزمدىن مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتۈش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇ ئېشىش ھەرقايسى دۆلەت بۇرژۇئازىيەلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرۇشى، بولۇپمۇ ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل بىلەن ئېلېكتىرودىۋىگاتېلىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى سەۋەب بولدى.

ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل بۇرۇنلا كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، پەقەت 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە گېرمانىيە ئىنژېنېرى دىزېل يېڭىلىغاندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى،

ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلغا سۈيۇق يېقىلغۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، پار قازان ئىشلىتىلمەيتتى، پار ماشىنىسىغا قارىغاندا پەكمۇ قولايلىق ئىدى.

ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاپتوموبىل ۋە ئايروپىلان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا نېفىت ئېلىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 80 ـ يىللىرى ئاپتوموبىل كەشىپ قىلىندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئايروپىلان بارلىققا كەلدى. پۈتۈن دۇنيانىڭ نېفىت ئېلىش مىقدارى 1870 ـ يىللىرى 80 مىڭ توننا بولسا، 1900 ـ يىللىرى 20 مىليون توننىغا يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كاپىتالىستلار نېفىت (ئېنېرگىيە) تالىشىپ كەسكىن كۈرەشنى باشلىۋەتتى.

ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1800 ـ يىلى گېرمانىيە ئىنژېنېرى سىمېنس ئېلېكتىر پرىنسىپىنى بايقىدى، 1870 ـ يىلى بېلگىيەلىك گرام تۇنجى گېنېراتورنى كەشىپ قىلدى، 1873 ـ يىلى ئۇ يەنە ئېلېكتىرودىۋىگاتېل ـــ توك كۈچىنى مېخانىكىلىق كۈچكە ئۆزگەرتىدىغان ماشىنىنى كەشىپ قىلدى. 1879 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئېدىسون ئېلېكتىر چىرىغىنى كەشىپ قىلدى. 1880 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئېلېكتىر چىرىغى ئائىلە تۇرمۇشىدا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 1882 ـ يىلى ئېدىسون ئېلېكتىرودىۋىگاتېلنى قاتناش جەھەتكە ئىشلىتىپ، تىرامۋايدا سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1893 ـ يىلى يەنە كىنو ئاپپاراتىنى كەشىپ قىلدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەڭ دەسلەپكى كىنوخانا بارلىققا كەلدى.

1882 ـ يىلى فىرانسىيە ئالىمى دېپېر يىراق مۇساپىلىق توك كۈچىنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت كەسپى ـــ خىمىيە سانائىتى بارلىققا كەلدى. 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۆمۈردىن